Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# 2 ـ بۆلۈم

# يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي قوشاقلار

# ئالتىنچى قىسىم
# يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي ھادىسىلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار

## 1 ـ باب
## سىنىپىي، مىللىي زۇلۇم ۋە ئۆتمۈشتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار

ئۇيغۇر خەلقى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا، ئۆتمۈشتە قاتمۇقات سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇمنىڭ ئىسكەنجىسىدە ھايات كەچۈرۈپ كەلدى. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ: «سىنىپىي كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى سىنىپلار غەلىبە قازىنىدۇ، بەزى سىنىپلار يوقىلىدۇ. مانا بۇ — تارىخ، مانا بۇ — نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى...» دەپ كۆرسەتكەندەك، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر پەيدا قىلغان بۇ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرنى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، قاراڭغۇ جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلىش روھىنى ئىپادىلىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ خىل قوشاقلىرى ھەم سىياسىي تۈس ئالغان ھەم تارىخىي تۈس ئالغان بولۇپ، ناھايىتى مول مەزمۇن، يۇقىرى بەدىئىيلىك، كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقتا ئىگە. بۇ قوشاقلارنىڭ تىلى ئاممىباب، راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇپ، كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش قىممىتىگە ئىگە. بۇ قوشاقلاردا ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ بىرقانچە تارىخىي دەۋردىن بۇيانقى ياشاش مۇھىتى، تۇرمۇش ئەھۋالى، ئۆتمۈش قاراڭغۇ جەمئىيەتتىكى ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى، كۈلپەتلىك تەقدىرى، ئەركىنلىككە، ئادالەتكە ئىنتىلىش روھى، ئەركىنلىك، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپا ـ مۇشەققەتلىك، ئەگرى ـ توقاي كۈرەش مۇساپىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ قوشاقلاردا سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش خەلق تىلى ئارقىلىق ناھايىتى ئۆتكۈر ئىپادىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر، ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرچانلىق خاراكتېرى ۋە ھەقىقىي خەلقپەرۋەرلىك ماھىيىتى سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

بۇ قوشاقلار يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىش، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنى چۈشىنىش، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا قورال كىتابلىق قىممىتىگە ئىگە.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداب سۇ،
قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.

ئاتا ـ بوۋىلار ھالى،
تەيىنىم زاماندا.
بىر مەھەللىدە بىر قازان،
زالىملار زاماندا.

يېڭىشەھەرنىڭ داۋزىسى،
كوناشەھەرگە قاراقلىق.
ئەمەلدارغا دەرد ئېيتما!
چەندازاڭغا قاراقلىق.

يەرنىڭ ئوبدىنى بايدا،
كەمبەغەلگە يەر قايدا؟
باي غوجام ياتار باغدا،
كەمبەغەل ياتار سايدا.

جىن شۇرىندىن قۇتۇلۇپ،
شىلڭ دۇبەنگە تۇتۇلدۇق.
زالىملارنىڭ قارنىغا،
تىرىك ـ تىرىك يۇتۇلدۇق.

شىڭ دۇبەندىن قۇتۇلۇپ،
گومىنداڭغا خار بولدۇق.
ياش ئورنىغا قان يىغلاپ،
پارچە نانغا زار بولدۇق.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
ھەقىقەت يول يېپىلغان.
يۇرت چوڭلىرى، بەگ، شاڭيو،
پولۇ، پۇلغا سېتىلغان.

ئوچاق بېشىدا داڭقان،
كۆك مۇشۇك ماراپ ياتقان.
گومىنداڭ تۇلۇمچاشقان،
كەمبەغەلنى قاقشاتقان.

زەپمۇ پاتقان گومىنداڭ،
كەمبەغەلنىڭ جېنىغا.
تاپقان ئاش كىرىپ كەتكەن،
پومېشچىكنىڭ گېلىغا.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
كەمبەغەلگە ئۇيقۇ يوق.
ھەممە دەردنى بىز تارتقان،
بەگ، غوجامدا قايغۇ يوق.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
كەمبەغەللەر دەرد تارتقان.

زومىگەر، پومىشچىكلار،
ئۆيىدە سايىداپ ياتقان.

گومىنداڭ ھاكىم ۋاقتتا،
تولا ئىدى ئاۋاقتا.[1]
بايلار تۇرغان جەننەتتە،
كەمبەغەللەر دوزاختا.

گومىنداڭ بار شۇ ۋاقىتتا،
قىلغانىدى كۆپ ساختا.
كۇن كۆرەلمەي ياخشىلار،
ياتقانىدى سولاقتا.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
كەمبەغەللەر ئاھ! ئۇرۇپ.
مۇرادىغا يېتەلمەي،
ئۆلۈپ كەتكەن ياش تۇرۇپ.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
كەمبەغەلدە پۇل يوقتى.
بەگ، زالىملار ئالدىدا،
ئارامخۇدا كۇن يوقتى.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
ھەممە دەردنى بىز تارتقان،
بىز راسلىغان ئاشلىقنىڭ،
مېغىزىنى باي چاققان.

گومىنداڭ، بەگ ئەزمىگەن
ياش ـ قېرىلار قالمىغان،
ناھەق قايسى، ھەق قايسى،
كۆزلىرىگە ئىلمىغان.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
كۇندۇز گويا قاراڭغۇ.
ئاشلىقىمىز ئوخشىماي،
پىشماي قالغان ـ ئالاڭغۇ.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
غالجىر ئىدى پومېشچىك،
كەمبەغەلنىڭ گۆشىنى،
تىنماي يېدى پومېشچىك.

---

① ئاۋاقتا ــ ئاجىز، مېيىپ ـ مەجرۇھلارنىڭ كۆپلۈكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

باي پومېشچىك بالىلىرى،
يورغا ئاتتا داغدايغان.
ئۈنتۈپ قالساق سالامنى،
يەيدىغاندەك ئالايغان.

دەرد بولغانۇ دەرد بولغان،
ئۆتمۈش چاغدا دەرد بولغان.
خەلقىمىزنىڭ كۈچىدە،
زومىگەرلەر باي بولغان.

زومىگەر ـ يالاقچىلار،
ھەممە يۇرتتا بەگ بولغان.
خەلقىمىزنىڭ تاپقىنىنى،
بالاخورلار يەپ بولغان.

ئويلاپ بېقىڭ دېھقانلار،
بىزلەر كۈلۈپ ئۆتكەنمۇ؟
يۈزى قارا قانخورلار،
دەردىمىزگە يەتكەنمۇ؟

ئۆستەڭ بويى قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.
گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
كەمبەغەلدەك بولغان يوق.

ئۆتەر ئىدى ئۆتمۈشتە،
كەمبەغەللەر ئاھ ئۇرۇپ.
مۇرادىغا يېتەلمەي،
ئۆلۈپ كەتكەن ياش تۆرۈپ.

زالىملارنىڭ دەستىدىن،
سۇنغانىدى ئوڭ قولۇم.
كۈلۈپ ئۆتمەي بىر كۈنمۇ،
سولاشقانتى ياش گۈلۈم.

تاۋار كۆڭلەك كىيگەنمۇ؟
دۇردۇن كۆڭلەك كىيگەنمۇ؟
گومىنداڭنىڭ دەۋرىدە،
بۇنداق راھەت كۆرگەنمۇ؟

دۆڭگە چىقىپ قارىسام،
كۆرۈندۇ جايتېرەك①
بىزنى تولا قاقشاتقان،
قانخور زالىم، تاش يۈرەك.

خەلقىمىز دەردمەن بولۇپ،
ئايرىلغان ماكانىدىن.
زادى ئارام تاپمىغان،
گومىنداڭ زامانىدىن.

زومىگەرنىڭ ئاتلىرى،
يورغىلايتتى، چاپاتتى.
ئالۋان كەلسە زومىگەر،
بىزنى ئون قىپ چاپاتتى.

زومىگەر، پومېشچىكلار،
بىزنى تولا قاقشاتقان.
ئېزىپ، يانجىپ يوقسۇلنى،
ئاش، گۈرۈچنى بۇلاشقان.

باي ـ بەگلەرنىڭ كىيىمى،
دەستە ـ دەستە بېسىلغان.
زالىملارنىڭ قولىدا،
كەمبەغەللەر ئېسىلغان.

سۇلار باشتىن يار كەتسە،
كەمبەغەلنى قوغلىغان.
سۇ كەلگەندە ئېرىققا،
پومېشچىكلار باشلىغان.

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىسەك،
بەرگەنىدى تېرىق نان.
قىلچە گۇناھ ئۆتكۈزسەك،
سولاپ قويغان شۇ ھامان.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
زار ـ زار ئىدۇق بىر نانغا.
ئالۋان ـ ياساق كەلدى، دەپ،
ئېسىپ ئۇرغان تاپانغا.

---

① جايتېرەك ـــ قاغىلىقتىكى جاي ئىسمى.

ئاتامۇ تاماس قالغان،
ئانامۇ تاماس قالغان.
گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
تېگى يوق پالاس قالغان.

ئىجارىگە يەر ئېلىپ،
پومېشچىككە ئىشلەيتتۇق.
ئۆيگە كىرسەك بىر نان يوق،
لېۋىمىزنى چىشلەيتتۇق.

كەمبەغەللەر ئۆيىدە،
يەتمىش ياماق بىر يوتقان.
بالاخور پومېشچىكلار،
ماملۇق ئۈستىدە ياتقان.

دېھقانلارنىڭ تاپقىنى،
باي غوجامغا سوۋغىتى.
باينىڭ مىنگەن ئاتلىرى،
ئالا جەدە يورغىتى.

قۇل ئورنىدا كەمبەغەل،
بايغا بېرىپ ئىشلەيتتى.
بىكار ياتقان پومېشچىك،
ئاق توقاچنى چىشلەيتتى.

پومېشچىكتە شەپقەت يوق،
بىزلەر تولا دەرد چەكتۇق.
بېشىمىزدىن كەتمىگەن،
قامچا بىلەن كۆلپەت ـ دوق.

قىشىن ـ يازۇ ئىشلىسەك،
بىزگە ئاشلىق تەگمىگەن.
بېشىمىزدا ئۇ چاغدا،
توگمەن تېشى چۆرگىلىگەن.

تەلەمەتتە[1] ئىشلىدۇق،
ئېگىز تاغنىڭ ئۇچىدا.
پومېشچىكلار باي بولغان،
كەمبەغەلنىڭ كۈچىدە.

پومېشچىكنى كۆپ بېقىپ،
كەمبەغەللەر ئاچ قالغان.

[1] تەلەمەت ـــ كۇچادىكى تاغ ئىسمى.

زۇلۇم ـ ستەم دەستىدىن،
جېنىمىزمۇ ئاز قالغان.

كەمبەغەل بىچارىنىڭ،
قورسىقىمۇ تويمايتتى.
نان! دەپ كىچىك بوۋاقلار،
بىردەم تۇرماي يىغلايتتى.

ئېزىلىشتىن يوقسۇللار،
ئەللىك ياشتىن ئۆتمەيتتى.
بىكار تۇرماي ھەر دائىم،
قۇتۇلۇشنى ئىزدەيتتى.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
پومېشچىككە ئىشلەيتتۇق.
كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىسەك،
پۇچۇق نانمۇ كۆرمەيتتۇق.

باي، پومېشچىك، زومىگەر،
كەمبەغەلنى ئېزەتتى.
گۇرۇچ، بۇغداي، قوناق دەپ،
كۈندە بەش ۋاخ كېلەتتى.

ئۆتمۇش كونا زاماندا،
يۇرتنىڭ ئىچى تار ئىدى.
زالىملارنىڭ ئالدىدا،
كەمبەغەللەر خار ئىدى.

كەمبەغەلگە ئۆتمۈشتە،
ياشاش بەك ئېغىر بولغان.
زالىملارنىڭ قامچىسىدا،
دۈمبىمىز يېغىر بولغان.

كەمبەغەللەر سۇ تۇتۇپ،
يېتىشتۇرگەن ئاشلىقنى.
ئاچ ـ يالىڭاچ ئۆتكۈزدۇق،
قېرىلىقنى، ياشلىقنى.

كۆكيارخاڭدىن① ئەكەلدۇق،
قالايدىغان كۆمۈرنى.
ئىسسىق كۆرمەي ئۆتكۈزدۇق،
ئىستىقنە ئۆمۈرنى.

① كۆكيارخاڭ ــ پىچاندىكى خاڭ ئىسمى.

بىز ئىشلىگەن، ئىشلىگەن،
باي، غوجامغا ئىشلىگەن.
يىللاپ ئىشلەپ بىكارغا،
كۆيۈك ناننى چىشلىگەن.

پادا بېقىپ جاڭگالدا،
ئۇستىۋاشلار قالمىغان.
زالىم بەگ، باي، غوجاملار،
بىزنى گۆشتەك يالمىغان.

بېشىمدىكى دوپپامنى.
كىيگىنىمنى بىلمەيمەن.
باي، غوجاملار دەستىدىن،
كۈلگىنىمنى بىلمەيمەن.

يامغۇرلار تولا يېغىپ،
ئۆيدىن ئۆتتى تامچىسى.
بىزنى تولا قاقشاتقان،
زالىم بەگ ھەم قامچىسى.

قاغىلاريۇ ـ قاغىلار،
تام تۆپىسىدە يورغىلار.
زەپمۇ ئەزگەن بىزلەرنى،
بەگ، غوجام ھەم دورغىلار.

دەرد بولغانۇ، دەرد بولغان،
ئەمگەكچىگە دەرد بولغان.
ئەمگەكچىنىڭ تاپقىنىنى،
پومېشچىكلار يەپ بولغان.

زالىم بەگ ھەم بوجاڭلار،
بىزنى ئاتلىق قوغلىغان.
زۇلۇم سېلىپ قاتمۇقات،
يۈرەكلەرنى داغلىغان.

ئېيتقانغا تۈگىمەيدۇ،
تارتىپ ئۆتكەن جەبرىمىز.
بىر يەرگە بېرىپ قالغان،
بىزنىڭ تاقەت ـ سەۋرىمىز.

ھۇسەنبايىنى باي دەيدۇ،
نىياز بايغا يەتمەيدۇ.
شاڭيولارنىڭ قامچىسى،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

شاڭيولارنىڭ ئۆيىدە،
كۈندە شورپا قاينايدۇ.
كەمبەغەلنىڭ بالىلىرى،
ئاچ - يالىڭاچ قاقشايدۇ.

سېلىقلارنى ئاز كۆرۈپ،
يەنە سالدى ئالۋاننى.
ئالتۇن چەشنى ئۆزى ئېپ،
بىزگە بەردى سامانىنى.

ئالۋاننى تۆلىيەلمىسەك،
پاراق دەيدۇ، قىستايدۇ.
يايىلار قوغلاپ كېلىپ،
ئۇرۇپ ياموُلغا سولايدۇ.

يېلىڭ - يوپۇڭ باللار،
ئارقىمىزدىن يىغلايدۇ.
ئەگىشىپ «ئاتا» دېسە،
ئۇنىڭمۇ تاز قوغلايدۇ.

بىز يۇرتتىن كېتەي دېسەك،
يۇرتنىڭ توپىسى ئىسسىق.
ئاش ئورنىغا تاياق بەرگەن،
شاڭيولار ئەجەب پىخسىق.

كارۋانىمىزدىن ئۆتكەنلەر،
يولدىن توپا توزۇتۇپ.
شاڭيولارنىڭ ئالۋىنى،
يۇرتنى قويدى قۇرۇتۇپ.

قوغۇنلۇقنىڭ ئىچىدە،
قارا كۆرۈنگەن باراڭغۇ؟
ئاي يېرىمى يورۇقكەن،
ھەم يېرىمى قاراڭغۇ.

تۈگەپ ئىغىر كۈنلەرمۇ،
تاڭمۇ ئاتار بىر كۈنى.
بىز بېرىمىز جاجاڭنى،
ئەي شاڭيولار شۇ كۈنى.

## 2 ـ باب
## تار جاھان ھەققىدە قوشاقلار

«تار جاھان ھەققىدە قوشاقلار» ـــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدىكى يوشۇرۇن سىياسىي مەنىگە ئىگە، ئاۋام خەلق ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان نادىر قوشاقلارنىڭ بىرى.

1930 ـ يىللىرىدىن 1942 ـ يىللارغىچە چوڭ مىلىتارىست شىڭ شىسەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەكسىيەتچىل سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقىغە زۇلۇم سېلىپ، قىلمىغان ـ ئەتمىگەنلىرى قالمىغانىدى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەركىن، دېموكراتىك ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان، جەمئىيەت قالايمىقانچىلىق، خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئەنە شۇ مەزگىللەردە، جاھاننىڭ تارلىقىدىن دادلاپ، قەلبىدىكى دەرد ـ ئەلەم، نارازىلىقلىرىنى يوشۇرۇن ناخشا ـ قوشاقلار بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي خەۋپ يۈز بەرگەندىن، «تار جاھان» بەزىدە ئاشكارا ئوقۇلۇشتا «تاجىخان» دەپ ئوقۇلغان. بۇ ئەسلى ئۆتمۈش قارا جەمئىيەتتىكى تار جاھانغا قارىتىلغان. بۇ قوشاقلار ئەكسىيەتچىل زاماننى سۆكۈپ، پاش قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «تار جاھان ھەققىدە قوشاقلار» ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېشىم ئەللىككە يەتتى،
ئۆمرۈمنىڭ تېگى كەتتى.
ۋاپاسى يوق ئالەمدە،
ۋاي! تار جاھان (تاجىخان)
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

مەن تولا جاپا چەكتىم،
بېشىم ئاقاردى كۆلپەتتىن.
يېرىلمىدى بۇ تاغلار،
ۋاي تار جاھان (تاجىخان)
مەن چەككەن نادامەتتىن.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
بۇ يۇرتتىن كېتەي ئەمدى.
كېتىپ يىراق ـ يىراقلارغا،
ۋاي، تار جاھان (تاجىخان)
مۇرادىمغا يېتەي ئەمدى.

ئاقسۇ چۆللىرى قالسۇن،
مۇزاتنىڭ داۋىنى قالسۇن.
باراي شۇ باغۇبوستانغا،

ۋاي! تار جاھان (تاجىخان)
يۈرەكنىڭ ئارمىنى قانسۇن.

قولۇمغا پىچاق ئالدىم،
بىر يولى تويۇپ جاندىن.
ئىچىمگە پاتمىدى دەردىم،
ۋاي! تار جاھان (تاجىخان)
غەزەپتىن ئۆرتىنىپ ياندىم.

X

ئۇيانمۇ زەيكەش،
بۇيانمۇ زەيكەش.
ۋاي تار جاھان،
ئارقامدىن ئەگەش.

## 3 ـ باب
# باياندای ئۇرۇشى ھەققىدە قوشاقلار

1851 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، خوڭ شيۇچۇەن رەھبەرلىك قىلغان تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭى گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ سەيجىڭسەن رايونى جىڭتيەن يېزىسىدا كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سەككىز ئۆلكىگە تارىلىپ، ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن نەنجىڭنى پايتەخت قىلىپ، 14 يىل چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇردى. لېكىن، چەرىپ كەتكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەرلىك مىلىتارىستلاردىن زېڭ گوفەن، زېڭ گوچۇەن، لى خۇڭجاڭ، زوزۇڭتاڭ قاتارلىقلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى مەغلۇپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەيپىڭ تيەنگونى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شەندۇڭدىكى نەنداڭ، غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇلار قوزغىلاڭلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، ئاندىن شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىگەنىدى.

شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى قوزغىلاڭ ۋە بۇ قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە قۇرۇلغان «ئىلى سۇلتانلىقى» ئەنە شۇ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامىدۇر. باياندايدىكى قوزغىلاڭ چىرىكلەشكەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق دېھقانلار ئىنقىلابى بولدى.

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئىلى رايونىدا جاڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇپ، 100 مىڭغا يېقىن چېرىك توختاتتى. بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر يەرلىك فېئوداللار بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنى تالان ـ تاراج قىلدى. باج ـ سېلىقلار كۈنسېرى ئۈستىگە يېڭىسى چاپلىنىپ تۇردى. ئەمگەكچى خەلق ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالدى. ئىلى ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىۋالغان ئەنە شۇنداق شارائىتتا، 1864 ـ يىلى ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت ئەمگەكچىلىرى قوللىرىغا قورال ئېلىپ، يەرلىك فېئودال ـ ئەمەلدارلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدار ۋە چېرىكلىرى باياندای ۋە كۈرە سېپىللىرىغا بېكىنىدۇ. سادىر پالۋان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى ئىلىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي مەركىزى بولغان باياندای سېپىلىنى ئېلىش ئىدى. بىراق، سېپىل ناھايىتى مۇستەھكەم بولغىنى ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلار دەرھال سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ. قوزغىلاڭچىلار بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرىدۇ. ئۇلار باياندای سېپىلىغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. سېپىل ئاستىغا لەخمە كولاپ، دورا كۆمۈپ سېپىلنى پارتلىتىپ، ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئەپلىك ۋە داغدام يول ئاچىدۇ. ئاندىن پۈتكۈل قوزغىلاڭچىلار سېپىلغا بېسىپ كىرىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ قوشاق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئەنە شۇ باياندای ئۇرۇشى ھەققىدە توقۇلغان.

جاڭجۈن دېگەن ئىپلاسنىڭ،
زۇلۇمىغا چىدىماي؛
چىقتى خەلق سېپىلغا،
غەزەپلىنىپ توختىماي.

قورقۇپ جاڭجۈن ئالۋاستى،
مۆكتى سېپىل ئىچىگە.
مەھكەم ئىكەن سېپىلى،
يەتمىدۇق ھېچ ئېپىگە.

قورشاپ تۇرغان خالايىق،
ئۆزگەرتمىدى گېپىنى.
شۇ سېپىلغا كىرىشنىڭ،
قىلماق بولدى ئېپىنى.

جاپا چەككەن يارەنلەر،
پىدا قىلدى جېنىنى.
دەرۋازىغا ئوت قويسا،
تاقىۋالدى ئىچىنى.

قالدى ھەممە قايغۇرۇپ،
ئويلاپ، چايقاپ بېشىنى.
چىقىپ سادىر پالۋان،
سۇندۇردى ياۋ چىشىنى.

كولاپ سېپىل تېگىنى،
كۆمدى كۆپلەپ دورىنى.
پىلتا بىلەن ئوت ياقتى،
قىلىپ ئوبدان ئېپىنى.

گۇمبۇرلىگەن ئۇن بىلەن،
ۋەيران بولدى سېپىلى.
غېمىنى يەپ جاڭجۇڭنىڭ،
ھودۇقۇشتى چېرىكى.

شۇندا خەلق يۇگۇردى،
ئاندا قاتتىق جەڭ بولدى.
تەييار تاپلار ئۆلۈكى،
سېپىل بىلەن تەڭ بولدى.

جاڭجۇن باشلىق چوڭلىرى،
تۆت ئىشىككە يۇگۇردى.
ئۆزىنى ئۆزى باشلاپ،
ئۆلۈمىگە ئۆلگۇردى.

شۇ كۇنلا خالايىق،
دۇشمەنلەرنى چېپىشتى.
غەزەپ بىلەن گېلىغا،
نەيزىلەرنى تىقىشتى.

تالقان يېگەن خەلقلەر،
نېمەتلەرگە يېتىشتى.
ئازاد بولۇپ زۇلۇمدىن،
مۇڭلىرىنى ئېيتىشتى.

## 4 ـ باب
## «كۆچ ـ كۆچ» قوشاقلىرى

«كۆچ ـ كۆچ قوشاقلىرى» ــــ تارىخىي قوشاقلار ئىچىدىكى ئەڭ نادىر قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا چاررۇسىيە جۇڭگو زېمىنىنى يەنمۇ ئىلگىرىلەپ بېسىۋېلىشنى قەستلەپ، ئىبلىس قولىنى ئىلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئىلى رايونىغا سوزغان. 1865 ـ يىلى ئەنگ-لىيە ياقۇپبەگنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى تەسىر دائىرىسىگە ئالغان. چاررۇسىيە «رۇسىيە چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» دېگەننى باھانە قىلىپ، 1871 ـ يىلى 6ـ، 7 ـ ئايلاردا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىلىنى بېسىۋالغان ھەمدە «ئىلى مەڭگۈ رۇسىيە قارىمىقىدا بولىدۇ» دەپ جاكارلىغان.

چاررۇسىيە ئىلىنى بېسىپ ياتقان ئون يىل (1871~1881) ئىچىدە ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئېغىر تالان ـ تاراج قىلغان. 1881 ـ يىلى «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، چاررۇ-سىيە ئىلىنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، جۇڭگونىڭ قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى كەڭ زې-مىنىنى بۆلۈۋالغان، 9 مىليون رۇبلى پۇلنى قاقتى ـ سوقتى قىلغان. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۇلار يەنە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق بىر قىسىم شەھەرلىرىدە ئەركىن سودىگەرچىلىك قىلىشىغا يول قويۇشنى، «ۋاقىتىنچە باج ئال-ماسلىق»نى يولسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلغان ھەمدە «قوغداش» نامى ئاستىدا ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى (ئۇيغۇرلاردىن 56 مىڭ ئۆيلۈك، خۇيزۇلاردىن 12 مىڭ ئۆيلۈك)نى رۇسىيە تەرەپكە مەجبۇرىي كۆچۈرگەن. كۆچۈرۈلگەنلەر رۇسىيىگە بارغاندىن كېيىن، قۇللارچە مۇئامىلىگە ئۇچراپ كۆپ رىيازەت چەككەن. «كۆچ ـ كۆچ قوشاقلىرى» ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەن. بۇ قوشاقلاردا چاررۇسىيىنىڭ ئەنە شۇ جىنايەتلىرى پاش قىلىنىپ، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىنغان. خەلقنىڭ جاھانگىرلارغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتى ئىپادىلەنگەن ھەمدە ئۆز ئانا يۇرتى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يۇرتداش، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بايان قى-لىنغان. خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش جاسارىتى ئەكس ئەتتۈرۈ-لۈپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش روھى نامايان قىلىنغان.

«كۆچ ـ كۆچ قوشاقلىرى» ــــ ياش ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ھۆججەت خاراكتېرلىك رول ئوينايدۇ.

ئاق پادىشاھ لەشكىرى،
ئالتۇن كولاپ، تاش كەستى.
دېھقانلارنى «كۆچ ـ كۆچ» دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.

كۆچ ـ كۆچ دېسە قورقمامدۇ
كۆچۈپ يۈرمىگەن ئەللەر؟

ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ؟
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

ئوقنى ئاتتى يۇرەككە،
يېنىپ تەگدى بىلەككە.
ئاق پادشاھنىڭ قىلغىنى،
ئورناپ كەتتى يۇرەككە.

ئالمۇتاغا «كۆچ» دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

قاراخان بىلەن ئاق خان،
گېپى بىر ئىكەن باشتا.
كۆچۈشنى خىيال ئەيلەپ،
كېمە ياسىدۇق قاشتا[1].

كەتمەيمىز دېگەن بىلەن،
بۇ ئىشقا نېمە چارە؟
غۇلجىنى بېسىۋالدى،
دىلىمىز سۇنۇق پارە.

ئىلىدىن چىققان كۈنى،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق.

كۆچۈپ ماڭغان كۆچمەنلەر،
قىبلىگە قاراپ ماڭدى.
كۆچمەي قالغان ئادەملەر،
مانجۇغا قاراپ قالدى.

توققۇزتارادىن ئۆتكەندە،
ياماتۇنىڭ تاشلىرى.
كۆچۈپ بارغان خەقلەرنىڭ،
قۇرۇمايدۇ ياشلىرى.

① قاش — قاش دەرياسى بويىدا مەنىسىدە.

ئورۇس هارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
خەقنىڭ يۇرتىدا يۈرۈپ،
كۆڭ ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

كۆچمەنلەر كۆچۈپ ماڭدۇق،
بالا - چاقا پىيادە.
يامان دېمەڭلار بىزنى،
تەقدىر بىلەن ئىرادە.

قۇلۇنلىرى تاي بولدى،
يوغان بولدى ئات بولدى.
يۇرتتا قالغان تۇغقانلار،
ئەمدى بىزگە يات بولدى.

ئەلنىڭ ئالدى يەتكەندۇر،
يەركەنتنىڭ بازارىغا.
دۇئا قىلىپ ئۆتكەندۇر،
خونۇقاي مازارىغا.

بۇ يولدا تولا مېڭىپ،
پۇتۇم قايرىلىپ كەتتى.
هارۋىغا چۈشەي دېسەم،
ئۆكۈز ئالدىراپ كەتتى.

مىڭ جاپا بىلەن سالغان،
قالدى باغۇ بوستانلار.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

خونۇقاي يولىدا تاللار،
شاخ - شېخىدا مارجانلار.
خەقنىڭ شەھىرىدە ئىشلەپ،
ئېقىپ كەتتى بۇ جانلار.

يەركەنتكە بارارمىز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتۇق.
ئۆي - جايىمىز پۇتكىچە،
جاپانى تولا تارتتۇق.

ئۆسەككە بارارمىز دەپ،
ئۆسەكچە خىيال قىلدى.
يەركەنت دېگەن يەرلەرگە،
بارغانلار نېمە بولدى؟

ئۆسەككە بارغان خەقلەر،
ئەسكى تامنى ئۆي قىلدى.
ئۇندا خوتۇن ئالغانلار،
ئەسكى تامدا توي قىلدى.

چېلەك ــ چېلەك دەيدىكەن،
قانداق ئىكەن بۇ چېلەك؟
قىش ــ قىراۋدا «كۆچ» دەيدۇ،
ئوڭغا تارتمىغان پەلەك.

قارىياغاچ دېگەن يەردە،
قارىياغاچ تولا ئىكەن.
غېرىبلىق ئەسەر قىلسا،
تۇگىمەس بالا ئىكەن.

يېڭى مايور يەر بەرمەس،
يول ئۇستىنى تەردۇرمەس.
باشقا قاتتىق كۈن چۈشتى،
بىر خولۇقتىن يەر بەرمەس.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
بىزنىڭ ئۆينىڭ ياغىچى.
ئېتىزلاردىن يەر تەگمەي،
ماكان بولدى تاغ ئىچى.

يەركەنتتىنىڭ يولى دەيدۇ،
كۆۋرۈكىدە يوغان تاش.
بىزنى يۇرتتىن ھەيدىگەن،
نىكولاي دېگەن باغرى تاش.

ۋەلى باينى باي دەيدۇ،
باي قىلسا خۇدا قىلغان.
ئاتمىش مىڭ تارانچىنى،
ئىلىدىن جۇدا قىلغان.

بىز ئىلىدىن كۆچكەندە،
ئالتىنچى ئاي روزا ئىدى.
بۇنداق ئېغىر كۈنلەردە،
ئاتا ـ ئانا بولسىدى؟

كۆچمەنچى بولۇپ قالدۇق،
بىللە كېتىلى دوستلار.
ئاردا قونۇپ مېڭىپ،
چاپسان يېتىلى دوستلار.

كەتمەيمىز دېگەن بىلەن،
بۇ ئىشقا نېمە چارە؟
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
يۈرەكلىرىمىز سەدپارە.

تۇخۇم كۆمدۇم ئوچاققا،
ئېتىلغاندۇر بۇ چاغقا.
ئىلىدىكى تۇغقانلار،
سېغىنغاندۇر بۇ چاغقا.

ئالمۇتاغا بارمايمەن،
پۇتۇم تولا ئاغرىيدۇ.
ئىلىدىكى يارىمغا،
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.

يەركەنتكە كېلىپ دوستلار،
يار بويىدا كۆپ ياتتۇق.
ئەسلى تارتمىغان دەردنى،
يەركەنتكە كېلىپ تارتتۇق.

ئاقتارمىغا ساراي سالدىم،
تاختاي بىلەن ياپتۇردۇم.
كۆچمەي قالغان دوستلارنى،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

يار دەردى يامان ئىكەن،
مەن ئۆزە ماڭالمايمەن.
ئىلىدىكى يارىمنى،
ۋاقتىدا كۆرەلمەيمەن.

يار ئارقىسىدىن باردىم،
قورغاسىنىڭ بازارىغا.
يارنى ئەگىشىپ يۈرۈپ،
مەن قالدىم سازايىغا.

يەركەنتنىڭ يولى دەيدۇ،
بىلەتسىز ئۆتەلمەيدۇ.
غۇلجىدا قالغان سىڭلىڭىز،
غېرىبلىقتىن كېتەلمەيدۇ.

بېرىپ كۆرمىگەن ئەلنى،
بارماي تۇرۇپ بىلمەيمىز.
خۇدا نېسىپ قىلسۇن دەپ،
بىر ئاللادىن تىلەيمىز.

ئىلىدىن كۆچكەنلەرنىڭ،
دەردى بار، پىراقى يوق.
ئەرۋاھ تەلمۈرۈپ قالدى،
يىپى بار، چىراغى يوق.

يۇقىرىلاپ بېرىۋىدىم،
ئۇسساپتۇ باينىڭ باغلىرى.
ئولتۇرۇپ يىغلاۋىدىم،
سىيرىلدى كۆچمەن داغلىرى.

كۆرەدىن چىققان ھارۋا،
يانبۇلاققا ياماشتى.
مەن يۇرتۇمنى ئويلىسام،
كۆزۈمگە يىغا ئولاشتى.

يەركەنتتىن ئۆتۈپ ئۆسسەك،
ئۆسسەكتىن ئۆتۈپ تۇرگىن.
بۇ زۇلۇمنى سەن سالدىڭ،
ئاخىرى ئۆزۈڭ كۆرگىن.

ئالمۇتا دېگەن شەنىڭ،
ئالمىسى تولامىكىن؟
جانغا پاتتى غېرىبلىق،
كەلمىسەك بولامىكىن؟

بىز مازارغا يەتكەندە،
چۈپ قالىدۇق ئوچاقتا.
جاڭجۇن قوغلاپ چىقاردى،
يۇرت بىلگەندۇر بۇ چاغقا.

غۇلجا دېگەن شەھرىمىز،
ئېسىمىزدىن كەتمەيدۇ.
غۇلجىدىكى دوستلاردىن،
نېمىشقا خەت كەلمەيدۇ؟

قارىغاي يوپۇرماقى،
ياپيېشىل بولار ئىكەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا،
خويمۇ دەرد بولار ئىكەن.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىۋېلىپ، چۆكمەيدۇ.
قېرىنداشنىڭ ئوتلىرى،
يالقۇنجايدۇ، ئۆچمەيدۇ.

گۇلنى تەردىم هويلامغا،
قىسقىلى قىزلار قېنى؟
تىزىپ قويدۇم نان يېقىپ،
يېگىلى باللار قېنى؟

بۇ يولدا تولا ماڭدىم،
بۇ يول مېنىڭ يولدىشىم.
هېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە،
سۇ بەردى بىر قولدىشىم.

خويمۇ خار بولۇپ كەتتۇق،
ياقا يۇرتلاردا ئىشلەپ.
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
«يېسۇن دەپ توقاچ چىشلەپ».

كىچىك باللار ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ.
كۆچمەن باللار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد قىلىپ.

كېلىمەن ئۈزۈن يولدا،
مەن كەينىمگە قايرىلىپ.
قارىماس ئىدىم، دوستلار،
ئاتام قالدى ئايرىلىپ.

قىبلىدىن شامال چىقسا،
دەرەخ ئېگىلەي دەيدۇ.
يۇرتۇمنى خىيال قىلسام،
ئۆپكەم ئۆرۈلەي دەيدۇ.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
كۆرۈنەر چىراغ ئوتى.
كەڭ يايراپ يۈرەي دېسەم،
قورقىمەن خەقنىڭ يۇرتى.

ئېلىدىن چىققان يىگىت،
تونى بار، تۈگمىسى يوق.
بېشىغا گۈل قىسىپتۇ،
گۈلى بار، غۇنچىسى يوق.

كەچ كىرىپ تاڭ ئاتمايدۇ،
بىز بىلەن قېرىشقاندەك.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلدۇق،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

قارساق كۆرۈنمەيدۇ،
يۇرتىمىز — ئاۋرال تېغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
تىرىك ئايرىلىش دېغى.

جىڭلاپ بەرگەن ئۇنىدىن،
ئېتىپ ئىچىمىز ئاشنى.
خۇدا بۇيرىسا كۆرەرمىز
ئاتا - ئانا، قېرىنداشنى.

زالىم بەگلەر يول بەرمەس،
يول ئۈستىدە تۇرغۇزماس.
باشقا قاتتىق مۇڭ چۈشتى،
بەش خولۇقتىن يەر تەگمەس.

چۆللەرگە چىقىپ كەتسەك،
چۆلنىڭ بورىسى باردۇر.
«كۆچ - كۆچ» بولغان ئەللەرنىڭ،
قېرى - چۆرىسى باردۇر.

قوپسام سەھەر بولۇپتۇ،
ئىچىم غەمگە تولۇپتۇ.
بۇ «كۆچ - كۆچ»نىڭ دەردىدە،
يۇرتۇم ۋەيران بولۇپتۇ.

بىرىنىڭ ئاتىسى ئۆلگەن،
بىرىنىڭ ئانىسى ئۆلگەن.
نەچچىلەپ زامان ئۆتتى،
بۇ ئىشلارنى كىم كۆرگەن؟

ئەل - ئاغىنە خوش ئەمدى،
خۇدايىمغا ئامانەت.
جېنىمىز ئامان بولسا،
كۆرۈشەرمىز سالامەت.

## 5 ـ باب
## لاشمان ـ قايقا داۋان قوشاقلىرى

1916 ـ يىلى چارروسىيە پادىشاھى نىكولاي ئىلى رايونىدىن روسىيىنىڭ يەركەنت، ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن 1000 كىشىنى لاشمان (قارا خىزمەت) لىققا تۇتۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار چار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا ناھايىتى نارازى بولۇپ، ئوچۇق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. لېكىن، چار پادىشاھ جاللاتلىرى 12 ئادەمنى «قايقا» دېگەن داۋاننىڭ ئۈستىدە ئېتىپ تاشلايدۇ، فېئودال سىنىپلارنىڭ قولچوماقچىلىرىدىن بولغان بەگ ـ شاڭيو، ئەللىكبېشى، بولۇسلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرى لاشمانلىققا تۇتۇپ كېتىلىدۇ. نەتىجىدە يۇرت ـ مەھەللە چۆلسىرەيدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قوۋم ـ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن، بېقىپ ئۆستۈرگەن يىگىت ـ باللىرىدىن ئايرىلىدۇ. يەركەنت ئاسمىنىنى كەمبەغەل خەلقنىڭ ئاھۇ زارى ۋە پەريادى قاپلايدۇ. لاشمانلىققا تۇتۇپ كېتىلگەنلەر ئالمۇتا، يۈزۈپكا قاتارلىق جايلاردا ھەيدىلىپ يۈرۈپ، كۆمۈر خاڭلىرى ۋە ۋاگون يوللىرىدا قۇل بولۇپ ئىشلەپ، كۆرمىگەن كۈنى قالمايدۇ، ئادەم تارتقۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

«لاشمان ـ قايقا داۋان قوشاقلىرى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان مىللىي، سىنىپىي ئۆچمەنلىكى، تاجاۋۇزچىلارنىڭ بوزەك قىلىشى بىلەن چىدىغۇسىز دەرد ـ ئەلەم تارتقان خەلقنىڭ ئۇلارنىڭ مالاي ـ غالچىلىرىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى، ئۆز قېرىنداشلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن.

يىگىتلەرنى لاشمانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا ئېيتقان قوشاقلار:

ئۈستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ،
ئات قامچا تېپىپ ئالدىم.
لاشمانلىققا كەتكەنلەرنى،
قوشاققا قېتىپ ئالدىم.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە،
يىغلىغاندۇر چۆللەردە.
ئۈششاق باللىرى بارلار،
زار يىغلايدۇ يوللاردا.

ئاسماندا ئۈچۈپ يۈرگەن،
بوڭ ـ بوڭ قوڭغۇز ئەمەسمۇ؟
يىگىتلەرنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئازاد توڭگۇز ئەمەسمۇ؟

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
ئەل غەمدە يىغلاپ قالدى.

ئامان بولغىن بالام! دەپ،
قارا كۆزگە ياش ئالدى.

ئاياللار تولا يىغلاپ،
ياغلىق ئۈچى ھۆل بولدى.
ئىشقا كېتىپ ياش باللا،
يۇرتنىڭ ئىچى چۆل بولدى.

ئىشىكىڭدە سۇ ئاقار،
سۇ تېگىدە قۇم ئاقار.
لاشمانلىققا كەتكەننىڭ،
بالىسىنى كىم باقار؟

ئاتا ـ ئانا بىچارە،
زار يىغلىشىپ قالماقتا.
كۆڭلى قارا نىكولاي،
ياش باللارنى ئالماقتا.

ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭسام.
ئورۇسلارنىڭ مۇنچىسى.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى.

پەرەڭ ياغلىق تىكىپسىز،
ئۇنى ئۈچمەيدۇ دەمسىز؟
ئېرىڭىزنى سېتىۋەتتى،
ئۇنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟

قارىغاينىڭ يوپۇرماقى،
قاتمۇقات بولار ئىكەن.
قېرىنداشتىن ئايرىلساڭ،
خويمۇ دەرد بولار ئىكەن.

شامال چىقسا گۈركىرەپ،
تال ئېگىلىپ پەس بولدى،
زالىملارنىڭ زۇلمىدىن،
كۈن ئالماقمۇ تەس بولدى.

ئورۇسلارنىڭ دوختۇرى،
ياش باللارنى كۆرىدۇ،

ماڭ ئالدىغا ! سەن تۇر ! دەپ،
كەمبەغەلنى ئۇرىدۇ.

بىز يەركەنتتىن چىققاندا،
ئاتلار قالدى تىزىلىپ.
ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز،
قۇچاقلىشىپ، ئېسىلىپ.

يەركەنتتە ئىككى مەسچىت،
بىرى خەلپە، بىرى تاش.
لاشمانلىققا كەتكەننى،
كۆرەرمىكىن ئەزىز باش.

هاجى توڭغۇز يەركەنتنىڭ،
بالىلىرىنى كۆپ ساتتى.
ئۆزى ئېلىپ جىق پۇلنى،
قورسىقىنى دومبايتتى.

بىز يەركەنتتىن ماڭغاندا،
ئامبال ـ دوتەي ئۇزاتتى.
بەش كۈن ئۆتمەستىن تېخى،
قىيامەتنى كۆرسەتتى.

دەريا بويىغا كەلسەك،
قىبلىدىن بوران بولدى.
لاشمانلىققا ماڭغانلار،
يىغلىشىپ راۋان بولدى.

شاكىرجاننىڭ دوپپىسى،
ياغاچ قوزۇقتا قالدى.
شاكىرجاننىڭ ئانىسى،
ھەسرەت ـ قايغۇدا قالدى.

ئېگىز دۆڭنىڭ باغرىدا،
ئۇششاق ـ ئۇششاق قارا تاش.
لاشمانلىققا ماڭ! ـــ دەيدۇ،
ئىسلام ئاخۇن ئەللىكباش.

ئۆستەڭ سۇيى ئېچىلدى،
تۇغانلىرى چېپىلدى.

لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
مال ئورنىدا سېتىلدى.

يەركەنتتىنىڭ بازارىغا،
كىرگەندۇ ئۇلاغ، سامان.
ئاڭلاڭلار بۇرادەرلەر
بىزنى كۆيدۈرگەن زامان.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
يوپۇق ياپىمەن ئەمدى.
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن ئەمدى.

ساندۇق ئىچىدە ئۈزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
لاشمانلىقتا بىز ئاجىز،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

كېلىمەن ئۇزۇن يولدا،
كەينىمگە بەك قايرىلىپ.
قارىماس ئىدىم دوستلار،
ئانام قالدى ئايرىلىپ.

بىزنىڭ تاپقان پۇلىمىز،
نىكولاينىڭ قولىدا.
خويما زىلۋا يىگىتلەر،
لاشمانلىقنىڭ يولىدا.

نىكولاي باغرى تاشتىن،
ئۇيازغا كەلدى بۇيرۇق.
زالىملار ئاتقا مىنىپ،
بىزگە قىلماقتا زورلۇق.

ئاقساقالغا يالۋۇرسام،
ئويلاپ باقايلى، دەيدۇ.
ئەللىكبېشى ئامبالدىن،
سوراپ باقايلى، دەيدۇ.

ئاقساقالغا يالۋۇرسام،
ئاقچاڭ بولسا بەر، دەيدۇ.

پۈلۈڭ بولمىسا سىنىڭ،
لاشمانلىققا بار، دەيدۇ.

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
يەركەنتلەرگە قار ياغقان.
قېيىم بەگ، هاجى بولۇس،
بىزنى ئاقچىغا ساتقان.

قورقمايمىز بىز بۇرادەر،
زالىملارنىڭ دوقىدىن.
ئاتا ـ ئانا خەت سالغىن،
يۇرۇپ تۇرغان پوچتىدىن.

قولىمىزدا ئاق ياغلىق،
كۆز ياشلارنى ئېرتىمىز.
ئاتا ـ ئانىنى تاشلاپ،
يۇرتتىن قانداق كېتىمىز؟

يەركەنتتىن چىقىپ كەتتۇق،
ئالمۇتىغا بىز يەتتۇق.
قىشنىڭ كۈنى سوغلاردا،
مۇشەققەتنى كۆپ تارتتۇق.

ئالمۇتا خەلقى بىزگە،
چاچاڭ قىلدى يوللاردا.
خۇشال بولۇپ هەممەيلەن،
رەهمەت ئېيتتۇق ئۇلارغا.

بۇيرۇق بەرگەن نىكولاي،
مىڭ لاشمانچى ئالسۇن، دەپ.
كۆپ ئادەم دۇئا قىلدى
ئامان ـ ئېسەن يانسۇن، دەپ.

لاشمانلىققا ماڭماستا،
ئادەملەر ئېتىلىپ كەتكەن.
زالىم بولۇس ـ مىڭبېشى،
ئاقچىغا سېتىلىپ كەتكەن.

لاشمانلىققا يازدۇردى،
مىڭ يىگىتنى يارىتىپ.

قۇلاق سالماي زالىملار،
ئەل ھەم يۇرتنى يىغلىتىپ.

بىزنى نىكولاي ئالغاندا،
ئاكوپ كولايسەن، — دېگەن.
بىز قايتالمايمىز دەپ،
ئەزىز جاندىن غەم يېگەن.

بىچارە لاشمانلىقلار،
زالىملارغا باغلانغان.
ئاخشىمى ناخشا ئېيتىپ،
كوچىلارنى ئايلانغان.

كوچىلارنى ئايلانساق،
يار بويىدا تۇرغۇزدى.
قېچىپ كەتمەك بولدى، — دەپ،
زالىملارغا ئۇرغۇزدى.

ھەر جۈمەدە توپلىشىپ،
ئۆستەڭ بويلاپ ئوينايتتۇق.
بىزنى تۇغقان يۇرتىمىز،
يەركەنتكە تويمايتتۇق.

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
يەركەنتتە ئاتام قالغان.
ئامان بول ئانا دېسەم،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.

بازار تەرەپكە ماڭدۇق،
«زامانەي» دەپ ناخشا ئېيتىپ.
سوغۇقتا ئېلىپ ماڭدى،
كەمبەغەلنى قاقشىتىپ.

بىز كەلگۈچە ئاتىلار،
ئامان بولسۇن ئانىلار.
بىر كۈنى ھەم قايتارمىز،
بىزنى كۈتسۇن بالىلار.

ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن،
ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ.
لاشمانلىققا ماڭغاندا،
بالام قالغان يالىڭاچ.

لاشمانلىقتا تۇتۇپ كېتىلگەن يىگىتلەرنىڭ خاڭدا ۋە ۋاگون يوللىرىدا ئىشلەپ يۈرۈپ ئېيتقان قوشىقى:

ئالمۇتىدىن خەت سالدىم،
يېرىم ئالمىنى چىشلەپ.
ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز،
ۋاگون يولىدا ئىشلەپ.

ۋاگون يولى قايدادۇر؟
تۇپراقلىرى مايدادۇر.
لاشمانلىقتا كەتكەنلەر،
قارا كۆمەچ نان يەيدۇ.

لاشمانلىقتا ماڭغاندا،
پۇتلار تېشىلىپ كەتكەن.
قىزىلگۈلدەك يىگىتلەر،
خاڭلاردا ئۆلۈپ كەتكەن.

ئېتىمىزدىكى بوزتورغاي،
بالىلىرىغا دان بەرگەن.
تۇراخۇن جېنىم دوستۇم،
خاڭ ئۈستىدە جان بەرگەن.

يۈزۈپكا دېگەن جايدا،
ۋاگونلارنى ھەيدەيمىز.
قالغانلار دۇئا قىلسۇن.
ئامان بولساق قايتارمىز.

كەتمەن بىلەن گۈرجەكلەر،
لاشمانلىقنىڭ قولىدا.
ئۆلسەك جېنىمىز پىدا،
دوست ـ بىرادەر يولىدا.

يۈزۈپكىغا بارغاندا،
ئىشلىدۇق كۆمۈر خاڭدا.
كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپمۇ،
زادى تويمىدۇق نانغا.

كېچىلەردە ئىشلەيمىز،
خاڭلاردا كۆمۈر تاشقا.

چاپسان بول! دەپ ئۇرىدۇ،
قامچىلار بىلەن باشقا.

ئاتا ـ ئانام سورىسا،
يۈزۈپكا شەھىرىدە دەڭلار.
قولىدا كەتمەن ـ گۈرجەك،
ئىشلەپ تۇرىدۇ دەڭلار.

كەتمەن بىلەن گۈرجەكنى،
تاشكۆمۈرگە چاپىمىز.
يەركەنتتە ئامان بارمۇ؟
بىزنى تۇغقان ئانىمىز.

يۈزۈپكىدا ئىشلەيمىز،
يەرنىڭ ئاستىدا — خاڭدا.
خۇدايىمغا يىغلايمىز،
سەھەر ۋاقتىدا ـ تاڭدا.

زەمبىلدە كۆمۈر توشۇپ،
قوللار قاپىرىپ كەتتى.
ئاچلىق بەك يامان ئىكەن،
بەللەر پۈكلىنىپ كەتتى.

بىرمۇنچىمىز ئىشلەيمىز،
پويىزلارنىڭ يولىدا.
بەك تولا ئازاب چەكتۇق،
زالىملارنىڭ قولىدا.

قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي،
فىرۇنزىدە ئۈچ ئاي تۇردۇق.
ژاندارما ھەم پولىتسىيىدىن،[1]
تۈگىمەس ئەلەم كۆردۇق.

ئاسمانغا چىقاي ئېگىز،
بۇلۇتقا سالاي كىگىز.
زالىملارنىڭ كۆكسىگە،
سانجىيمەن تۆمۈر بىگىز.

---

① ژاندارما ـ پولىتسىي — رۇسچە ھەربىي ۋە ساقچى مەنىسىدە.

قوينۇمدىكى توقاچنى،
سىيادان سېلىپ ياپقان.
باي بالىلىرى ئورنىدا،
زالىملار بىزنى ساتقان.

ناغرا ـ دۇمباق چېلىندى،
يىغا ـ ئۈنلەر تارقالدى.
ئاۋات بولغان شۇ يەركەنت،
بارات ئايدا بۇزۇلدى.

ئاقسۇدىن لاشمانلىققا ماڭغان يىگىتلەرنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،
«دانىشمەن» ئەلىلىكېشى.
قىرىق يىگىت بېرەي دەپ،
قول قويغان ئەلىلىكېشى.

قىرىق يىگىت ئاتلانسا،
كۆرۈنمەس سايىنىڭ تېشى.
لاشمانلىققا ماڭغاندا،
قۇرىدى كۆزنىڭ يېشى.

لاشمانلىققا ماڭغاندا،
كەينىمىزگە قايرىلدۇق.
ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشتىن
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق.

قارا ئېتىم تاي ئىدى،
يوغان بولدى ـ ئات بولدى.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
نىكولايغا خار بولدى.

ئاق كەپتەر، چىلان كەپتەر،
ئاق بۇغدايدىن دان يەيدۇ.
لاشمانلىققا بىز ماڭدۇق،
ئاتا ـ ئانام غەم يەيدۇ.

باينىڭ بالىلىرى قالدى،
بولۇسلارغا پۇل بېرىپ.

گاداي بالىلىرى كەتتى،
يىرتىلغان چاپان كىيىپ.

ئاتمىش بەشچە بالىنى،
ئالدىغا ئىلغاپ تۇرۇپ.
«چاپسان بول!» دەپ ھەيدىدى،
قامچىلاپ ئۇرۇپ يۇرۇپ.

ئالتە يۇزچە بالىنى،
بىر - بىردىن ساناپ قويدى.
بولۇسلارنى تىللىسام،
زەي ئۆيگە قاماپ قويدى.

لاشمانلىققا بار دەيدۇ،
قايسى يەردۇر بىلمەيمىز.
خوش دوستلار، ئاغىنىلەر،
بىز ئاۋاتقا كەلمەيمىز.

كۆپكۆك يېشىل پوتامنى،
بېلىمگە باغلاپ قويدى.
تۇرسۇندەك يالاقچىنى،
يۇزبېشى سايلاپ قويدى.

ئاقساقالنى تىللىدىم،
بىزگە قىلدى كۆپ زورلۇق.
لاشمانلىققا بارمايمىز،
سېتىۋالغان قۇلۇڭ يوق!

يىگىتلەر لاشمانلىققا ماڭغاندا، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ھەسرەت چېكىپ زارلىنىپ ئېيتقان قوشقى:

بېغىمغا گۇل تېرىسام،
ئېچىلماي توزۇپ كەتتى.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

بىز قىرىلار ئۇستىگە،
ھەر قەدەمدە مىڭ جاپا.
رەھىمسىز بۇ بەگلەردىن،
كۆرمىدۇق ھېچبىر ۋاپا.

بىچارە يىگىتلەرنىڭ،
تىپىلارمۇ خۇشلۇقى؟
قىزىلگۈلنى ئۈزۈپ بەرگەن،
ئۆزىمىزنىڭ بوشلۇقى.

بايلار ھەرگىز غەم قىلماس،
ھەممىسى ئۆيدە يېتىپ.
قايتۇرۇۋالدى بالىنى
بەزىسى بەگدىن سېتىپ.

كەلمىگەن بۇنداق بالا،
كۆرمىگەن ئاتا ــ بوۋا.
قېرىنداش قىلسۇن دەۋا
يوق بۆلەك مۇندىن داۋا.

لاشماندىكى ياشلارنى،
كۆرگىلى بولارمىكىن؟
سولاشقان مېنىڭ جېنىم،
سەن كەلگۈچە تۇرارمىكىن؟

مايسا تېرىپ، دان تېرىپ،
جان ساقلىدۇق ھەممىمىز.
يۇرتىمىزدىن يوقالدى،
قايان كەتتى بالىمىز.

تاش ئاتتىم سايغا چۈشتى،
سايىنىڭ تاشلىرى ئۈچتى.
جان بالام، جېنىم بالام،
قارا كۆزۈمدىن ئۈچتى.

قارا ــ قارا قاغىلار،
ئېگىز ــ ئېگىز ئۇچۇۋاتىلار.
مېنىڭ باللىرىم نەدە؟
خەۋەر بېرىپ تۇرۇڭلار.

تام ئۈستىگە تام قويدۇق،
ھويلىنى يوغان قۇرۇپ.
قەيەرلەردە يۈرگەندۇ،
باللىرىم غېرىب بولۇپ؟

يار بويىدا بەش ئۆردەك،
بەشلىسى بىر خىلدەك.
لاشمانلىققا كەتكەنلەر،
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك.

ئېگىز دۆڭگە ئۆي سالدىم،
قۇم چۆگۈنگە چاي سالدىم.
لاشمانلىققا بالامغا،
پوچتا بىلەن خەت سالدىم.

يۇقىرىقى گازارمىغا،
سولاپ قويدى بالامنى.
قانداق تاشلاپ كېتەرسەن،
جېنىم بالام ئاناڭنى.

ئون ئالتىنچى يىلىدا،
مالاي بولدۇق ھەممىمىز.
بالىلاردىن ئايرىلدۇق،
قانداق كۈنلەر كۆرىمىز؟

ئالمىلار پىشىپ قالدى،
يېشىل باغلار ئىچىدە.
ئامان يانغىن سەن بالام،
يالغۇز ئاناڭ بەختىگە.

ئوڭ قولۇمدا ئوڭ ئۈزۈك،
سول قولۇمدا سول ئۈزۈك.
بالامدىن ئايرىلغۇچە،
ئۆلۈپ كەتكىنىم تۈزۈك.

ئالتىنچى ئاي باھاردا،
ئارا، گۈرجەك خاماندا.
بالىلىرىمنى يادلايمەن،
بىر كۆرۈشكە ئارماندا.

ئوت يېقىلدى جېنىمغا،
ھېچ كىشى بىلمەس ئۇنى.
خۇدايىمغا تاپشۇرۇپ،
قويدۇم بالىلىرىم سېنى.

غەيرىتىم، جان قۇۋۋىتىم،
ياندىكى رۇستەملىرىم.
سۇ قۇيۇپ تەربىيە قىلغان،
باغدىكى بوستانلىرىم.

سەندىن خوشلىشىپ قالدى،
ئاقسۇ، كەتمەن تاغلىرى.

قولۇمدىن ئۇزۇلۇپ كەتتى،
بۇ يۈرەكنىڭ باغلىرى.

بۇ يۈرەك قايناپدىغۇ،
ئوتتا قويغان چەينەكتەك.
ئارقاڭلاردا بىز قالدۇق،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
بۇ يىگىتلەر بەختىنى.
ساقلىغىن ئاللا كېرىم،
ئوت ئىچىدە پاختىنى.

يۈزبېشىغا يىغلىساق،
سۆزگە قۇلاق سالمايدۇ.
مۇنداق جەبىر ـ جاپادا،
باللار ئامان يانمايدۇ.

تەمبۇرۇمنى چېكىمەن،
كۈندە يىغلاپ، ناخشا ئېيتىپ.
ئۇخلاپ يېتىپ يىغلايمەن،
جان بالامنى ياد ئېتىپ.

چىغلىق تىكەن ئىچىدە،
قۇمدىن تولا ئاق توشقان.
بۇ قوشاقنى قوشمايتتۇق،
دەردكە پايلىماي قوشقان.

ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
ئولاتا ئېيتقان بېيىتنى.
لاشمانلىققا تۇتۇپ بەردى،
ھەمدەم دېگەن شېھىتنى.

قايقا داۋان تاغلىرى،
تۆكۈلگەندۇر قانلىرى.
تۇتۇپ نەيزە سالغاندا،
سىرقىرىغاندۇر جانلىرى.

توختىنىياز دېگەن باتۇر،
قايقا ئۇستىدە ياتۇر.
كۆپىنىڭ غېمىنى كۆزلەپ،
ئۆز بېشىنى يەپ ياتۇر.

يەرلىكنى كولاۋېتىپ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
قايقىنىڭ يىگىتلىرى،
ياش تۆرۈپ ئۆلۈپ كەتتى.

قارا ـ قارا قاغىلار،
بالىلىرىغا دان بەرگەن،
كىچىككىنە مۇساۋاي،
قايقا ئۈستىدە جان بەرگەن.

دۈشمەنلەر چىقىپ كەلدى،
قايقا ئۈستىدىن ئۆتۈپ.
شېھىت بولغان يىگىتلەر،
قالدى قانلارغا پېتىپ.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كەلگەن،
جەرەن كۆزلۈك چاروللا.
قايقا ئۈستىدە ياتۇر،
قۇندۇز كۆزلۈك ياش باللا.

قايقا يولى تار ئىكەن،
ئىككى يېقى قار ئىكەن.
بالىسىنى كۆرمەككە،
بارچە يوقسۇل زار ئىكەن.

بۇلبۇل سايرار ياز كېلىپ،
كۆك چىمەن باغ ئىچىدە.
جاننى بەردىڭ ۋاقىتسىز،
باياۋان تاغ ئىچىدە.

ئاسماندىكى ئاي قايدا؟
«ئاۋات» دېگەن جاي قايدا؟
يۇرتنىڭ كۆز نۇرى بولغان،
توختىنىياز باتۇر قايدا؟

چۆل قايقىنىڭ بېشىدا،
قار كۆچمەي يېتىپ ئالدى.
شېھىت بولغان ئەرلەرنىڭ،
بالىلىرى يېتىم قالدى.

قايقا يولى ھەيۋەتلىك،
بۇلاق سۈيى شەربەتلىك.

مەقسىتىگە يېتەلمىگەن،
كېرىم ئاخۇن رەھمەتلىك.

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
جېنىمغىنە شۇ ئادەم،
قايقا ئۇستىدە يالغۇز.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىۋالدى، چۆكمەيدۇ.
قېرىنداشنىڭ ئوتلىرى،
يالقۇنجايدۇ، ئۆچمەيدۇ.

ئوقنى ئاتتى يۈرەككە،
يېنىپ تەگدى بىلەككە.
باي زالىملار قىلغىنى،
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

ئىشىك ئالدى توپ سېدە،
ئاتقا سېپ بېرەي بېدە.
زالىملارنىڭ زۇلمىدا،
بولدى يۈرەكلەر زېدە.

كەچ كىردى زاۋال بولدى،
دەرۋازىنى ياپقاندۇر؟
شېھىت بولغان يىگىتلەر،
قانغا مىلىنىپ ياتقاندۇر؟

ئۆستەڭ بويى سۈزۈك تاش،
ماڭغانلارنىڭ كۆزى ياش.
بۇ پەرماننى چىقارغان،
نىكولاي زالىم باغرى تاش.

# 6 ـ باب
# سارى جاز قوشاقلىرى

چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئىلىنى بېسىۋالغان مەزگىلدە، ئىلىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر، خۇيزۇ دېھقانلىرى ۋە ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنى مەجبۇرىي ھالدا رۇسىيىنىڭ قاراقول، تالغىر، چېلەك، ئالمۇتا قاتارلىق جايلىرىغا كۆچۈرگەن.

سارى جاز ـــ ئالمۇتاغا قاراشلىق بىر كىچىك ناھىيە بولۇپ، كۆچمەنچى خەلقنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەينى يىللاردا توقۇلغان بۇ قوشاقتا كۆچمەنچى خەلقنىڭ سارى جازغا يېتىپ بارغاندا بېشىدىن كەچۈرگەن ئېغىر كۈنلىرى ۋە تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

سارى جازغا يەتكەندە،
چۆپ قالدۇق ئوچاقتا.
دارىن [1] بىزنى پالايدۇ،
خەت كەلمەيدۇ بۇ چاغقا.

كۆرەدىن چىققان ھارۋا،
يان بۇلاققا ياماشتى.
مەن يۇرتۇمغا قارىسام،
يىغا ماڭا ياماشتى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
غېجەك سوقىمىز تاك ـ تاك.
نېمە تاپىمەن دەيسەن،
مەخپىر شاڭبېگى ـ پاختەك.

توقىلەك بىلەن شاكىر،
بىر كېپەك ئېتىپ كەلدى.
سارى جاز دېگەن يەرگە،
تۆمۈر شاھ يېتىپ كەلدى.

جىڭلاپ بەرگەن ئۇندىن،
ئېتىپ ئىچىمىز ئاشنى.

---

① دارىن ـــ ئەمەلدار مەنىسىدە.

بۆيرۇسا كۆرەرمىزمۇ
ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشنى؟

پالۋاننىڭ مىنگەن ئېتى،
ياتقان يەردە ئېغىنار.
بىچارە شۇ پالۋانلار،
باللىرىنى سېغىنار.①②

① ئا. شەمىيۋا: «خرستوماتىيە»، 1952 ـ يىلى نەشرى.
② ئۇچقۇنجان ئۆمەر: «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.

# 7 ـ باب
# ۋاڭخۇلۇ قوشاقلىرى

ۋاڭخۇلۇ قوشاقلىرى — ئىلى خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق قوشاقلارنىڭ بىرى. ئۇ ئادەتتە «ئۆستەڭ قوشاقلىرى»، «ۋاڭخۇلۇ ئالۋۇنى قوشاقلىرى»[1] دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن.

1760 ـ يىللىرى، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، مەكىت، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىن نەچچە ئون مىڭلىغان يېزا ئاھالىسىنى مەجبۇرىي ھالدا ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقىپ بوز يەر ئاچقۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلدۇردى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرى يەرلىك پومېشچىك ـ بەگلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يەنە ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن كۇرە شەھىرىگىچە 90 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چاپقۇزدى. ئۆستەڭ چېپىش جەريانىدىكى بۇ ئېغىر ئەمگەككە ئالدى بىلەن دېھقانلار قاتناشتۇرۇلدى، زالىم بەگلەر قامچىلىرىنى ئوينىتىپ، كەڭ ئاۋامنى قاتتىق خورلىدى. خەلقنىڭ تارتمىغان ئازابى قالمىدى، ئىلىدىكى ئاقئۆستەڭ ئەنە شۇ يىللاردا چېپىلغان، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قانلىق كۆز ياشلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى. «ئۆستەڭ قوشاقلىرى» ياكى «ۋاڭخۇلۇ قوشاقلىرى» ھەر يىلى ئەتىيازدا تېرىلغۇنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە باشلىنىدىغان ئەنە شۇ ئالۋان ـ ھاشار ئىشلىرىنى مەزمۇن قىلىپ توقۇلغان. بۇ قوشاقلاردا ھاشارچىلارنىڭ تارتقان ئېغىر كۈلپەتلىرى، ئاۋام خەلقنىڭ روھىي ھالىتى، ئەمەلدار، گۇڭتۇ[2] لارنىڭ زالىملىقى، ھاشارچىلار ـ مەدىكارلارنىڭ چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرى ۋە يەرلىك پومېشچىك ـ ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. زالىملارنىڭ «دەريانى ئادەم ئارقىلىق توسۇش»تىن ئىبارەت ئەخمىقانە قىلىقلىرى ناھايىتى كۈچلۈك تىل ئارقىلىق مەسخىرە قىلىنغان.

«ۋاڭخۇلۇ قوشاقلىرى» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.
ھاشارچى كۆرۈپ بۇنى،
خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۇرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر،
ئادەم بىلەن توسماقچى.

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ.

[1] ۋاڭخۇلۇ — خەنزۇچە سۆز بولۇپ، دەريانى قاچۇرۇش ياكى ئارقىسىغا ياندۇرۇش دېگەن مەنىدە.
[2] گۇڭتۇ — ئىش باشقۇرغۇچىلار، ئىش ھۆددىگە ئالغۇچىلار مەنىسىدە.

زالىم تۆگچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ئۆستەڭنىڭ قېشى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىلدايدۇ.
زالىم بەگلىرى كەلسە،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

يۇقرالار كېچە - كۈندۈز،
بۇ دەرياغا ئىشلەيدۇ.
ئۆيىنى خىيال قىلىپ،
زار قاقشايدۇ، يىغلايدۇ.

ئاقئۆستەڭنى چاپسۇن دەپ،
جاڭجۇندىن چۈشۈپتۇ خەت.
پەرماننى ئېلىپ چىقتى،
زالىم تىلمىچى ئەخمەت.

بېرىپ ئۆستەڭ بېشىغا،
يەردىن چام بۆلۈپ بەردى.
جانلاردىن ئۆتۈپ كەتتى،
ئالۋان - سەيسىنىڭ دەردى.

ئۆستەڭ چاپمىغان خەقنى،
دارلاپ قامچىغا باستى.
چىدىيالماي قامچىغا،
ئۆستەڭ ياقىلاپ قاچتى.

ئۆستەڭنى چېپىۋېتىپ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
كەمبەغەل ھاشار بىلەن،
ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتتى.

چېپىپ پۈتكەن ئۆستەڭدە،
سۇلار ئاقار شارقىراپ.
ئۆستەڭ بويىغا كەلسەڭ،
بايلار كېلەر ۋارقىراپ.

دەريا - ئۆستەڭ سۈيىگە،
مىراب دېگەن باش ئىكەن.

ئادالەتنى بىلمىگەن،
باغرى قارا تاش ئىكەن.

قىيان كەلدى شارقىراپ،
كوچا ـ كوينى ياقىلاپ.
جاننى ئالدى بەگ ـ بوجاڭ،
«توس سۇنى!» دەپ ۋارقىراپ.

ئۆستەڭ چاپماي بەگ، غوجام،
تولدۇرۇپتۇ سېڭىنى.
ئۆستەڭ چېپىپ ئاچ قالدۇق،
بىزگە بەرمەس ئۈنىنى.

هاشار كەلسە قات ـ قەۋەت،
بىز چىكمىز نادامەت.
بىرەر قېتىم سۇ تۇتساق،
باشقا كەلگەن قىيامەت.

ياز بولسا قىلار غەمكىن،
ۋاڭخۇلۇنىڭ ئالۋىنى.
بۇ هاشارغا باش بولغان،
زالىملارنىڭ يامىنى.

ئىلى دەريا توسۇن ئات،
ۋاڭخۇلۇدا توسۇلماس.
هاشارچىلار غەزىپى،
ئەمدى زادى بېسىلماس.

## 8 - باب
## ھاشار - ئالۋان قوشاقلىرى

1765 - يىلى ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىڭى دەھشەتلىك باستۇرۇلغاندىن كېيىن، 8000 ئۆيلۈك ئادەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سۈرگۈن تەرىقىسىدە ئىلىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى، ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن بۇ كىشىلەرگە بىنەم يەر ئېچىش، ئۆستەڭ چېپىش، ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئولتۇراق ئۆي سېلىش، قورغان - سېپىل سوقۇش، ئوۋ قىلىپ ئوزۇق - تۈلۈك جەملەش، ئات - ئېشەكلەرگە يەم - خەشەك تەييارلاش قاتارلىق ئالۋان - ياساقلار يۈكلىنىپ، يىلمۇ يىل كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ تىنغۇدەك ھالى قالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئەمگەكچى خەلق «جان پۈتۈكى»، «چوقا بېشى»، «خان پۇلى»، «يەر پۇلى»، «سۇ پۇلى»، «قونالغۇ پۇلى»، «ئوت - خەشەك پۇلى»، «پۇقرالىق پۇلى»، «باسقاق - چېرىكلەر پۇلى»، «خوجىدارلار پۇلى»، «مىرابلىق پۇلى»، «غەللە پۇلى»، «تاپان ھەققى»، «چاي پۇلى» ۋە باشقا ناملاردا ئاتالغان 65 تۈرلۈك ئالۋان - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنغانىدى. يۇرت ئىچىنى كەمبەغەل - نامراتلىق، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىك قاپلاپ كەتتى، خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا يېتىدىغان ئادەم بولمىدى. ھاشار - ئالۋان بىر چوڭ ئاپەت بولدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ھاشار - ئالۋان ھەققىدە ئىجاد قىلىنغان قوشاقلار خەلق ئارىسىدا تارقالدى. ئەمگەكچى خەلق زالىم ھۆكۈمرانلارغا، چوڭ پومېشچىك - ئاقسۆڭەكلەرگە، يەرلىك بەگ، شاڭيولارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، باشتىن كەچۈرگەن تۈرلۈك قىسمەتلىرىنى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى مۇشۇ قوشاقلاردا ئىپادىلىگەن.

ھاشار - ئالۋان ھەققىدىكى قوشاقلارنىڭ سىنىپىي تەۋەلىكى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق ھاياتىنى بايان قىلغان. بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى بەختلىك كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يېتىشتە زور ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

ھاشار يولى ئۈچ كۈنلۈك،
بىزگە چۈشكەن مۈشكۈللۈك.
بايلار بارسا بىر كۈنلۈك،
كەمبەغەلگە ئون كۈنلۈك.

كەتمەن چاپماي بەگلىرىم،
تولدۇرۇپتۇ سېڭىنى.
ئاقئۆششاق بىلەن كۆمەچ،
كەمبەغەلنىڭ يېگىنى.

قىيان كەلدى شارقىراپ،
كوچىلارنى ياقىلاپ.

جاننى ئالدى بەگ ـ بوجاڭ،
سېلىق بەرا ـــ دەپ ۋارقىراپ.

قىزىق چۆپنى ئىچمەيمەن،
كۆيدۈرىدىكەن ئەتنى.
بىزگە نۆۋەت كەلگەندە،
ئاندىن ئېيتمەن دەردنى!

ئالۋان كەلدى ئالامەت،
چېكنۇەردۇق نادامەت.
ئالۋان ـ ياساق كەلگەندە،
بىزگە بولۇر قىيامەت.

تىنىمسىز ئىشلەپ يۈرۈپ،
بەللەر مۈكچىيىپ كەتتى.
ئالۋاننى تۆلەمەستىن،
جېنىمىز ئېقىپ كەتتى.

سېپىل ئىچىدە دارىن،
ئالۋان ـ ھاشار ئويلايدۇ،
دەردى تولا پۇقرانىڭ،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلايدۇ.

ئالۋان ھوسۇلۇم تولا،
قوياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قويمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق.

ھاشار، ئېلىق ـ سېلىق دەپ،
كۈندە ئالۋان غوۋغىسى.
ئىشكلەردىن كەتمەيدۇ،
لالما ئىتتەك دورغىسى.

ئالۋان ـ ياساق بېرەلمەي،
دېھقان ئوغلىنى ساتتى.
بەرسەكمۇ يۈز خو ئاشلىق،
تويماي يەنە ئېغىز ئاچتى.

يەنە ئالۋان كېپ قاپتۇ،
مەن ئېتىمنى ساتايمۇ؟
پىيادە مۇكچىيىپ يۈرۈپ،
باللىرىمنى باقايمۇ؟

ھەر مەلىدە، ھەر ئۆيدە،
ئالۋان، ياساق ھەم سەيسى.
بىر ھەپتىدە قىرىق قېتىم.
دەشنام، تاياق ھەم نەيزى.

زالىملار زامانىدا،
ھەر مەلىدە بىر قازان.
چوڭ - كىچىك ھەم ياش - قېرى،
تاپالمىغان ھېچ ئارام.

نەچچە يىللاپ ئۆتتۇككە،
تەگمەس ھەرگىز تاپىنىم.
ئۆي ئىچىدە بار - يوقى،
ئىككى سېۋەت، بىر خاپىنىم ①

كىيگىلى بار سوغۇقتا،
مىڭ بىر ياماق چاپىنىم.
خوش - خوش دەپ تىل ئۈزەلمەي،
ئاقىرىپتۇ ساقىلىم.

جېنىمىزنى ئېپ كەتتى،
ئالۋان - سېلىقنىڭ دەردى.
يۈرەكلەرگە بەك پاتتى،
دورغا - يايىلار زەردى.

ئىلگىرى ھەربىر ئۆيدىن،
ئالدى ئون ئالتە ئاشلىق.
بۇ يىل ئالدى قوشۇلۇپ،
ئوتتۇز ئىككى خو ئاشلىق.

بەش قويلۇققا زاكات يوق،
ئون قويلۇققا بەش زاكات.

① خاپان — تاغار - قاپ مەنىسىدە.

ئاتلىقلارغا ئالۋان يوق،
پىيادىگە چۈشتى ئات.

بىر مو يەرگە ئون ھاشار،
ئون مو يەرگە بىر ھاشار.
يۈز مو يەرگە يوق ھاشار،
مىڭ مو يەرگە تاماشا.

كۆرە يولى بەك ئۇزۇن،
يولدا پۇتقا تاش پاتتى.
شۇنچە ئىشلەپ ئالۋانغا،
تۆگىتەلمەي باش قاتتى.

ئاتامنىڭ ھالىنى دەيمۇ؟
ئۆزۈمنىڭ ھالىنى دەيمۇ؟
بۇ دەردلەرگە نە چارە؟
دەردىمنى ئېيتماي ئۆلەيمۇ؟

ئاخشىمى ياتار چاغدا،
سالغىلى كىگىز قېنى؟
جانلاردىن ئۆتۈپ كەتتى،
زالىملارنىڭ قىلغىنى.

# 9 ـ باب
# سىپىل قوشاقلىرى

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چىڭ خاندانلىقى جۇڭغارلارنىڭ كۆپ قېتىملىق پاراكەندچىلىكلىرىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەينى يىللاردىكى ھۆكۈمرانلار نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىنى كۆرە شەھىرىگە توپلاپ، چوڭ سىپىل سوقتۇرۇپ، خەلقنى تېخىمۇ ئاسان ئىدارە قىلىش ۋە باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىققانىدى. قەشقەر ۋە ئاتۇشتىكى ھۆكۈمرانلارمۇ «چېگرىنى قوغداش»نامى ئاستىدا، ئەمگەكچى خەلققە تۈرلۈك ھاشار، مەدىكارلىق سېلىقلىرىنى سېلىپ، زۇلۇمنى كۈچەيتتى، سىپىل سوقۇش ھاشارىغا بارمىغان ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى رەھىمسىز جازالاپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

«سىپىل قوشاقلىرى» ــــ ئەنە شۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ قوشاقلار غۇلجا، قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق يۇرتلاردىكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ سىپىل سوقۇش جەريانىدىكى ئەمگەك ئازابى ۋە زۇلۇمغا قارشى نارازىلىق كەيپىياتىنى ۋە ئىسيانكارلىق روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ قوشاقلار مەزمۇن ۋە تىل جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا پايدىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

سىپىل سوققىلى كەپتۇ،<br>
سەھرادىن قېرى ـ ياشلار.<br>
تولا تارتىپ بۇ دەردنى،<br>
ئاقاردى بىزنىڭ باشلار.

سۇلتان خوجام سورايدۇ:<br>
ــــ سىپىل سوققانلار نەلىك؟<br>
بىز نېمە گۇناھ قىلغان،<br>
بىكار ياتىدۇ شەلىك.①

بىز سىپىلغا چىققاندا،<br>
خۇدايىم ساقلىسۇن ئوقتىن.<br>
ئەجەبمۇ قۇتۇلمىدۇق،<br>
زۇلۇم بىلەن زورلۇقتىن.

سىپىلنى سوقۇۋېتىپ،<br>
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.<br>
بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن،<br>
بەللەر مۈكچىيىپ كەتتى.

---

① سىپىلنى ئاساسەن دېھقانلار سوققان، شەھەرلىكلەرگە سىپىل سوقۇش ئالۋىنى سېلىنمىغان.

يېڭى سوققان سېپىلنىڭ،
ئەتراپىدا جىق پوتەي.
سېپىل سوقۇپ خارلاندۇق،
ئادەم يامىنى دوتەي.

تېرەكلەر ئېگىز ئۆسۈپ،
چۈشتى سېپىلغا سايىسى.
سېپىلنى سوقماي دېسەك،
ئۇرۇپ قىينار يايىسى.

سېپىلغا چىقىڭ، باللار،
دۈم ـ دۈمنى سوقۇڭ، باللار.
پاششاپبەگ قوغلاپ كەلسە،
ئۇن سالماي قېچىڭ، باللار.

قاسىم دېگەن داخەنزە،[①]
سېپىل تۈۋىدە قالدى.
مېنىڭ يارىم خوخەنزە،[②]
ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە قالدى.

سېپىل چۈشتى ئازاققا،[③]
يېڭى شەھەر سالماققا.
بارمىغانلار ھاشارغا،
ئەمدى قالدى تاياققا.

ئالۋان چاچتى يۈزبېشى،
ئاسماندىكى تۈتۈنگە.
دوقى بىزگە خۇشامەت،
بولدى گېپى پۈتۈنگە.

ئاچيا[④] بويى ئاق بوزاڭ،
سۇ كۆرمىگەن توپىسى،
مېلى باردىن مال كەتتى،
مېلى يوقنىڭ توخۇسى.

---

① داخەنزە — چوڭ، باتۇر، نوچى.
② خوخەنزە — باتۇر يىگىت.
③ ئاتۇشتىكى يۇرتلارنىڭ نامى.
④ ئاتۇشتىكى يۇرتلارنىڭ نامى.

بوتۇڭ كەلدى، ئىت كەلدى،
پۈلى يوقنى چىشلەيدۇ.
پۈلى بارنىڭ ئالدىدا،
مالاي بولۇپ ئىشلەيدۇ.

سېپىل سوقتۇق ئاچياغا،
ئىشتارچى① نىڭ يېنىغا.
يۇدۇپ چىقتۇق توپىنى.
ئېگىز سېپىل تېمىغا.

نىزام بىلەن پالتاجى،②
هاشارچىغا باش بولدى.
كەمبەغەلنىڭ ئوغلىنىڭ،
بېشى قېتىپ تاش بولدى.

تاراسلىغان قامچىنىڭ،
ئۇچى قىزىل قان بولدى.
قاڭ ئۇرغانلار هاسىراپ،
ئاخىر يېرىم جان بولدى.

يېڭى شەھەر يېقىن بولدى،
باقۇ③ بىلەن تېتىرغا ④
ئىشلەۋەردۇق بىكارغا،
ئىگە بولماي ھىجىرغا.

سېپىلنىڭ تېمى ئېگىز،
ئەتراپىدا خەندەكلىك.
ماتا كىيگەن مەدىكار،
ئۆيدە ياتار دەردمەن.

تىجەن⑤ سېيى يامان ساي،
سەل كېلىدۇ شارقىراپ.
جېنىمىزنى ئېپ بولدى،
يايى، دورغا ۋارقىراپ.

باغرىق⑥ بىلەن ئازغاندىن،⑦
ھەيدەپ كەلدى باپكارنى.
بەش تەڭگىگە ئېپ كىيدۇق،
بىر تەڭگىلىك ماتانى.

بۇگەن⑧ بېشى بۇيامەت،
ئەسلىي ئىسمى باي ئەمەت.
ئۆمرۈم ئۆتتى هاشاردا،
تۇغۇلغانغا نادامەت.

---

①②③④⑤⑥⑦⑧ ئاتۇشتىكى يۇرتلارنىڭ نامى.

مەشئەتتىكى جوٰزىدىن①،
چىرىك چىقتى شاپاشلاپ،
گەپ قىلساق سولاپ قويدى،
گۆشىمىزنى تاراشلاپ.

ئاتوٰشتىكى ئازاقنى،
يەر - زېمىندا باي دەيدوٰ.
سەيسى چىقسا نامراتنىڭ،
بېشى قېتىپ ۋاي دەيدوٰ.

تۆت قوۋوٰقلوٰق سېپىلنى،
قىرىق كوٰندە پوٰتكوٰزگەن.
دەررە - قامچا دەردىنى،
جېنىمىزدىن ئۆتكوٰزگەن.

ھاكىم چىقتى ئاچىياغا،
قوموٰش قوٰلاق ئات مىنىپ.
تاغار يوٰدگەن بالىنىڭ،
كەتتى بېلى قاتلىنىپ.

بوتوٰڭ چىقسا باغرىققا،
نانىنى چىگدوٰق ياغلىققا.
دېۋەيلىدى: ئىشلە ! — دەپ،
ئۆيدە ياتقان ئاغرىققا.

كېچىڭزى②نى شور دەيدوٰ،
تاپالمىدىم شورىنى.
چىقىۋەتكوٰدەك بولدوٰم،
توٰتوٰن چىققان مورىنى.

قوٰم سىغىردا③ باي بارموٰ؟
ئوروٰق قويدا ماي بارموٰ؟
كەتمەن چاپقان ھاشارچى،
ئوتلىغوٰدەك چاي بارموٰ؟

كەتمەنىنىڭ سېپى قاتتىق،
قاپىرىپتوٰ ئالىقىنىم.
سېپىل پوٰتكوٰچە ئۆيدە،
بىر قېتىممو ياتمىدىم.

سېپىل سوقوٰپ شە سالدوٰق،
ھاكىم بېگىم سورايدوٰ.
باي ئۆيىدە پولوٰ يەپ،
كەمبەغەلنى يونايدوٰ.

---

① جوٰزى — ساقچىخانا مەنىسىدە.

② ③ ئاتوٰشتىكى يوٰرتلارنىڭ نامى.

## 10 ـ باب
## ئامبال زۇلۇمى ھەققىدە قوشاقلار

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا جاھانگىرلار ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قولچوماقلىرى، زالىم ئامباللارنىڭ چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق ئېزىشى ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى دۆلەتنى ئاجىز، خەلقنى نامرات قىلىۋەتكەنىدى.

مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇم تۈپەيلىدىن سەرسان بولغان خەلق ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى.

بۇ قوشاقلار 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئامبال زۇلمىدىن چاك ـ چاك بولغان مۇڭلۇق قەلبى ۋە زۇلۇم ـ كۈلپەتكە بولغان چەكسىز غەزىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئامبالغا ئامبال،
شايىدا تامبال.
يۇرتنى سوراپ يەيدۇ،
يامۇلدىكى ئامبال.

ئامبالنىڭ قىزى،
دايىنىڭ① قىزى،
چوقۇر دېمەڭلار،
تاياقنىڭ ئىزى.

ئامبال ئالدىدا،
دايى كەينىدە.
مەن قانداق قىلاي،
زۇلۇم دەردىدە؟

ئامبىلى ئاق ئاتلىق،
دايى كۆك ئاتلىق.
گۈندىدا يىغلايدۇ،
گۇناھسىز خەلق.

ئامبالغا ئاق چاي،
دايىغا كۆك چاي.
گۈندىپايلارنىڭ،
كېپىنىنى پىچاي②.

① دايى ــ بايۋەچچە، بەگزادە
② ق. ھەسەن: «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى»، 1950 ـ يىلى ئالمۇتا نەشرى.

## 11 ـ باب
## يەتتە قىزلىرىم ھەققىدە قوشاقلار

17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇچتۇرپاندا بەش يىل ئامبال بولۇپ تۇرغان سۇ چىڭ ۋە يەرلىك ھاكىمبەگ ئابدۇللا ۋەكىللىكىدىكى چىڭ خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى ئەمگەكچى خەلقنى ئۆلۈم گىردابىغا ئەكېلىپ قويىدى. ئۇچتۇرپاندىكى غەزەپ ـ نەپرىتى تېشىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان رەھمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئاشۇ ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى نۇرغۇن قېتىم شىددەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ باردى، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدىكى مايىسخان قاتارلىق يەتتە قىز دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇپ، كۆپ قېتىملىق مۇھاسىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ باتۇر، پىداكارلىق روھىنى نامايان قىلدى. ئۇلار مۆلجەر تاغدىكى ھايات ـ ماماتلىق ئاخىرقى جەڭدە، دۈشمەنىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن تاغ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ قاتتىق ئېلىشتى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى تىك ياردىن تاشلاپ، ئەركىنلىك يولىدا قۇربان بولدى.

«يەتتە قىزلىرىم ھەققىدە قوشاقلار» ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇ تەۋەسىدە تارقالغان بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا مەرد، باتۇرلۇق تەربىيىسى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە.

ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن سەن ئەمەس،
نان بېرىدۇ خۇدامۇ.
يەتتە قىزغا ئۆكسۈمەس،
خەلقىمىزدىن دۇئامۇ.

يەتتە دېگەن ساناقنى،
مىليون بارماق سانايدۇ.
ھەر ساناقتا يەتتە قىز،
بارماقلاردىن مارايدۇ.

ئۆلگەن ئەمەس يەتتە قىز،
يەتتە مىڭ بولۇپ تارالغان.
يەتتە قىزنىڭ قېنىدىن،
نۇرغۇن پالۋان يارالغان.

جانان بولار يەتتە قىز،
يەتتە مۇشتنى ئاتقانغا.
جازا بەرسۇن خۇدايىم،
يەتتە قىزنى ساتقانغا![1]

[1] «تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر»، 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 – يىلى نەشرى.

## 12 ـ باب
## يالغۇز تويۇن قوشقى

يالغۇزتويۇن ــ قۇمۇل شەھىرىنىڭ تاشۋىلىق يېزىسىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

1688 ـ يىلىدىن 1694 ـ يىلىغىچە غالدان قۇنتەيجى پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنى قاتتىق پاراكەندىچىلىككە سېلىپ، يۇرت ـ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. ئۇ باشچىلىق قىلغان قورالىلىق باسمىچىلار قۇمۇلنىڭ يالغۇز تويۇن قاتارلىق جايلىرىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئورما ئورۇۋاتقان بىگۇناھ 66 نەپەر ياشتىن 40 نەپىرىنى قىرغىن قىلغان، 26 نەپىرى قېچىپ قۇتۇلغان. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان ئۆمەر باتۇر باشچىلىقىدىكى قۇمۇل خەلقى باسمىچىلارغا قارىتا جازا ئورۇشى قىلىپ، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ قوشاق ئەنە شۇ تارىخىي ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يالغۇز تويۇن توغرىسىدا يەنە داستانمۇ يېزىلغانلىقى مەلۇم.

يالغۇزتويۇن بىر پارچە تاغ،
تەبىئىي قورغان.
ئاتمىش ئالتە ياش بالىنى،
بوغدايدەك ئورغان.

يالغۇزتويۇن، يالغۇز خادا،
سۇلارنى سەپكەن.
ئۆزى پېقىر، كۆڭلى سۇنۇق،
ئاسماننى تەپكەن.

يالغۇزتويۇن، يالغۇز جاڭزا،
ئۆزى شو خوزا.
ياتقان يېرى ئالتۇن خادا،
كۈمۈش موخوزا.

يالغۇزتويۇن تاغ ئارقىسى،
قاپقارا سايدۇر.
ئۆمەر باتۇر مىنگەن ئېتى،
كۆك ئالا تايدۇر.

كۆك ئالا تاينى مىنىپ ئۇ،
شامالدەك چاپقان.
چىدالماستىن ياۋ لەشكەرلىرى،
ئۆرۈلۈپ قاچقان.

ئاتمىش ئالتە بىگۇناھ ياش،
«ئاللا» دەپ ياتقان.
ئاتا ـ ئانىسى يىغلىپ كېلىپ،
ماتەمگە پاتقان.

لاچىن كۆلدىن چۈشۈپ كەلدى،
ئاتلار ئويناتىپ.
قوللىرىدا كۈمۈش مىلتىق،
قۇلانلار ئاتىپ.

لاچىنى غولدىن چۈشۈپ كەلدى،
بىر ھاشىم ئوغلان.
قىزىل ـ يېشىل تون كىيىپتۇ،
ياقىسى بۇلغۇن.

ئۆمەر باتۇر جەڭگە چۈشۈپ،
قاقشىدى دۈشمەن.
قۇيرۇقىنى تىكىپ قاچتى،
ياۋ ـ سېسىق ئەمەن.

ئۆمەر باتۇر خۇش ئەر ئىدى،
تاغ ـ داۋان ئاشقان.
ئاتنى قويۇپ، تاينى مىنىپ،
خوتەنگە يول ئاچقان.

يالغۇزتويۇن، تاغ ئارقىسى،
تۇپتۇز بىر تەبىئىي قورغان.
بىر مىڭ ئۇچ يۈز چېرىك كېلىپ،
كەينىگە قاچقان.

يالغۇزتويۇن بىر تاغ ئىكەن،
ئۇن بىر كۈن تۇردۇم.
مەن ـ مەن دېگەن يارەنلەردىن،
ھال ـ ئەھۋال سوردۇم.①

① ئا. ئىسمائىل: «قۇمۇل نەزمىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

# 13 ـ باب

# زالىم قازىلار ھەققىدە قوشاقلار

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە زىيانكەشلىك قىلىش، زۇلۇم قىلىش جەھەتلەردىكى ماھىيىتى بىر بولغىنىدەك، دىنىي نىقابقا ئورىنىۋېلىپ، خەلقنى دەھشەتلىك ئەزگەن ۋە قاقشاتقان زالىم قازىلارنىڭمۇ ماھىيىتى بىر، تىلى بىر. بۇ قوشاقتا ئەينى يىللار ـ دىكى قاراڭغۇ ـ زۇلمەت ئىچىدە ئىڭرىغان شىنجاڭنىڭ غۇلجا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىكى زالىم قازىلارنىڭ پۇقرالارغا قىلغان زىيانكەشلىكى بايان قىلىنغان، ئادالەتسىز زامانىنىڭ چۈمپەردىسى ئېچىپ تاشلانغان.

«زالىم قازىلار ھەققىدە قوشاقلار» شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تارىخى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، چۈشىنىۋېلىشقا نىسبەتەن مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

ھوشۇر باقى، مەخپىر قازى،
نۇرى ساغلىق.
پۇقرالارنىڭ يۈرەك باغرىن،
قىلدى داغلىق.

قازى بولغان تىرىكتاپلار،
شۇنداق بولسا؛
ئاخىرەتتە راھەت كۆرەر،
يېرى چاغلىق.

ۋادەرىخا، بۇلاردىن كۆپ،
ئەلەم يەتتى.
ئازابىدىن يۈرەكلەرگە،
جىق دەز كەتتى.

بۇ پانىيدا مەنسەپ دېگەن،
شۇنچىلىككەن.
ئاخىرىدا بۇلارنىمۇ،
تاشلاپ كەتتى.①

① ق. ھەسەن: «ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى»، 1950 ـ يىلى نەشرى، ئالمۇتا.

## 14 ـ باب
## ئاچ كۆز مولللار ھەققىدە قوشاقلار

«ئاچ كۆز مولللار ھەققىدە قوشاقلار» روشەن خاھىشقا ئىگە. ئۇنىڭدا ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك دىنىي نىقابقا ئورىنىۋېلىپ، ئەمگەك قىلماي ھالال تۇرمۇش كەچۈرمەي، ئەمگەكچى خەلقنى ئالداپ شىلىپ يەيدىغان ئاز ساندىكى ئاچ كۆز مولللارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى پاش قىلىنغان. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئالللاھۇممە گاچ ـ گاچ،
قارنىم تويدى، كۆزۈم ئاچ.

يىراق قىلما خىزىردىن،
قۇرۇق قويما نەزىردىن.

قورسىقىمنى كەڭ قىلساڭ،
كوھىقاپقا تەڭ قىلساڭ،

ئېلىۋەرسەم، بەرمىسەم،
قىيامەتكە بارمىسام.

بارىغا پەتە، يوقىغا ئەتە،
ئامىن، ئالللاھۇ ئەكبەر.

ئەينى يىللار قۇمۇل تەرەپلەردە مولللار ھەققىدە مۇنداق قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان:

قىر سايلىقنىڭ موللىسى،
قارا تونلۇق ياۋاش كىشى.
قۇشناچىم قېرىپ قېلىپ،
ئاغزىدا قالماپتۇ چىشى.

نىكاھ ئوقۇپ بۇ موللا،
ياغلىق ياپقان تۆش تاپۇر.
قۇشناچىم ئۆيدە قېلىپ،
چايناپ گۆش راھەت تاپۇر.

سىرتقا چىقىپ بۇ موللا،
ئۇيان ـ بۇيان قاراپ باقۇر.
قۇشناچىم تەمە بىلەن،
ھويلىدىن ماراپ باقۇر.

## 15 - باب
## شەخۇمارى قوشىقى

«شەخۇمارى قوشىقى» قۇمۇلدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

1695 - يىللىرى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، قۇمۇلنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى خېلىلا ئوبدان يولغا قويۇلغانىدى. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئېشەك، تۆگە ۋە كۆتەك ھارۋا كارۋانلىرى بىلەن ماللارنى كەلتۈرگەن سودىگەرلەر خېلىلا نەپ - مەنپەئەتكە ئېرىشكەنىدى. ئۇلار بىر قىسىم ئەشيالارنى، تۈرلۈك ماللارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتەتتى. ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا جىددىي كېرەكلىك بولغان بىر قىسىم ماللارنى ئىچكىرىدىن ئالدۇرۇپ چىقىپ سودا قىلاتتى. ئەينى يىللاردا ھەر مىللەت كارۋانلىرىنىڭ قۇمۇلغا كېلىپ - كېتىپ بارغان قەدىمى توختىمايتتى. مانا شۇنداق شارائىتتا شەخۇمارى (شەھەر خۇمارى) قوشىقى مەيدانغا كېلىپ، ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلغان.

«شەخۇمارى» قوشىقىنىڭ ئاھاڭى ئۇيغۇرچە، تېكىستىتىكى سۆز - ئاتالغۇلار ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئارىلاشما بولۇپ، ئوقۇشقا، تۇتۇۋېلىشقا ئەپلىك، شۇڭا ئەينى ۋاقىتلاردا يەرلىك خەنزۇ، خۇيزۇلارمۇ بۇ قوشاقنى ناخشا قىلىپ ئوقۇغان. بۇ قوشاق مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا تېگىشلىك كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

نالى لەيدى لوتۇكې
ئې يارىمەي،
تۇرپان لەيدى لوتۇكې
شەخۇمارى.

لوتۇگىچە تودىسا،
ئې يارىمەي.
خاجۇ، خۇجۇ، جاڭ فېيزا،
شەخۇمارى.

خاجۇ، خۇجۇ، ساجاچىيەن،
ئې يارىمەي.
ئەرلياڭ، ئەرچەن، ئەرفۇڭ بەن،
شە خۇمارى.①

---

① «قۇمۇل نەزمىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

## 16 ـ باب
## زىندان قوشاقلىرى

ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە ئەزگۈچى سىنىپلار بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش توختىماي ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى قوشاقلار ئىنتايىن گەۋدىلىك. بولۇپمۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ تۈرمە، زىندانلىرىغا تاشلىنىپ، قاتتىق ئۇرۇپ ـ سوقۇلۇپ، تىل ـ دەشنام ئىشتكەن، ھاقارەتلەنگەن، كىشىلىك ھوقۇق، شەخسىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاچچىق قىسمەتلىرى تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن. زىندان قوشاقلىرى ئەنە شۇ تارىخنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسىدۇر.

يۇرتتىن نېرى بارمايمەن،
جان دۈشمەنگە قاداقلىق.
زالىملارنىڭ زۇلمىدا،
تولا كىشى قاماقلىق.

زىندانغا چۈشۈپ قالدۇق،
«گۇناھ» قىلغان ئوخشايمىز.
قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق،
ھارام ئۆلەر ئوخشايمىز.

قارىغانغا كۆرۈنمەس،
زىندان تېمى، ئېگىز تام.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغان.

زىندان ئىچى قىستىلاڭ،
تار قەپەسكە ئوخشايدۇ.
كېچىدە چىراغى يوق،
قاراڭغۇ گۆرگە ئوخشايدۇ.

زۇلۇم تارتقاچ زىنداندا،
كۆرگەن كۈن ئېغىر بولدى.
داق يەردە تولا يېتىپ،
سۆڭگەچلەر يېغىر بولدى.

گۈندىپاي يېتىپ كەپتۇ،
قولىدا يوغان قەلەم.

ئاتا ـ ئانىلار، يىغلىماڭ،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

ئاتامىسەن ئاتارىڭنى،
ئىككى پاي ئوقۇڭ يوقمۇ؟
ياخشىنى يامان دەيسەن،
ياراتقان خۇدا يوقمۇ؟

قولۇڭدىن كېلەر بولسا،
زىندانىڭدا ياتقۇزۇۋەت!
چېقىشتۇرۇپ خانلارغا،
ئوقۇڭ بىلەن ئاتقۇزۇۋەت!

زىندان تېمى بەكمۇ ئېگىز،
سۈۋاقسىز ئىكەن.
مەن يارىمغا كۆڭۈل بەرسەم،
پىراقسىز ئىكەن.

ئالتۇن قۇلۇپ توققۇز يەردە،
كىلىتى مەندە.
مەن زىنداندا ياتقان بىلەن،
خىيالىم سەندە.

ئاتا ـ ئانام سوراپ قالسا،
زىنداندا دەڭلار.
ھەق ئالدىدا ئېگىلمىدى،
سوراقتا دەڭلار.

زىندان تېمى ئېگىز ئىكەن،
چۆرىسى چىتلاق.
مەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
پۇتۇمدا تىزلاق[1].

بۇ ئالەمنى كەڭ ياراتتىڭ،
زىندانىڭنى تار.
ئىتلىرىڭنى بەگ ياراتتىڭ،
ئادىمىڭنى خار!

---

① تىزلاق ـــ پۇت ـ قولغا سېلىنىدىغان كىشەن مەنىسىدە.

## 17 ـ باب
## جىمسار ۋەقەسى ھەققىدە قوشاقلار

«جىمسار ۋەقەسى ھەققىدە قوشاقلار» ـــ 1929 ـ يىللاردا جىمسار ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ۋەقەنى ئاساس قىلىپ ئىجاد قىلىنغان. بۇ قوشاقلاردا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، جىمساردىكى دېھقان ئىسيانچىلارنىڭ تەشكىللىنىپ زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەت باشلىغانلىقى، قورقۇپ كەتكەن ياڭ زېڭشىن بۇ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن جىمساردىكى ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەر خىل ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئۇلارنى ئالدىغانلىقى، ئىككى ھەپتىلىك ئاق تېررورلۇق جەريانىدا بىرمۇنچە ئىلغار كىشىلەرنى تۇتۇپ، قاماپ، دارغا ئاسقانلىقىدىن ئىبارەت جىنايى ۋەقەلەر پاش قىلىنغان.

بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى، جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلەشتە مۇھىم يىپ ئۇچى بولالايدۇ.

تېزىنى باسسا مېزى
چىقىپ ھەمىشە.
لوجاڭجۈن[1]نىڭ بېشىغا،
چۈشتى ئەندىشە.

جىمساردىن چىقىپتۇ،
بىر مۇنچە «كانتۇ»[2].
لويىلارغا تېگىپتۇدەك،
قىرىچە، يانتۇ.
كانتۇ دېگەن ئوغرى ئەمەس،
پادىچى دېھقان.
دەرد ـ ئەلەمگە پايلىماي،
كۆتۈرگەن ئىسيان.

ئاز دېگەندەك زالىملارنىڭ،
ئالۋان ـ ياسىقى.

---

① لوجاڭجۈن ـــ ياڭ زېڭشىڭنى كۆرسىتىدۇ.
② كانتۇ ـــ ئوغرى، يانچۇقچى مەنىسىدە بولۇپ، ياڭ زېڭشىنغا قارشى چىقىپ نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى «كانتۇ» دېيىلگەن.

قۇرۇلۇپتۇ بۇتلارنىڭمۇ،
ھەرخىل تۈزۈكى.

بۇ بۇتلارنىڭ بىرى ئىمىش،
ئاشلىق ئىلاھى،[1]
ئاش بەرمىسەڭ گەر ئۇنىڭغا،
بولماسمىش رازى.

يەنە بىرى بۇ بۇتلارنىڭ
سۇ تەڭرىسىكەن،[2]
ئاش بەرمىسەڭ، ئېتىزىڭغا
سۇ بەرمەس ئىكەن.

قىيان كەلسە شار ـ شۇر قىلىپ،
توسالايدۇ كىم؟
ھەق تەلەپنى ھەل قىلىپ بەرمەي،
باسالايدۇ كىم؟

ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن،
ئالدىنار گاھى.
كارغا ياراپ قاپتۇ يەنە،
ياڭنىڭ[3] بەنپايى[4]

پەم ئىشلىتىپ نەندافۇشۇ[5]
تېپىپتۇ ئامال.
بۇتپەرەستىن بىر نەچچىنى،
قىلىپتۇ قامال.

چېقىپتۇدەك شۇ بۇتلارنى،
تىنچىپتۇ جېدەل.
ياڭ زېڭشىننى ماختاپ ساختا،
چىقىپتۇ غەزەل.

ئىككى جۈمە[6] جىمىساردا
بولۇپتۇ «تۇت ـ تۇت».

---

①② ئاشلىق ئىلاھى، سۇ تەڭرىسى ــ ئەينى يىللاردا بۇ ئىككى بۇت ئىككى نەرسىگە بەلگە قىلىنىپ، جىمىساردا ياسالغان.

③ ياڭ ــ ياڭ زېڭشىن.

④ بەنپا ــ چارە ـ تەدبىر، پىلان.

⑤ نەندافۇشۇ ــ ياردەمچى ئەمەلدار.

⑥ ئىككى جۈمە ــ ياڭ زېڭشىن جىمىساردا ئېلىپ بارغان ئىككى ھەپتىلىك دېھقان ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

غەم ـ ئەندىشە، ۋەسۋەسلەرگە،
چۆكۈپتۇ ئەل ـ يۇرت.

قۇتۇلغانلار تاغقا قاچقان،
ئازغانلار ئىمىش،
ياك جاكجۇنگە ئورەك ـ ئورا،
قازغانلار ئىمىش.

دارغا ئېسىپ قانچىسىنى،
قىلىپتۇ ساۋاق.
جىمىسارنى باستۇرۇپتۇ،
جىمىپتۇ چاتاق.

## 18 ـ باب
## خاڭ قوشاقلىرى

«خاڭ قوشاقلىرى» ــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەم تارىخىي تۈس ئالغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

1914 ـ يىلى باشلانغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ۋە يەرلىك پومېشچىك ـ بۇرژۇئازىيە شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن جان بېقىش كويىدا شىمالىي شىنجاڭغا چىققان تۈركۈم ـ تۈركۈم ئەمگەكچى مۇساپىرلار ئۇ يەردىكى پىلچى، كۆكيار قاتارلىق كۆمۈر خاڭلىرىدا ئات ـ ئۇلاغ ئورنىدا ئىشلەپ، كۆرمىگەن كۈنى، تارتمىغان دەرد ـ ئەلىمى قالمىغانىدى. ئەينى يىللاردىكى خاڭ ئىشچىلىرى توقۇغان بۇ قوشاقلاردا ئۇلارنىڭ قالاق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ كان خوجايىنلىرى ۋە گۇڭتۇلارغا يالىنىپ ئىشلەپ، بېشىدىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى تەسۋىرلەنگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ ئىشلەپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى، ياقا يۇرتلاردا خانىۋەيران بولغانلىقى، غەمكىن، بىچارە، ئەندىشە بىلەن تولغان روھىي كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن.

ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر كۆمۈركان ئىشچىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ قوشاقلار شىنجاڭنىڭ كۆمۈركان تارىخىنى، كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بىلىۋېلىشىمىزغا پايدىلىق. بۇ قوشاقلار ئۆتمۈشنى ئۇنتۇماي، بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە غەيرەت ـ جاسارەتكە كېلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىمىزغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

### 1

ئىلىنىڭ سول يېنىدا،
قاراياغاچ دەپ غولى بار.
غولى قېشىغا جايلاشقان،
پىلچى[1] دەپ خېڭى بار.

يازدا بولسا چاڭگۇڭ بىز،
خورجالارغا ئىشلىدۇق.

[1] پىلچى ــ غۇلجىدىكى خاڭ ئىسمى.

سوغ چۈشكەندە بىكار بوپ،
خاڭ تېگىدە قىشلىدۇق.

بوتۇڭلارنىڭ غېمى يوق،
قۇمدىن تولا ھېلىسى،
بەل داۋاندا① يول تۇرار،
خۇددى ساينىڭ تۈلكىسى.

يۇرتداش بولۇپ ھال سوراپ،
باشلاپ ماڭار گەنزىگە ②
بىز بىلمىز مەقسىتى،
بوغۇۋالماق قەرزگە.

باڭمەن ③ كېلىپ ھىجىيىپ،
باشلاپ ماڭار زۇخاڭغا④
«ياۋاش بولساڭ نەپ تولا» ـــ
دەيدۇ ئۇرۇپ دولاڭغا.

زۇخاڭدىن چۈشۈپ بېرىپ،
باش يوفاڭ⑤ ئىكەن دەيمىز.
جىڭدىن چۈشكەن ئاق نانىنى،
زالارغا مىلەپ يەيمىز.

زۇخاڭدىن چۈشۈپ بېرىپ،
ئەردىڭ يۇفاڭ بۇ دەيمىز.
بېشىمىز دىڭغا⑥ تەگكەندە،
ئىستىقىنا جان دەيمىز.

ئەردىڭ يۇفاڭمۇ دەيسەن،
سەندىڭ يۇفاڭمۇ دەيسەن.
خاڭغا چۈشكەن باللارنى،
خۇدا ئامان قىلغايسەن.

---

① بەل داۋان ـــ پىلىچى خاڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى داۋان يولى.
② گەنزە ـــ ئاشخانا.
③ باڭمەن ـــ بوتۇڭنىڭ ياردەمچىسى.
④ زۇخاڭ ـــ قۇدۇق ئاستىدىكى شامال ۋە ئادەم ماڭىدىغان يول.
⑤ باش يوفاڭ ـــ قۇدۇق بىلەن شامال كىرىش ئېغىزىنىڭ تۇتاشقان ئورنى.
⑥ دىڭ ـــ چىراغ.

زۇخاڭدىن چۇشۇپ بېرىپ،
لى سو[1] چاپقان ئوخشايمەن.
بېرىشى سۇنۇق يارماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن.

زۇخاڭ دېگەن تىك ئىكەن،
تەستە ماڭدۇق تېيىلىپ.
خاڭغا چۇشسەك تۇرۇپتۇ.
لىڭفۇدىسى[2] گىدىيىپ.

زادى دەيدۇ لىڭفۇدى،
كەتمەن ئالغىن قولۇڭغا.
ئۆلۇپ كەتسەڭ كارىم يوق،
چاققان ماڭغىن بوزىڭغا.[3]

داۋاتۇرغا[4] گۆش چۇشتى،
سۇ باتۇرغا[5] مەنتۇزا.
زاچى[6] كاڭشۇ بەك بوزەك،
ھەيدەپ يۇرگەن ھەر بوزا.

لىڭسى[7] ماڭدى بوزىغا،
سۇ گاڭزىنى[8] كۆتۇرۇپ.
سۇ چېپىشمۇ بەك جاپا،
باش چانايمىز كۇچۇنۇپ.

ئايلاپ چىقماي ئىشلىدۇق،
بوتوڭلارنىڭ زۇلمىدىن.
ساق چىقىشقا ئۇمىد يوق،
مىڭخۇلۇنىڭ[9] ۋەھىمىدىن.

سېرىق ئىسنىڭ دەستىدىن،
باش ئاغرىيدۇ چىڭقىلىپ.

---

① لى سو ــــ كۆمۇر ئاستىنى چاپقاندا بۇلۇڭ تەرىپىنى چېپىش.
② لىڭفۇدىسى ــــ خاڭ ئاستىدا ئادەم ئىشلەتكۇچى.
③ بوزاڭ ــــ كۆمۇر ئېلىنىپ بولغان چوڭ بوشلۇق.
④ داۋاتۇر ــــ خاڭ ئاستىدىكى ياغاچ تۇۋرۇكنى قايتۇرۇپ كۆمۇر چۇشۇرگۇچى.
⑤ سۇ باتۇر ــــ جوتو بىلەن كۆمۇرنىڭ ئاستىنى چېپىپ كىرگۇچى.
⑥ زاچى ــــ كۆمۇر توپىسىنى تازىلاپ توشۇغۇچى.
⑦ لىڭسى ــــ خاڭ تېخنىكى.
⑧ سۇ گاڭزى ــــ كۆمۇر چېپىلغان ئورۇننى ئۆلچەيدىغان ياغاچ ئۆلچىگۈچ.
⑨ مىڭخۇلۇ ــــ زەھەرلىك گاز.

كېسەل بولۇپ ياتساق بىز،
قاراپ قويماس كۆز سېلىپ.

كاڭشۇ ياڭزا ئۆيىمىز،
ئوتتۇرىسىدا خودۇيزە[①]
ئارام ئېلىپ ئولتۇرساڭ،
تەكلىپ قىلار دۇيدۇيزە.[②]

كونا خاڭنىڭ داڭقى بار،
سەكسەن يىللىق خاڭ دەيدۇ.
بىز ئىشلىسەك بوتۇڭغا،
سېنى باققان مەن دەيدۇ.

زاڭموزىمۇ[③] يېقىلدى،
چاڭسەن[④] بويلاپ يۈزىغا.
كاڭشۇ ماڭار ئامالسىز،
ئاچ قورساققا زورىغا.

شىما؟[⑤] — دېسە باغلايدۇ،
كومى[⑥] بىلەن شۇ سانى.
ئامال قانچە يىغلىسا،
ھېساب بولماس پۇل سانى.

كۆمۈر يارغان پومىدى[⑦]
دىڭغا قاراپ تىڭشايدۇ.
كۆمۈر باسقان باللارنىڭ،
ئەجەب جېنى قاقشايدۇ.

چاڭسەن چاپتۇق بوزىدا،
مىڭخۇلۇنىڭ ئىچىدە.
شامال يەتمەي ئۆچىدۇ،
دىڭخۇلۇمۇ كېچىدە.

---

① خودۇيزە — دۆۋىلەپ قالانغان كۆمۈر ئوتى.
② دۇيدۇيزە — قەغەز قىمار.
③ زاڭموزا — خاڭ يوللىرىغا قويۇلغان ھىجىر چىراغ.
④ چاڭسەن — كۆمۈرلۈكتىن ئېچىپ ماڭغان يول.
⑤ شىما؟ — نېمە؟
⑥ كومى — جاتوغا ھېسابلانماي چىقىدىغان ئۇششاق كۆمۈر.
⑦ پومىدى — چوڭ كۆمۈرنى پارچىلىغۇچى.

جۇۋاز[1] كەستۇق بىرچىغا
ئەندىشىدە تىپىرلاپ.
چاقچاقلىقتا قاچىمىز،
جان ساقلاشقا پىلدىرلاپ.

باشىكىدىسى[2] ساختىپەز،
پەيزە[3] قاتلاپ سانايدۇ.
باڭمىدىسى[4] ھەسرەتتە،
لىڭسى كۆزىگە قارايدۇ.

دازادىسى[5] ئىشەنچلىك،
خوجايىنغا بەك يېقىن.
لامادىسى[6] مۇگدەيدۇ،
كۆمۈر ساناپ ھەر قېتىم.

پىلىچىدە بار دەيدۇ،
مەيدان دېگەن گەمىلەر.
ئاڭا كىرگەن ئادەمنىڭ،
ھوشى كېتىپ چۆرگىلەر.

خاڭدىن چىققان مەيداندا،
بىھوش بولدى مېڭىمىز.
يەر ئاستىدا ئىشلەيمىز،
ئامان بولسۇن جېنىمىز.

بىزنى ئەزگەن خاڭچىلار،
قاتتىق تۇردى پۇلنى دەپ.
ئىسمىمىزنى ئاتىماس،
«قارا پاچاق ئوغرى» دەپ.

قاتتىق ئىشلەپ بىر قىشنى،
ئۆتكۈزۈپتۇق كۈن كۆرمەي.
ئەتىيازدا بىز قالدۇق،
يالاڭ ئاياغ پۇل كۆرمەي.

---

① جۇۋاز ــ كۆمۈردىن قالدۇرۇلغان كىچىك تۈۋرۈك.
② باشىكىدى ــ خاڭ ئۈستىدە قۇدۇق ئاغزىغا مەسئۇل كىشى.
③ پەيزە ــ چىققان كۆمۈرنىڭ ئارقان سانىنى ھېسابلايدىغان ياغاچ تاختا.
④ باڭمىدى ــ خاڭ ئاستىدىن كۆمۈرنى ئارقانغا باغلاپ چىقارغۇچى.
⑤ دازادى ــ چىققان كۆمۈرنى ئارقاندىن ئاجرىتىۋالغۇچى.
⑥ لامادى ــ كۆمۈر تارتىدىغان ئاتنى ھەيدىگۈچى.

قىچىپ كەتسەڭ گاڭگۈلغا،[1]
ياڭاڭ ئاياغ سوغۇقتا.
باڭمەن قوغلاپ ئۈرىدۇ،
ئاتلىق يەتسە تاياقتا.

ئاتتىن چاپسان ماڭمىز،
سوغۇق بولغاچ يولىمىز،
ئاچ قورساقتا ئۈششۈپتۇ،
قۇلاق، بۇرۇن، قولىمىز.

بوتۇڭ كەپتۇ خادىكتە،
ئادەم ئىزدەپ چاندۇرماي.
گاڭگۈل ياسىن[2] سىتىۋالدى،
كالتەك، قامچا ئۇردۇرماي.

گاڭگۈل خاڭغا بىز چۈشۈپ،
زەمبىل تۇتتۇق ئېگىشىپ.
بىر جاتۇغا[3] يەتمەستىن،
دۈمبە بولدى تېشىلىپ.

گاڭگۈل دېگەن تاغ ئىكەن،
بىر تەرىپى يان بېغىر.
جىمى خاڭدا ئىشلىدۇق،
جان بېقىشمۇ بەك ئېغىر.

لەلەشاڭدا[4] ئىشلىدۇق،
ئۆمىلەپ مېڭىپ چاڭشەندە.
ھەممە يەردە ئامال يوق،
بولدۇق ئەجەب دەپسەندە.

لىڭسى بەرگەن ياڭيۇنى،
كۆمۈپ قويغان ئوچاقتا.
پىشسىمۇ ئۇ پىشقاندۇر،
قوشۇپ قويياي ئوچاقتا.

---

① گاڭگۈل ـــ خاڭ ئىسمى.
② گاڭگۈل ياسىن ـــ گاڭگۈل خاڭدىكى زومىگەر بوتۇڭ.
③ جاتۇ ـــ ئىشچىلارنىڭ بىرگۈلۈك ھەققى ئۆچۈن ئۆلچەملىك كۆمۈرنىڭ ئارقان سانى.
④ لەلەشاڭ ـــ گاڭگۈل خاڭنىڭ بىر تەرىپى، يەر نامى.

ئونىنچى ئاي كېلىپ قاپتۇ،
يۇرۇڭلار چىقىلى خاڭغا.
خاڭجادىن چاڭسەن ئېلىپ،
زۇلۇم سالىلى جانغا.

خاڭجانىڭ پۇلى كۆچلۈك،
قىلتاق سالار ھەر ياڭزا.
خاڭدا ئىشلىگەن باللار،
يېتىشى چۇچۇنلۇك فاڭزا.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ،
قالىمىز لەۋنى چىشلەپ.
تاۋكالارغا كىم كەلسۇن؟
ياندىكى پۇلنى پىشلەپ.①

خاڭجا باللىرى دەيدۇ،
قارا قۇندۇزغا ئوخشايدۇ.
چىشلىرى خۇددى سەدەپ،
كۆزى يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ.

ئىلىخودا يېتىمچى،
ئىشلەر يېرى پىلچى.
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ،
ئوتتۇز يارماق ئېلىشى.

2

پىلچى دېگەن خاڭدا،
يەر ئاستىدا ئىشلەيمىز.
كۆمۈر ئۆرۈلۈپ چۈشسە،
«بارمۇسەن؟» دەپ يىغلايمىز.

چەنزە دېگەن تۆمۈرى،
قاپقارادۇر كۆمۈرى.
خاڭدا ئىشلىگەنلەرنىڭ،
بەكمۇ قىسقا ئۆمرى.

دىڭخولارنى كۆتۈرۈپ،
خاڭنىڭ تېگىگە چۈشتۇق.

① پىشلەپ ــ غەملەش، جەملەش مەنىسىدە.

ئۆمرىمىزدە كۆرمىگەن،
ۋەيلۇن دوزاخنى كۆردۇق.

زۇخاڭدىن چۇشۇپ كېلىپ،
سۇنى چاپقان ئوخشايمىز.
بەرگىنى پۇچۇق يارماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمىز.

ئەردىڭ يۇفاڭمۇ دەيمىز،
سەندىڭ يۇفاڭمۇ دەيمىز.
داڭقىدىن چۇشكەن ناننى،
خام سۇغا چىلاپ يەيمىز.

خاڭنىڭ ئىچى قاراڭغۇ،
قوللىرىدا دىڭخۇلۇ.
دىڭخۇلۇنى ئۆچۇرۇپ،
قوغلاپ چىقتى مىڭخۇلۇ.

خاڭجا بېرىدۇ چاڭسا،
زۇخاڭغا قاراپ ماڭسا.
باش يۇفاڭدىن ئۆتكەندە،
جاننى قولىغا ئالسا.

ئەردىڭ يۇفاڭ بار دەيسەن،
سەندىڭ يۇفاڭ بار دەيسەن.
بېشىڭغا گەنزى چۇشسە،
ئىستىقىنا جان! دەيسەن.

باش يۇفاڭدىن ئۆتكەندە،
ئەردى يۇفاڭ بار دەيسەن.
خاڭ تېگىدە ئۇخلىساڭ،
بوتۇڭدىن تاياق يەيسەن.

داڭ كاڭشۇ دەپ داڭلايسەن،
پاكا چاڭساندو ماڭدايسەن.
دىڭغا بېشىڭنى ئۇرۇپ،
«ئىسىت، جان!» دەپ قاقشايسەن.

شاڭجۇ چاپىدۇ ئەخمەت،
شاجۇ چاپىدۇ رەھمەت.

ئۈچ چى سۈنى ئۆرۈگەن،
داۋاتۇرغا مىڭ رەھمەت.

قاسىم دېگەن شۇ باتۇر،
گەنجىڭ يىگىت ئەمەسمۇ؟
بىڭسىسىنى كۆرسەتتى،
باتۇر يىگىت ئەمەسمۇ؟

كۆمۈرىمۇ ئۆرۈلدى،
داۋاتۇرمۇ قۇتۇلدى.
بوتۇلۇڭ دېگەن دەيۇزگە،
پەمىدۇرلار ئېتىلدى.

لىڭسى دېگەن قارا يۇز،
بېشىمغا بالا بولدى.
زۇخاڭدا تولا يۇرۇپ،
كۆزلىرىم يارا بولدى.

كۆڭلۇمنى ئاچاي دېسەم،
دۇتارىمنىڭ تارى يوق.
لىڭسى باش تۇرۇپ بىزگە،
ئۆلگەن بىلەن كارى يوق.

كاڭشۇ فاڭزىدا ياتسام،
گۇڭتۇ كېلىپ قوغلايدۇ.
ئاچ قالغان يېتىمچىلەر،
جىڭموما ئوغرىلايدۇ.

باڭمىدى بولاي دېسەم،
بولاشمايدۇ شېھىتى؟
گۇڭتۇيىڭدىن قورقمايمەن،
جان ئالار خۇدامىدى؟

ئاۋۇت دېگەن گۇڭتۇرى،
ئېسىپ قويدى ئاسىمنى.
گۇندىخانا جايىڭ دەپ،
سۇلاپ قويدى قاسىمنى.

سەمەت دېگەن پاينەكۋاش،
لىڭسى مەن دەپ توۋلايدۇ.

كاڭشۇلارنى يامان دەپ،
خاڭجالارغا بولايدۇ.

خاڭجالارنىڭ دەردىدىن،
قېچىپ كەتتى كاڭشۇلار.
مەلىدە ئەدەپ كەتتى،
قامچا تۇتۇپ شاڭيولار.

خاڭجانىڭ ئېتى ئەمەت،
لىڭسىسى يامان سەمەت.
ئېيتساق ـ ئېيتساق تۈگىمەس،
ئىچىمىزدە تولا دەرد.

گۇڭتۇلارغا بوغۇلۇپ،
خاڭلاردا يېتىپ قالدۇق.
خاڭجاسى يامان زالىم،
زۇلۇمغا پېتىپ قالدۇق.

خاڭجاسىدىن قورقماستىن،
سۈيدۈڭگە كىرىپ كەتتۇق.
خوتۇن ـ بالىمىز ئاچ دەپ،
تۇنلەر يېتىپ غەم يېدۇق.

كاڭشۇمەن دەپ خاڭلاردا،
گۇڭتۇ بىلەن ئېلىشتۇق.
هالىمىزغا كىم يەتسۇن؟
جاننى ئېلىپ قېچىشتۇق.

3

قەشقەردىن چىققان باللار،
لەنتەنزىدە ئىشلىدۇق.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
خاڭ تېگىدە قىشلىدۇق.

قەشقەردىن چىققان باللار،
شۇنداق قاۋۇل هەم داڭدا.
هەرگىز مەن، سەن دېمەستىن،
ئىشلەيدۇ كۆمۈر خاڭدا.

ئىلىنىڭ داۋانىدىن،
ئورۇق ئات ئۆتەلمەيدۇ.
خاڭدىكى مۇساپىرلار،
پۇلى يوق كېتەلمەيدۇ.

ئىلىخونىڭ تاغلىرى،
تاغلىرىدا خاڭلىرى.
خاڭلىرىدا ئىشلەيدۇ،
كەمبەغەلنىڭ باللىرى.

كۆكيار خاڭدىن ئەكەلدۇق،
قالايدىغان كۆمۈرنى.
ئىسسىق كۆرمەي ئۆتكۈزدۇق،
ئالتە كۈنلۈك ئۆمۈرنى.

بىز ئىشلىگەن بۇ خاڭدا،
مەمەت موللا شەنسېڭتى.
يالاقچىلار ئالدىدا،
كۈن كەچۈرمەك بەك تەستى.

يالاقچى ھىلەك دولان،
ئىبراھىمنىڭ گوڭتۇرى.
ھەسەن بوتۇڭ ھىيلىگەر،
قان يالىغان شۇم بۆرى.

ھەسەن بوتۇڭ دورغىسى،
ئاتىخان شاڭيو يورغىسى.
ھاۋۇز قارىي مۇناپىق،
ئادەم ئالداش موللىسى.

خاڭنىڭ ئاستىغا كىرىپ،
كۆمۈر بىلەن تاش ئالدۇق.
يۇرتىمىزنى خىيال قىلىپ،
قارا كۆزگە ياش ئالدۇق.

كۆمۈر خاڭدا ئىشلەيمىز،
ئايلىقىمىز بەش تەڭگە.
ئەجەبمۇ قېلىپتۇق بىز،
تۇگىمەس ئازاب، غەمگە.

كېچىلەپمۇ ئىشلەيمىز،
خاڭلاردا كۆمۈر تاشقا.
بوتۇلۇك كېلىپ ئۇرىدۇ،
سىم قامچا بىلەن باشقا.

خاڭنىڭ ئاستى قاراڭغۇ،
ماڭالمىدۇق يول تېپىپ.
قوللار قاپىرىپ كەتتى،
كۆمۈرنى دەپ تاش چېپىپ.

كۆمۈر توشۇپ زەمبىلدە،
قوللار تېشىلىپ كەتتى.
قورساق ئېچى يامانكەن،
بەللەر مۈكچىيىپ كەتتى.

بىز سەيسىگە تۇتۇلۇپ،
ئىشلىدۇق كۆمۈر خاڭدا.
تىنىم تاپماي ئىشلەپمۇ،
قورساق تويمىدىناندا.

ئېتىزدىكى بوز تورغاي،
بالىلىرىغا دان بەرگەن.
تۇرداخۇن شۇ رەھمەتلىك،
خاڭ ئاستىدا جان بەرگەن.

قاتار ـ قاتار قاغىلار،
بارساڭلار سالام دەڭلار.
مېنى ئاتام سورىسا،
خاڭنىڭ ئاستىدا دەڭلار.

# 19 ـ باب
# ئارا يۇلتۇز قوشاقلىرى

ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشا) — شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان پاسىل. ئۇ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىگە تۇتىشىدىغان يېرىدىكى قىسىنچاق تاغ جىلغىسى. بۇ يەر تارىختىن بۇيان شىڭشىڭشا دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت دەۋرىدە، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ قاتناش، سودا ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە يول ياساش ئۈچۈن نۇرغۇن پەرمانلار چۈشۈرۈلگەن. نەتىجىدە يەرلىك كىشىلەر ئالۋان ـ ياساقتا تۇتۇلۇپ، نۇرغۇن رىيازەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. قۇمۇل بىلەن ئارا يۇلتۇزنىڭ ئارىلىقى 360 يول يەنى 180 كىلومېتىردەك مۇساپە بولۇپ، چۆل ـ باياۋان، قاقاس تاغ جىلغىلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى هاشارغا تۇتۇلغان ئەمگەكچىلەر تەرىپىدىن توقۇلۇپ، ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كەلگەن، يۇرتىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشىنى بىلىۋېلىش جەھەتتە تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىڭشىڭشا دېگەن گوبى①
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.

شىڭشىڭشا دېگەن قايسى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
هارۋا هەيدەپ كەلگەنلەر،
ئىلىخونىڭ بالاسى.

شىڭشىڭشانىڭ ئارىلىقى،
ئۈچ يۈز ئاتمىشنىڭ يولى②
شىڭشىڭشاغا تولا قاتراپ،
يىرتىلدى پىخەينىڭ سۈڭى.

شىڭشىڭشا ئۆزى گوبى،
تاغ ئىچىدە يول ئاچقان.
ۋاڭنىڭ دەستىدىن خەقلەر،
قۇمۇلدىن يىراق قاچقان.

شىڭشىڭشادا بار ئىكەن،
لەئەل كۆزلۈك قادىركام.

---

① گوبى — چۆل، باياۋان.
② قۇمۇل بىلەن شىڭشىڭشا 360 يول كېلىدۇ.

رىزقى بېرىش ئاللادىن،
سەۋەب بولغان زاھىركام.

شىڭشىڭشانىڭ يولىدا،
گوبى بىلەن تاغلار بار.
بۇ يولدا ئازاب چەكتۇق،
دىلدا ئاچچىق داغلار بار.

شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا،
يولدا ئۆلدى ئاتلىرىم.
ئايغىمغا تاش پاتتى،
كۆككە يەتتى ئاھلىرىم.

شىڭشىڭشانىڭ يولىدا،
تۈگىدى ئاتنىڭ تاقىسى.
شىڭشىڭشادىن قايتقۇچە،
قالدى كۆڭلەك ياقىسى.

زاھىركام ھەم قادىركام،
ئاكا ـ ئۇكا كارۋانلار.
يولدا جاپا تارتمايدۇ،
ئۇلار بىلەن ماڭغانلار.

ناخشا خۇمار قادىركام،
سادىركامنىڭ نەۋرىسى.
شىڭشىڭشادا قېپقالدى،
قادىركامنىڭ قەبرىسى.

يول ئازابى يامانكەن،
جېنىمىزمۇ ئاز قالدى.
توشۇپ بارغان نەرسىنى،
شىڭشىڭشادا ئېپ قالدى.

ئۈچ يىل ھەيدەپ ھارۋىنى،
ئىككى قامچا چۇشۇردۇم.
ئەلتۆمۈردە① ياتقاندا،
ئاتا ـ ئانامنى چۈش كۆردۈم.

ئات ـ ھارۋىلارنى ھەيدەپ،
كۇشۇي② گە بارغىچە كەچ بولدى.

---

① ئەلتۆمۈر ــ قۇمۇل بىلەن شىڭشىڭشا ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭ. جاي ئىسمى.
② كۇشۇي ــ ئاچچىق سۇ. جاي ئىسمى.

ئاچچىق سۇنى بىز ئىچىپ،
تاڭ ئاتقۇزماق تەس بولدى.

كۈشۈينىڭ سۈيى ئاچچىق،
مەنزىلى ئاندىن قاتتىق.
گەنچە① لەرنى ھەيدەتكەن،
شاڭيو دېگەن مۇناپىق.

بەرمىدى سۇنۇق يارماق،
تۇتۇپ قالدۇق ئېغىزنى.
جاپاسىنى بىز تارتىپ،
ئۇلار چاقتى مېغىزنى.

پۇلى بولسا كارۋاننىڭ،
شىڭشىڭشادىن كېتەمدۇ؟
كۆرۈپ ئۆتكەن شەھەرلەر،
ئىلىخوغا يېتەمدۇ؟

كېيىن كەلگەن كارۋانلار،
بىللە كېتىلى، دەيدۇ.
قۇمۇللۇقلار ناخشىنى،
تەڭكەش ئېيتىلى، دەيدۇ.

شا مەخسۇتنىڭ زۇلمىتى،
شىڭشىڭشانى كۆرسەتتى.
ئىككى تال قامچا بېرىپ،
داڭگىرما② نى ھەيدەتتى.

شا مەخسۇتنىڭ دەۋرىدە،
ھالىمىز ئېغىر بولدى.
كاجۇ③ لارنى كۆتۈرۈپ،
مۈرىمىز يېغىر بولدى.

ئېگىز تاغنىڭ باغرىغا،
ئاقتى يامغۇر تامچىسى.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىغان،
زالىم گاڭ④ نىڭ قامچىسى.

---

① گەنچە ـــ ھارۋىكەش.
② داڭگىرما ـــ سوك ـ سوك ئات.
③ كاجۇ ـــ تەختى راۋان.
④ گاڭ ـــ ۋاڭ مەنىسىدە. قۇمۇل كىشىلىرى ئارىسىدا گاڭ ۋاڭ سۆزى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

## 20 - باب
## نوم قوشاقلىرى

نوم — ئارا تۆرۈك ناھىيىسىنىڭ موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىن بىر چەت يېزا. بۇ يېزا ئىسسىقراق بولۇپ، ئەتراپلىرى جاڭگال - سايلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن،خەلقى نامراتلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۆتمۈشتە قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن گۇناھ ئارتىلىپ، تۆھمەت چاپلانغانلارنىڭ ھەممىسى قۇمۇل شەھىرىدىن يىراق مۇشۇ چەت يېزىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، زىندانلارغا سېلىنغان.

ئەينى يىللاردا توقۇلغان بۇ قوشاقلاردا قۇمۇلدىكى ئاشۇ گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

### 1

نوم دېگەن بىر چەت يېزا،
ئەجەب ئىسسىق جاي ئىكەن.
خەلقنىڭ دەرمانى يوق،
ئەتراپ جاڭگال - ساي ئىكەن.

نوم دېگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن، تىكەننىڭ سانى يوق.
ھاۋاسى ئىسسىق، جارى[1] قاتتىق،
خەلقنىڭ ئىمكانى يوق.

نوم دېمەڭلار، نوم دېمەڭ،
نوم دېگەن زىندان ئىكەن.
يوللىرى قارىغۇ تىكەن،
خەلقلىرى ئالۋاڭدىكەن.

بەك غېرىب بولدى كىشى،
باغداش دېگەن تاغ ئىچىدە.
قانىتىم بولسا ئۇچارمەن،
قاپقاراڭغۇ كېچىدە.

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ،
ئەندىشىدە قالدى كىشى.
چەككىلى تاماكا يوق،
مۇڭداشقىلى نەدە كىشى؟

---

① جارى — ۋاڭنىڭ بۇيرۇق، پەرمانلىرى.

زوركى① نىڭ باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىيرىلدى سەرۋەك② تاغلىرى.

قۇمۇلۇمغا كېتىمەن مەن،
نوملىرىڭ قالسۇن ساڭا.
«دۆلىتىڭ»نى خويما كۆردۇم،
رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا.

2

مەن يىراقتىن قارىسام،
نوم يولى تۈز كۆرۈنەر.
ھەممە خەقنىڭ ئىچىدە،
مېنىڭ يارىم ئۆز كۆرۈنەر.

نوم يولىدا قاتنايدۇ،
ھارۋىلار دېغىر ـ دېغىر.
كىشىنىڭ يارى يار بولماس،
ئۆزىنىڭ يار يۈرەك ـ بېغىر.

نوم يوللىرى يۇلغۇنلۇق،
باي يوللىرى③ بالغۇنلۇق④
بۇ كەمىنىڭ يىگىتلىرىنىڭ،
يانچۇقىدا بەش پۇڭ يوق.

نوم دېگەننىڭ ئەتراپى،
ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل كۆمۈرلۈك.
بىز ئىككىيلەن تېپىشتۇق،
سەن بولامسەن ئۆمۈرلۈك؟

نومنىڭكى توغراقلىرى،
ياندۇرسا چىراغچە يوق.

---

① زوركى ــ تاغنىڭ ئىسمى.
② سەرۋەك ــ تاغنىڭ ئىسمى.
③ باي ــ ئاراتۈرۈكتىكى يەر نامى.
④ بالغۇن ــ تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل گىياھ، ئۆسۈملۈك.

يار ئۇچۇن يېگەن تاياق،
ئاختۇرسا تىرناقچە يوق.

نوم يولىدا قارىسام،
ئۆسۈپ قاپتۇ قارىغاي.
مېنىڭ يارىم بار دېسە،
نومنىڭ يولىغا قاراي.

ئارا تۇرۇك چىرايلىق،
نومنىڭ يولى باراڭلىق.
يۇرۇيدىكەن نەلەردە،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

تۆگىلەريۇ - تۆگىلەر،
قوڭغۇراق ئاسقان تۆگىلەر.
بۆز - ماتانى ئارتىشىپ،
نومغا ماڭغان تۆگىلەر.

چۆلگە كىرسەم يار بىلەن،
چۆل ئەمەسكەن، گۈلزاركەن.
ئالما ئوخشاش توغرىقى،
يۇلغۇنلىرى مازاركەن.

نوم تارايدا بىر بالا،
مىنگەن ئېتى بوز ئالا.
يۇرەكلەرنى كۆيدۇرگەن،
ئون بەش ياشلىق قىز بالا.

زۇنۇن بايۇ - زۇنۇن باي،
نوم شەھىرىگە كېلىڭ باي.
مېھرىخاننى ئەپ قويۇپ،
باركۆلدە يۇرۇڭ باي.

قىر سايلىقمۇ①قىر سايلىق،
ئاچچىقى يامان قىر سايلىق.
مېھرىخاننى كۆيدۇرگەن،
زۇنۇن بايمۇ چىرايلىق.

① قىرساي — قۇمۇلدىكى جاي نامى.

ئانسى بەك خۇشالغۇ،
مېھرىخاننى بەرسەم دەپ.
مېھرىخانمۇ يىغلايدۇ،
زۇنۇن بايغا تەگسەم دەپ.

نوملار يولى يۇلغۇنلۇق،
قۇمۇل يولى ئالۋۇنلۇق.
بىز قۇمۇلغا يانغىچە،
خورجۇن ـ تاغار قۇپقۇرۇق.

نوم دېگەنگە بارغۇچە،
ئۇرار كۆزگە قۇم ـ توپا.
نومدا مېنىڭ يارىم بار،
ئاغزى چوغ ـ چوغ، بىۋاپا.

نوملار يىراق ئەمەسمۇ؟
قاقشال دەرەخ ئەمەسمۇ؟
نومدىكى شۇ يارىمنىڭ،
كۆڭلى بۆلەك ئەمەسمۇ؟

توپ توغراقمۇ، توپ توغراق،
نوملار يولى جۈپ توغراق.
ئىچىم كۆيەر يارىمغا،
ئىچەي دېسەم سۇ يىراق.

توشقانىم بار، ئاق توشقان،
نوملاردا تولا توشقان.
ئىچىم دەردكە توشقاندا،
دەردكە پايلىماي قاچقان.

تاغ ئاراسى، ئاراسى،
تاغدا قۇرغۇي بالاسى.
سىز بىزنى سورىسىڭىز،
بىزمۇ نومنىڭ بالاسى.

3

هاراق دېگەن ئاچچىق نېمە،
شىڭ ـ شىڭ قاينايدۇ.
چىڭگاڭ①خوجام كايىپ قالسا،
نومغا پالايدۇ.

① چىڭگاڭ ــ چىڭۋاڭ، قۇمۇلدىكى ۋاڭ ئىسمى .

نوم دېگەنمۇ، باي دېگەنمۇ،
پاشانىڭ يۇرتى.
پالسىمۇ، ئۆلتۈرسىمۇ،
ئۆزىنىڭ سوتى.

كۈچ ـ قۇدرەتلىك ئاللا ئىگەم
ئالەمنىڭ شاھى.
خۇدايىمغا يەتمەمدىكەن،
بەندىنىڭ ئاھى؟ !

4

ئەي كاج پەلەك، نىمە دېسەم،
بولۇركىن سېنى؟
زۇلۇم ـ كۈلپەت ئارقىنىدا،
چىرمىدىڭ مېنى.

زىنداندىكى توختاخۇندەك،
قىيىندىڭ مېنى.
دەرد ـ ئەلەمدىن بىردەم خالىي،
قىلمىدىڭ مېنى.

قىيناۋەرمە، قىيناۋەرمە،
ئۇۋالىم باردۇر.
قىيامەتكە بارغىنىمدا،
سوراقىم باردۇر.

5

نومنىڭ يولىدا،
ساماۋەر قولىدا.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ،
خۇدانىڭ يولىدا.

## 21 ـ باب
## كانچىلار قوشاقلىرى

«كانچىلار قوشاقلىرى» ـــ خالق قوشاقلىرىغا ئوخشاشلا ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى كان ئىشچىـ ـلىرىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىك ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنى توقۇغان ئەمگەكچىلەر دىيارىمىزنىڭ ئالتـاي، ئۈرۈمچى، مايتاغ، قۇمۇل، ئاتۇش، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۈرلۈك رودا ـ مەدەن كانلىرىدا ئىشلەپ، كان خوجايىنلىرىنىڭ قاتمۇقات زۇلمىغا ئۇچراپ، دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلەردۇر. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ ئېزىلگەن كان ئىشچىلىرىنىڭ تارىخىي پۈتۈكنامىسى بولۇپ، بۈگۈنكى زامان كان ئىشچىلىرىنىڭ ھاياتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرمىدۇر. بۇ قوشاقلار بۈگـۈنكى ئۆيـغۇر سانائەت ئىشچىلىرىغا ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، كان بايلىقلىرى، يەر ـ زېمىن بـايلىقلىرىنـى ئېچىش، قانۇن بويىچە قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مول ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىكى كان ئىشچىلىرىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئۈرۈمچىدە كان تولا،
تېنەپ يۈرگەن جان تولا.
ئىش ـ ئوقەتمۇ تېپىلار،
ئەمما، قاتتىق نان تولا.

قوللاردا مېتىن، كەتمەن،
ئۈرىمىز قورام تاشقا.
خاڭجا كېلىپ قىستايدۇ،
تاياقتا ئۇرۇپ باشقا.

رودا يۇدۇپ ماڭغاندا،
كاننىڭ ئاستى قاراڭغۇ.
ئايلىقىمىز بەش تەڭگە،
چىرايىمىز ياداڭغۇ.

قوللار قاپىرىپ كەتتى،
رودا توشۇپ زەمبىلدە.
ئۆلۈم يۇراپ تۇرىدۇ،
كان قۇدۇقى ھەر بەلدە.

يۇرتداشلارغا ئېيتىڭلار،
كىشلەر چىقمىسۇن كانغا.

كىشىلەر چىقسا بۇ كانغا،
يۈرەك ـ باغرى تولار قانغا.

ئەينى ۋاقىتتا خوتەندىكى كان ئىشچىلىرىنىڭ توقۇغان قوشاقلىرىدىن تەرمىلەر:

خوتەننىڭ كانچىلىقى شىنجاڭنىڭ كان قېزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىش بىلەن باغلىنىشلىق بىر چوڭ كەسىپ. كونا جەمئىيەتتىكى خوتەن كانچىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئىنايىن ئېغىر بولۇپ، كان خوجايىنلىرى كان ئىشچىلىرىنى قاتتىق ئېزىش ھېسابىغا يانچۇقىنى تولدۇرغان. بۇ قوشاقلاردا كان ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ كان خوجايىنلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ خارلانغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن جەم بولالماي، جۇدالىقتا ئۆلۈپ كېتىشتەك پاجىئەلىرى ئەكس ئېتىلگەن. بۇ قوشاقلار كونا جەمئىيەتتىكى خوتەن كان ئىشچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوغراق كانلار ئالتۇن كان،
پىژغان كانلار كۆمۈركان.
بەگ ـ بوجاڭلار ئالدىدا،
كەمبەغەللەر كېپەك نان.

بوغاز لەڭگەر[1] دىن كەلدۇق،
چېقىل[2] ئارقىسى دېگەن كانغا.
كېچە ـ كۈندۈز شېغىل كولاپ،
جاپا سالدۇق ئەزىز جانغا.

ئالتۇن تاپماق جان بىلەن،
رەندە سالماق قان بىلەن.
سەھەر ۋاقىتىدا خوشلاشتۇق،
مېھرىبان ئانا بىلەن.

مېڭىپ كەتتۇق زەي كانغا،
يۈزلەندۇق ئېگىز يانغا.
ئۈچ يۈز ئاتمىش كېچە ئۆتۈپ.
زەخىم يەتتى بۇ جانغا.

بىر پۇتۇمنى شاخقا قويدۇم،
بىر پۇتۇمنى لەمپىگە.
مۇنچىمۇ كۆڭۈل چۈشەرمۇ،
ئالتۇن دېگەن شەرمەندىگە.

---

① بوغازلەڭگەر ــ كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.
② چېقىل ــ كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر ئالتۇن كان ئىسمى.

ئانام زاھىت، دادام زاھىت،
تۇتۇپ بەردى مېنى كانغا.
چىققان ئالتۇن خۇش كەتتى،
ياغ بىلەن يېگەن نانغا.

چېقىل ئارقىسىغا كىرمەڭلار،
چېقىل ئارقىسىدا ئامبال بار.
ياش باللارنى سارغايتقان،
ئوشۇق بىلەن داڭگال[1] بار.

يوغان مەنسەپكە كىم يەتتى؟
ئۆلۈپ مەنسەپكە كىم يەتتى؟
ئۆلۈپ قالغان كانچىلار،
ئېگىن ـ ئاياغى بىلەن ياتتى.

كىرىپ بىز سوغۇق كانغا،
يۆلەندۇق ئېگىز يانغا.
تاپقان بىر مىسقال ئالتۇن،
كەتتى نان پۇلى، چايغا.

ئارقا تاغ كانغا بېرىپ،
ئالتۇن تاپالمايدۇ كىشى.
بەگ ـ بوجاڭلار زۇلمىدا،
ئۆيدە ياتالمايدۇ كىشى.

① داڭگال ـــ ئوشۇقنى چۆرۈپ ئوينايدىغان قىمار مەنسىدە.

# 22 ـ باب
# كارىز قوشاقلىرى

كارىز ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان بۈيۈك بايلىقلىرىنىڭ بىرى. كارىز توغرىسىدا تارىختىن بۇيان ناھايىتى كۆپ قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان. بۇ قوشاقلار ئىچىدە تۇرپان ـ توقسۇنلاردا ئىجاد قىلىنىپ، تارقىلىپ يۈرگەن قوشاقلاردىن باشقا، يەنە كۇچا خەلقى ئارىسىدىمۇ خېلى بۇرۇنلا قوشاقلار ئىجاد قىلىنىپ، ئاھاڭغا سېلىنىپ، خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلگەن. كۇچا خەلقى ئارىسىدىكى كارىز قوشاقلىرى (ناخشىسى)نى كۇچالىق ئۇستا تەمبۇرچى ۋە خەلق قوشاقچىسى ھېلىماخۇن خەلپەت 1920 ـ يىللىرى ئەتراپىدا كۇچادا ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەگە ئاساسەن مەخسۇت خوجىنى مەسخىرە قىلىپ ئىجاد قىلغان. مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى نىساخان ئانا بۇ تېكىستكە ئاھاڭ ئىشلەپ، بۇگۈنكى دەۋرگە يەتكۈزگەن.

كۇچادا ئىجاد قىلىنغان بۇ قوشاقتا ئاساسلىقى مۇنداق مەزمۇن بار: 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا تۇرپاندىن كۇچاغا ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەنگەن قادىر تۇڭلىڭ (خاتۇڭلىڭ 哈统领) دېگەن ئادەم كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە سۇنىڭ ناھايىتى قىسلىقىنى ھېس قىلىپ، ياللانما دېھقان، ئىشلەمچىلەرنى تەشكىللەپ، كارىز قازدۇرىدۇ. قېزىلغان كارىزلار بارغانسېرى ئاۋۇپ، خەلقنىڭ سۇ مەسىلىسى بىر قەدەر ھەل بولىدۇ. كېيىنچە ھەرقايسى جايلاردىكى كارىز كولانغان جاينىڭ ئەتراپى كىشىلەر كۆڭۈل ئاچدىغان، ئارام ئالىدىغان سەيلىگاھقا ئايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ كارىز سەيلىسى مەيدانغا كېلىدۇ. كارىز سەيلىسى قىزغىن داۋام قىلىنىۋاتقان كۈنلەردە، كۇچا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى مەخسۇت خوجا (زوڭگەي خوجام)[①] مامۇت مىراب ۋە سەلەي ئىسىملىك ئىككى ئەمەلدارنى ئېلىپ، كارىز سەيلىسى بولۇۋاتقان جايغا چىقىدۇ ھەم ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالىدۇ. ئۇ يەنە مەستلىكىگە قارىماي، يوغانچىلىق قىلىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقە پۈتۈن كۇچا ـ شايار تەۋەسىگە پۇر كېتىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ناخشا پەيدا بولىدۇ.

بۇ تارىخىي قوشاقتا كۇچادىكى ھەشەمخور بەگلەرنىڭ كەمبەغەل ـ يوقسۇللارغا زۇلۇم سېلىش ھېسابىغا ئۆزىنى بېيىتقان، يانچۇقىنى تومپايتقان، ھارامدىن سەمرىپ، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن قىلمىشلىرىغا نەپرەت ئوقۇلغان. بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان راھەت ـ پاراغەتلىرى، ئاخىرى خەلقنىڭ قارغىشىغا كەتكەن ئۆلۈمى مەسخىرە قىلىنغان. ئەمگەكچى خەلقنىڭ يېڭى، بەختىيار تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن.

بۇ قوشاق ياش ئەۋلادلارغا ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالماي، ھازىرقى زاماننىڭ قەدرىگە يېتىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كارىز مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە دۇنياغا تونۇتۇشتا، كارىز مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي رولىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالتە شەھەرگە داڭ كەتتى،
بۇ يىل كارىزنىڭ سەيلىسى.

① زوڭگەي خوجام ـــ مەخسۇت خوجا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىر تەرەپتە نەغمىسى بار،
ياش باللارنىڭ غەلۋىسى.

كارىز يولى ھەيۋەتلىك،
ئىچكەن سۈيى شەربەتلىك.
كارىزدا ئۆلۈپ كەتتى،
زوڭگەي خوجام رەھمەتلىك.

زوڭگەي خوجام ئۆي سېپتۇ،
تۆت بۇرجەككە گۈل ئويۇپ.
بىر بۇرجىكى قالغاندا،
ئاخىرەتكە يول تۇتۇپ.

زوڭگەي خوجام پىلدىرلاپ،
كارىزغا چىقتى ئالدىراپ.
زوڭگەي خوجامنى ئالدىغان،
سەلەي ھەم مامۇت مىراب.

كارىز يولى ئوي لەڭزە،
ئەتراپى قومۇش لەڭزە.
زوڭگەي خوجامنى ئەپلىگەن،
بەش جىڭ ھاراق خوخەنزە.①

① خوخەنزە ــــ نوچى مەنىسىدە.

## 23 ـ باب
## دودۇشاڭ قوشاقلىرى

دودۇشاڭ ــ غۇلجا شەھىرىدىن بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر سازلىق جاينىڭ نامى. ئۆتمۈشتە بۇ جاي خاڭ ئىگىلىرى ۋە پومېشچىك ـ بايلارنىڭ شال تېرىش مەيدانى ئىدى. يازدا خاڭ تاقالغاندا، خاڭدىكى غېرىب ـ مۇساپىرلار ۋە يېتىمچىلار بۇ يەردە ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزەتتى.

«دودۇشاڭ قوشاقلىرى» ــ ئەينى يىللاردىكى ئەنە شۇ جاپاكەش مۇساپىرلارنىڭ ئىچىنىشلىق ھاياتىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

گاڭگۇلدىن① قېچىپ بېرىپ،
پىلىچىدىن② قوغلاندۇق.
چاڭسا ئېلىپ خاڭجادىن،
دودۇشاڭغا پالاندۇق.

سېسىق سۇدا ئىشلەيمىز،
قولىمىزدا چەنچەيزە.
پاتقاقتىن چىقاي دېسەڭ،
قورساقتا تىقار نەيزە.

دودۇشاڭ دېگەن كەيزە،
ئوتايمىز قومۇش بەيزە.
رەڭگىمىزنى كۆرگەندە،
زەپىرانمىكىن دەيسەن.

بەزگەك بولۇپ يېتىپ قالسا،
مۇساپىرغا نان نەدە؟
جېنىدىن جۇدا بولسا،
ئۆلۈكى قالار شەدە.

دودۇشاڭدا ئىشلەيمىز،
قان شورايدۇ پاسىقلار.
بىز ئۆلسەك مۇشۇ يەردە،
قانداق قىلار بالىلار؟

① گاڭگۇل ــ جاي ئىسمى.
② پىلىچى ــ خاڭ ئىسمى.

ئاتام بارمۇ بۇ شەدە؟
ئانام بارمۇ بۇ شەدە؟
غېرىبلىق ئەسەر قىلدى،
دودۇشاڭ ـــ كۇرەلەردە.

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
دودۇشاڭدا دەڭلار.
رەڭگىرويى سامان كەبى،
سارغايدى دەڭلار.

قارا قاشلىق يار سورىسا،
ئۆتىدا دەڭلار.
قىيامەتلىك ئۆچى باركەن،
خاڭجادا دەڭلار.

## 24 ـ باب
# هارۋىكەش قوشاقلىرى

هارۋىكەش قوشاقلىرى ـــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قوشاقلارنىڭ بىرى. ئۇ سىياسىي ۋە تارىخىي تۈسكە ئىگە بولغانلىقىدەك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق باشقا قوشاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

هارۋىكەش قوشاقلىرى ـــ ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭدىن مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا بارغان هارۋىكەش ـ كارۋانلارنىڭ توقۇغان قوشاقلىرىمۇ بار. بۇ قوشاقلار ئارقىلىق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېرىكلەرنى توشۇش، يېقىلغۇ ـ ماي،كىرسىن، لەڭ ـ ئاش توشۇش جەريانىدا غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى، چۆچەك ئارىلىقىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ۋ دەرد ـ ئەلەملىرىنى تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلىگەن.

هارۋىكەش قوشاقلىرى ـــ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدىكى قالاق قاتناش ـ ترانسپورت ساھەسىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئىسپاتلىغۇچى بەدىئىي تارىخ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى يېڭى زاماننىڭ قەدرىگە يېتىش ئېڭىنى ئۆستۈرىدۇ، ياش ئەۋلادلارغا بۈگۈنكى تەرەققىياتلارنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى ئالاھىدە چۈشەندۈرىدۇ ۋە قاتناش ـ نەقلىيات ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى يېڭى دەۋرگە نىسبەتەن خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتىدۇ.

تەلكىنىڭ يولى يامان،
بوران ـ چاپقۇنى ئاندىن.
يوللاردا جاپا تارتىپ،
تويۇپ كەتتۇق بۇ جاندىن.

ئۈرۈمچىنى كۆرمەككە،
هارۋا ئالدۇق بەس ـ بەستە.
ئاتنى قوشۇپ يول ئالدۇق،
كۈن چىقماي سەھەرلىكتە.

بىز ئىلىدىن چىققاندا،
كارۋان بېشى باش بولدى.
ئاتلار سېمىز تۇلۇمدەك،
تۇياقلىرى تاش بولدى.

ئىلىدىن چىققان كۈنى،
يان بۇلاقتا ئوت چالدۇق.
ئۆيدە قالدى بەش بالا،
خۇدايىم سەمىگە سالدۇق.

ئاتنى ئالدۇق قالماقتىن،
تۇياق كۆرۇپ، چىش كۆرۇپ.
بىز ئىلىغا كېلەرمىز،
كەتمەك يارىم يۈز ئۆرۇپ.

ئىلىدىن چىقىپ بېرىپ،
سەنتەيگىمۇ قايرىلدۇق.
ئۇرۇمچىگە كەلگۈچە،
ئات ـ ئۇلاغدىن ئايرىلدۇق.

تەلكىنىڭ داۋانىنىڭ،
ئىككى ئۆتكى تاشلىق.
تاش ئۆتەڭدىن ئۆتكۈچە،
تۈگىشىپ كېتىدۇ ياشلىق.

تەلكىدىن چىقىپ يولغا،
ئەرتەيگە بېرىپ ياتتۇق.
داۋاندا ئات تارتالمىسا،
ياندىقچى بولۇپ تارتتۇق.

لوسىگۇڭ ئۆتەڭ دەيدۇ،
تەلكە ئېغىزى بىر قولتۇق.
تەلكىدە كارۋان تولا،
ئۆتەلمەستىن ئۈچ قوندۇق.

سەنتەي يولىدا ياتما،
ئاقچا بېرىپ دەڭدە يات!
ئۆزۈڭ يېمەي ئاتقا بەر؛
خار قىلمايدۇ ئەرنى ئات.

ئەرگۈلۈچە هارۋىنىڭ،
پىنچەيلىك سايىۋەنى بار.
كېتىپ بارغان كارۋاننىڭ،
ئۆزگىچە نىشانى بار.

زاهىركامنى باش قىپتۇ،
ئىلىدىكى كارۋانغا.
بىز ئىلىدىن كەتكۈچە،
ئېيتىپ قويماڭ جانانغا.

تەلكىدىن چىقىپ سايرام،
ئەتراپى بوران ـ قاينام.
ئاتلارنى دەڭگە تارتتۇق،
ئۆتەيدە ئېلىپ ئارام.

بىز تەلكىگە كەلگەندە،
بەشىنچى ئاي روزا ئىدى.
قانات پۇتسە داۋاندا،
ئۇچۇپ ئۆتەر بولسىدى؟

تەلكە دېگەن ئېگىز تاغ،
قاپتىلىدا قورام تاش.
كېتىپ بارغان كارۋاننىڭ،
قۇرۇمايدۇ كۆزدە ياش.

تەلكىنىڭ داۋانىدا،
پېشىپ قاپتۇ تاغ ئۆرۈك.
تەلكە ئاتلاپ ئۆتكۈچە،
يولىدا توققۇز كۆۋرۈك.

تەلكە دېگەن چوڭ داۋان،
يامان يېرى تاش داۋان.
تاش داۋاندىن ئۆتكۈچە،
ئوقۇيمىز مىڭ بىر سۇبھان.

سەنتەي، ستەي ئارىلىقى،
ئىككى بېكەت تاشلىق يول.
ئۆتەي دەڭدە كانتۇ بار،
سەن ئۆزۈڭگە ھېزى بول.

تاش داۋاندىن ئۆتكۈچە،
ھارۋا ياندىدى باللار،
داۋاندا ھېرىپ قېلىپ،
ئەجەب قاقشىدى جانلار.

سەنتەي، ستەي يەر ئىكەن،
سۈيى يوقكەن، تاش ئىكەن.
بىزنى ئۆيدىن ئايرىغان،
بايلار باغرى تاش ئىكەن.

سەنتەي، ستەي يوللىرى،
ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاشلىرى.
جەرەن ئات كۇچەپ تارتىپ،
لىڭشىپ بارار باشلىرى.

قومۇش بۇلاق يۇدىيەنزە،
جىڭدىن ئۆتۇپ قۇمبۇلاق.
قۇمبۇلاقتىن ئۆتكۇچە،
تۇگىشىپ كەتتى ئات ـ ئۇلاغ.

كۇيتۇڭ دىگەن ئۆتەڭنىڭ،
بەكمۇ يامان پاشىسى.
سۇ ساتارنىڭ چۆلىدە،
قالدى كەشنىڭ پاشنىسى.

سۇ ساتارنىڭ چۆلىدە،
بىر قاپاق سۇ بىر تەڭگە.
سەن ۋەدەڭگە ۋاپا قىل،
ئىلىپ بارسەن چاشتەڭگە.

بىر هارۋىدا بەش چىرىك،
ئوڭدىسىغا ياتىدۇ.
دىگىنىنى قىلمىساڭ،
مىلتىق بىلەن ئاتىدۇ.

داۋانلارغا چىققاندا،
چاقا قۇيرۇق يوغان تاش.
چىرىك يەيدۇ توخۇ گۆش،
بىز ماڭىمىز قورساق ئاچ.

دەڭلەرگە يىتەلمەستىن،
تۇمان باستى قاراڭغۇ.
ئۇينىشى بەش لەڭ قەغەز،
چىرىك ئەمەس ساراڭغۇ!

يۇدىنچەنىڭ يولىدا،
كۆرۇنەمدۇ تارانچى؟
سۇنقاغىدا دەم ئالما،
ئالدىمىزدا توخۇچى.

يەنسخەيگە يەتكۇچە،
سۇساتاردا هاردى ئات.
سۇساتارنىڭ چۆلىگە،
يېنىپ كەلمەسمەن، پەندياد !

تۇرما بىردەم بۇ يەردە،
ئاتقا يەم بەر، هارۋا قات.
تۇرۇپ قالساڭ بىرەر كۇن،
جېنىڭ چېكەر داد ـ پەرياد.

ساندۇخوزا، ئالاۋسۇن،
هارۋىكەشكە نېمە يول؟
شىخەنزىدە، ماناستا،
سەن ئۆزۇڭگە مەهكەم بول !

ئابدۇللا چولاق دەيدۇ،
شەمۇشەدە ئېتىم بار.
ماناسلىقتىن سوراپ باق،
كۆۋرۇكىدە خېتىم بار.

لۇتى دېگەن بىر ئۆتەڭ،
توخۇلۇمۇ بىر ئۆتەڭ.
قۇتۇبىدىن ئۆتكەندە،
سانجى دېگەن قاش ئۆستەڭ.

سايرام بويىنى بويلاپ،
ستەيدىنمۇ ئايرىلدۇق.
قارچىغدەك يار قالدى،
يوقسۇللۇقتىن قايرىلدۇق.

ئۇرۇمچىنى كۆرمەككە،
هارۋا قىلدۇق بەس ـ بەستە.
تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
ئۆتۇۋالدۇق مىڭ تەستە.

هارۋىكەشنىڭ ئاتلىرى،
دۆڭگە قاراپ تارتىدۇ.
خەجلەي دېسە پۇلى يوق،
خىجالىتى ئاشىدۇ.

ھارۋىكەش بولغان باللا،
ئۈرۈمچىدە پىيادە.
دەڭلەردە تولا يېتىپ،
راسخوتلىرى زىيادە.

دايابۇغا يەتكەندە،
ئۇستىۋاشنى يۇيۇۋالدۇق.
ئۈرۈمچىگە كىرەردە،
چاچ - ساقالنى ئېلىۋالدۇق.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
كارۋان يولىنى باغلار.
داۋان ئاشماق ئاسانمۇ؟
ياخشى بولمىسا ئاتلار.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
ئاشتۇق قانچە داۋانلار.
چۆللىرىگەن كېيىكتەك،
سۇغا تەشنا بۇ جانلار.

ھارۋىكەش ئوغۇل بالا،
بەش - ئالتىدىن ئېتى بار.
يۇدىيەنزىگە قاراپ باق،
داڭزىلاردا خېتى بار.

ئۈرۈمچى يولى يامان،
ئوغۇل بالىنى سىنايدۇ.
بايقىماي چىقىپ قالغان،
غوجىكىدا يىغلايدۇ.

ئاتلارنى سۇغارمامسەن؟
سەڭگىچىگزىدىكى كۆلدە.
بىزگە يەتتى غېرىبلىق،
چىگچىگزىدىكى چۆلدە.

مورى، چىتەي ئارىلىقى،
ياخشى ئاتقا نېمە يول؟
خۇدايىم ئىمان بەرسۇن،
يولدا قالدى ئىلەم قول.

بىر قارا بوران كەلدى،
سەڭگىچىڭىزدىكى كۆلدە.
ئات ـ ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتتى،
مورخو يولىدىكى چۆلدە.

يارتۇگمەن مەھەللىسىدە،
هارۋىكەشلەر بەش قولدەك.
غەمدە قالغان بىشىمنى،
ئوڭلىغان ئابدۇل ئۆردەك.

ئۈرۈمچىمۇ شە ئىكەن،
ئىلىخومۇ شە ئىكەن.
ياندا پۇلۇڭ بولمىسا،
غېرىبلىق يامان ئىكەن.

ئۈرۈمچىدە چالىدۇ،
ساتار بىلەن داپ، غىجەك.
هارۋىكەشنى شۇلىدۇ،
ئايىم پۇچۇق، ھەم تاجەك.

ئۈرۈمچىگە كىرگەندە،
دەڭدە داڭزىغا ئالدى.
بىردەمدە چىرىك كېلىپ،
سەيسىگە ھەيدەپ ماڭدى.

تارانچى دېگەن يەردە،
يۇنۇسكامنىڭ ئۆيى بار.
مۇساپىرغا باشپاناھ،
هارۋىكەش دەپ نامى بار.

تەلكىدە تولا قاتناپ،
هارۋا قالدى گوبىدا.
ئالتىنچى ئايدا ئات توڭلاپ،
ئۆلدى سەنگى يولىدا.

غوجىكىنىڭ يوللىرى،
تېشى قوتۇر، يولى تار.
مەن ـ مەن دېگەن بالىلارنى،
بۇ يامان يول يىغلىتار.

غوجىكى دېگەن يەرنىڭ،
يولى يامان قوتۇر تاش.
هارۋا ئۆرۈلۈپ كەتسە،
يۆلەلمەيمىز قورساق ئاچ.

غوجىكىدىن چىقمۇالدۇق،
ئىشنى ئوڭلاپ خۇدايىم.
غوجىكىنىڭ يولىدا،
ھەمراھ بولغان ئىبراھىم.

چۆچەك دېگەن شە ئىكەن،
ماختىغۇچىلىكى بار ئىكەن.
قالىغىلى ئوتۇن يوق،
ئات تېزىكى دورا ئىكەن.

هارۋىكەشنىڭ ئاتلىرى،
توغرىدا قوناق يەيدۇ.
قوناق يېمىگەن ئاتلار،
بىر بەلدىن ئۆتەلمەيدۇ.

قەرزگە بوغۇلۇپ قالدۇق،
دەڭجالارغا پۇل لازىم.
يېنىڭدا داچەن بولمىسا،
دەڭجا بەگكە كىم لازىم؟

دەڭدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ،
جۇمبۇ يامىغان بىگىز.
چاپاننى يېشىپ بەرسە،
بەرگىنى ئالىقاندەك كىگىز.

چەيلەڭزىيۇ - يودەڭزە،
داخېيەنزى - يودەڭزە.
هارۋىكەشنىڭ پۇلىنى،
سۈزۈۋالغان يودەڭزە.

تۇرپانىيۈزلۈك زاھىركام،
يۈز هارۋىغا باش ئىكەن.
راسخوتلىرى زىيادە،
باسقان يۈكى ئاش ئىكەن.

باش ئېتىم چىلان تورۇق،
كەينىمدىكى ئالا ئاياغ.
ھارۋىكەش بولارمەن دەپ،
قالدىم مەن يالاڭ ئاياغ.

كارۋاننىڭ بېشى دەيدۇ،
شەمۇ ـ شە(ھەر)دە ئوينايدۇ.
ھارۋىكەش مۇساپىرلار،
دەشت چۆلدە يىغلايدۇ.

ئىلىخودا ئات سېمىز،
ئۈرۈمچىدە ئات ئورۇق.
ئىلىغا كېتەي دېسەم،
پۇتۇمدا ئەسكى چورۇق.

سۇلايمانكام ئىمام بولدى،
ھارۋىكەشلەر سەپ بولدى.
جىلىلىيۇزىنىڭ بالىلىرى،
يېتىپ كېلىپ زەپ بولدى.

داۋاندىن ئۆتۈپ كەتكەن،
ئاتلىرىنى داڭلايدۇ.
قۇمبۇلاقتا تارتمىسا،
ئاتقا قاراپ يىغلايدۇ.

ھارۋىكەش بولغان بالىلار،
ئاتلىرىنى ھەيدەيدۇ.
يوللاردا جاپا ـ مۇشكۇل،
ھەر دوقمۇشتا يىغلايدۇ.

غېنىكامنىڭ بالىلىرى،
تولىسى كېپەكيۈزلۈك.
ئەدھەم قاتقان تورۇقنىڭ،
كۆزلىرى چېقىر كۆزلۈك.

غېنى بايۇ ـ غېنى باي،
كارۋان بېشى غېنى باي.
باشقا كەلگەن بالانى،
ئوڭشىغانمۇ غېنى باي.

باش ئېتىم چىلان تورۇق،
ياندىقىم قىيسىق قۇيرۇق.
دۈشەنبە كۈن قوزغالدۇق،
كارۋان بېگىمدىن بۇيرۇق !

بىز ئىلىدىن چىققاندا،
كارۋان بېگىم باش بولدى.
چەيلەڭزىدىن ئۆتكەندە،
يۈرەكلىرى تاش بولدى.

سۈيدۈڭ دېگەن شەھەرنىڭ،
لەڭگەر دەپ بازارى بار.
بىز ئۇ يەردىن كەتكۈچە،
بەگلەرنىڭ ئازارى بار.

ئىلىغا خەۋەر كەپتۇ،
«سوۋسىن تۆرك①ماڭسۇن» دەپ.
قورغاستىكى كىرسىننى،
ئۈرۈمچىگە تارتسۇن دەپ.

نوغايتونىڭ باللىرى،
هاردى يولدا ئاتلىرى.
هېزىم بىلەن ئاقموللا،
چۆچەك شەھىرىدە ناملىرى.

هارۋىكەشنىڭ ئاتلىرى،
توغرىدا قوناق يەيدۇ.
هارۋىكەشكە نەدە ئاش؟
قۇرۇق نان ئۆمەللەيدۇ.

توغراق چازا، كۆلئۆتەڭ،
تاچۈزىدا بىرلا دەڭ.
تاللىق، چىگشۇدىن ئۆتسە،
يول بولىدۇ تەپمۇتەڭ.

شىخو يولى ئۈچ ئاچا،
بىرى چۆچەك، ئۈرۈمچى.

---

① سوۋسىن تۆرك ــ ئىلىدىكى سوۋېت ـ جۇڭگو چارۋا مەهسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش تىجارەت بىرلەشمىسى.

ئىلىخودىن بارغاننىڭ،
پۈتىدا بار تىزلامچى.

سوۋسىن تۈرك بېرىپتۇ،
هارۋىكەشكە كۆپ پۈتۈك.
غەمدە قالغان باشلارنى،
ئوڭلىغان نىزام گۈدۈك.

ئۆتەڭ ئۆتىمىز ئاتلاپ،
بەلگە پوتىنى باغلاپ.
قۇرۇپ كەتكەن پوپۇچنى
هارۋا مېيىدا مايلاپ،

هارۋىكەشمۇ بولدۇم مەن،
مەپىكەشمۇ بولدۇم مەن.
ياندا باردىن ئايرىلىپ،
مەدىكارمۇ بولدۇم مەن.

دەڭدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ،
جۇمبۇ يامىغان بىگىز.
يوللاردا تېپىلمايدۇ،
سالغىنى كونا كىگىز.

باش ئېتىم جەرەن قاشقا،
كەينىدە ئالا ئاياغ.
ئاقچا قالماي قولۇمدا،
بوپ قالدىم يالاڭ ئاياغ.

هارۋىكەشۇ ـ هارۋىكەش،
يۇرگەن يېرى دەشمۇدەش.
ئات ـ هارۋىدىن ئايرىلىپ،
كېتەلمەيدۇ جاپاكەش.

هېزىمكامنى ساراڭ دەيدۇ،
ساراڭ ئەمەس ئوڭ ئىكەن.
يېتىمچىنى سىلايدۇ،
سۆزى بۇغداي ئاش ئىكەن.

جاغىستايلىق بالىلارنىڭ،
سىمدىن ئۆرۈگەن قامچىسى.
بىز تەلكىدىن ئۆتكۈچە،
يىغلاپ قالدى قانچىسى.

پىيادە تولا مېڭىپ،
قالدى ئۆتۈك پاشنىسى.
ھارۋىكەشنى ئولتۇرغۇزمىغان،
شېڭ دەيۇزنىڭ سەيسىسى.

ئاتلارنى سۇغارغان بىز،
كۆيتۈك يولىدا كۆلدە.
بىزگە يەتتى غېرىبلىق،
ئۈرۈمچى يولىدا تۈزدە.

ئۈرۈمچىنىڭ تۇمانى،
خۇدا قىلسۇن ئامانى.
بىدە نەدە بىزلەردە،
ئالتۇن بولدى سامانى.

جىنسوزىدا ئوت ياقتۇق،
چىغنى قالاپ ئوچاققا.
سەيسگە تۇتۇلمىساق،
بىز ياناتتۇق بۇ چاغقا.

چىغنىڭ ئوتىمۇ ئوتمۇ؟
شامال ئۈچۈرۈپ كەتتى.
سەيسدە تولا يۇرۇپ،
ھارۋىكەش تۈگىشىپ كەتتى.

شېڭ شىسەي دېگەن توڭگۇز،
ھارۋىكەشنى «خو»① دەيدۇ.
ئاغزىدا دېگەن بىلەن،
ئۇچ كۇن تۇرسا «زو !»② دەيدۇ.

① خو — «ياخشى» مەنىسىدە.
② زو — «ماڭ» مەنىسىدە.

توشۇدۇقۇ ـ توشۇدۇق،
چېرىكلەرنى توشۇدۇق.
چېرىكلەر دەڭدە ياتسا،
بىز تالادا ئۈششۈدۇق.

داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە،
بەييەنخۇغا[1] يەتكەندە.
چېرىكلەرگە مىڭ لەنەت!
خويما قىلدى دەپسەندە.

ئۇرۇمچىنىڭ يولىدا،
ئاندا ـ ساندا قورام تاش.
جەبىر ـ جاپا دەستىدىن،
كۆزدىن ئاقتى قانلىق ياش.

تەلكىدەك داۋان بارمۇ؟
ئىلىخودەك شەھەر بارمۇ؟
هارۋىكەش ئوغۇل باللا،
ئۇ كۆرمىگەن شەھەر بارمۇ؟

مۇزداۋاننىڭ يولىدىن،
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ؟
ئىلىخوغا بارغۇچە،
جېنىمىز ئامان بارمۇ؟

[1] بەييەنخۇ ــ هازىرقى تۇزكۆل.

## 25 ـ باب
## يارەنلەر يار ئۇلتۇردى قوشقى

قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بۇ قوشاق 1863 ـ يىلىدىن 1876 ـ يىللارغىچە قۇمۇلدا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن. قوشاقتا ئەينى يىللاردىكى قۇمۇل خەلقىنىڭ تۇرلۇك ئىچكى ـ تاشقى نىزا، ئاپەتلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى ۋە نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن، قۇمۇلغا سودا ـ سېتىق، تىجارەت ئۈچۈن بارغان ياقا يۇرتلۇق مۇساپىرلارنىڭ غەمكىن روھىي ھالىتى سۈرەتلەن- گەن.

يارەنلەر يار ئۇلتۇردى،
كۆردۈڭلارمۇ؟
ئەندىجان سايەسىدە،
سورىدىڭلارمۇ؟

ئەندىجان سايەسىدە،
نەلەر بار ئىكەن؟
خان، خوجام دەستارىدا،
گۈللەر بار ئىكەن.

خان، خوجام توخۇلىرى،
چىللىشىدۇ.
مۇساپىر، كارۋان بەگلەر،
يىغلىشىدۇ.①

① «قۇمۇل نەزمىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

## 26 ـ باب
## كوچا ۋەقەسى ھەققىدە قوشاقلار

«كوچا ۋەقەسى ھەققىدە قوشاقلار» ـــ 1929 ـ يىللاردا كوچادا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ۋەقەنى ئاساس قىلىپ ئىجاد قىلىنغان. بۇ قوشاقلاردا، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، تيەنجىندىن كوچاغا ئامبال بولۇپ كەلگەن بىر ئەمەلدارنىڭ ياڭ زېڭشىننى ئارقا تىرەك قىلىپ، يەرلىك بەگ ـ لويىلار، دورغىلارنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇلۇم ـ ستەملىرى، ياش قىزلارغا قىلغان زورلۇق ـ زومبۇلۇق، باسقۇنچىلىقلىرى ۋە ئاۋام خەلقنىڭ ئۇلارغا بىلدۈرگەن نارازىلىقلىرى؛ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە ئۆزئارا چاپان يېپىپ، خەلقنى باستۇرغانلىقتىن ئىبارەت ھىيلە ـ مىكىرلىرى بايان قىلىنغان. بۇ قوشاقلار كوچانىڭ ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىلەلمىدۇق كوچا تامان،
چىقتىمۇ «ئوغرى».①
بىلەلمىدۇق بۇ ۋەقەدە،
كىمنىڭدۇر توغرى.

ئاڭلىدۇق بىز تېشىپتۇدەك،
ئۆگەن دەرياسى.
باشلىنىپتۇ خالايىقنىڭ،
بىر چوڭ غوۋغاسى.

بولۇپتۇدەك بىر تيەنجىنلىك،
كوچاغا ئامبال.
كىيەر ئىكەن مەخمەل چاپان،
تاۋاردا تامبال.

يېيىشلىرى گۆچۈكلۈقنىڭ،
ئۇندا تائام.
توخۇ، تۇخۇم، قوزىلارنى،
يەركەن گاھى خام.

تېخى ئامراق ئىمىش ئۆزى،
ئۆزۈم، يېمىشكە.

① ئوغرى ـــ ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان ئىسيانچىلارنىڭ ھەممىسىگە «ئوغرى» دەپ تۆھمەت چاپلانغان.

چۈنتىكمۇ توشۇپتۇدەك،
ئالتۇن - كۈمۈشكە.

توقلۇقىدىن چىقىرىپتۇ،
غەلىتە «شوخلۇق».
شۇنىڭ بىلەن باشلىنىپتۇ،
يەنە بىر شۇملۇق.

دەپتۇدەك ئۇ: «كۈچالىقنىڭ
ياڭگاڭزىسى خو.[①]
ئەكىلىڭلار تاللاپ تۇرۇپ،
كويچەن[②] دېگەن دو[③]».

دورغىلىرى ئۇنىڭ ھەريان،
چېپىپتۇ ئوقتەك.
خوتۇن - قىزنى بۇلاپتۇدەك،
ئىگىسى يوقتەك.

ئالتۇن قىزغا ئامبالنىڭ،
چۈشۈپتۇ كۆزى.
ئاياغ ئاستى قىلماقچىكەن،
مەسۇمنى ئۆزى.

ئاتا - ئانا چىدالماپتۇ،
بۇنداق خورلۇققا.
قول قوشتۇرۇپ تۇرامدۇ خەق،
بۇنداق زورلۇققا.

ئورغاق بىلەن ئارا، گۈرجەك
كۆتۈرۈپ دېھقان.
قورشىۋاپتۇ ئامبالنىمۇ،
كۆتۈرۈپ ئىسيان.

ياڭ[④] جاڭجۇننىڭ شەرىئەت دەپ،
قىلغىنى قېنى؟
ئاياغ ئاستى قىلىنامدۇ؟
پاك قىزنىڭ تېنى؟

---

① ياڭگاڭزىسى خو — قىزلىرى ياخشى، نوچى.
② كويچەن — پۇل، ئاقچا.
③ دو — نۇرغۇن، كۆپ.
④ ياڭ — ياڭ زېڭشىن.

توپ ئىچىدىن ئېتىلىپتۇ،
قىزنىڭ ئانىسى.
غەزىپىگە پايلىماپتۇ،
قولدا پالتىسى.

چېپىپتۇدەك غەزەپ بىلەن،
يايىنى شۇئان.
بېرىپتۇدەك شۇم يايىمۇ،
تىن تارتماستىن جان.

«پاك !» قىلىپلا ئېتىپتۇ ئۇ،
دادىنى ئامبال.
ئاۋام خەقنى چېرىك بىلەن،
قىلىپتۇ قامال.

كۇچالىقنىڭ غەزەپ ـ قەھرى،
تېشىپتۇ شۇئان.
«ئەنتىمىزنى ئالىمىز!» دەپ،
تىكىپتۇلەر جان.

ئىش يوغىناپ تۇشمۇتۇشتىن،
چىقىپتۇ غوۋغا.
ياڭغا مەلۇم قىپتۇ ئىشنى،
كۇچالىق دورغا.①

ئەسقاتماپتۇ قازىلارنىڭ،
پەتىۋالىرى.
ئارىلىشىپتۇ موللىلارنىڭ،
ئەتىۋارلىرى.

غەزىپىگە پايلىماي خەق،
باشلاپتۇدەك جەڭ.
خەلق قىيان بولغاچ، چېرىك
كېلەلمەپتۇ تەڭ.

لوجاڭجۇن ② نىڭ پاچىقىغا،
تۇتىشىپتۇ ئوت.

① دورغا ــ ھەربىي ئەمەلدار.
② لوجاڭجۇن ــ ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆرمەت نامى.

يالقۇن بولۇپ يېنىپتۇدەك،
تامامىكى يۇرت.

جاڭجۇن شۇئان پۈتى كۆيگەن
توخۇدەك بولۇپ.
يىغىپتۇدەك لويىلار[1]نى،
غەزەپكە تولۇپ.

دەپتۇ: «قېنى، بۇ ئىشقا بەل
باغلالايدۇ كىم؟
قىلالايدۇ قايسى ئادەم،
بۇ غوۋغانى جىم؟»

«مەن قىلالايمەن» دەپتۇ خاتۇڭ[2]
قىلىچىنى بىلەپ.
«مەن» دەپتۇ ئۇ لى فۇشۇ[3]مۇ،
ئايەت ھەجىلەپ.

«لازىم، ـــ دەپتۇ ئۇ نەن فۇشۇ ـــ،
پەم بىلەن باسماق.
پەم ئىشلەتمەي تەس بولادۇر،
غوۋغانى توسماق.

ئۆزۈم باراي جاڭجۇن ئاتا،
بەرگەيلا ھوقۇق.
كۈچالىققا بىر بېگىسىمنى،
كۆرسەتمەي تولۇق.»

بۇ ئەقىلگە ياڭ زېڭشىنمۇ،
ماقۇل بولۇپتۇ.
نەن فۇشۇغا «نەن دافۇشۇ[4]»
مەنسەپ بېرىپتۇ.

ئۈرۈمچىدىن نەن دافۇشۇ،
چىقىپتۇ يولغا.
ھەمراھ بوپتۇ قازىكان،
بىرنەچچە موللا.

---

① لويى ـــ ئاقساقال، خوجايىنلار.
② خاتۇڭ ـــ ئەسكەر بېشى قادىرنى دېمەكچى.
③ لى فۇشۇ ـــ ياڭ زېڭشىنىڭ يېنىدىكى ھەربىي ئەمەلدار.
④ نەن دافۇشۇ ـــ نەن چوڭ ياردەمچى ئەمەلدار.

نەن دافۇشۇ يېتىپ بېرىپ،
كۇچاغا ئەتىسى.
باشلىنىپتۇ ئۆيمۇ ئۆيلەر
ئۇنىڭ پەتىسى.

بۇ ـــ پۇقرانىڭ تومۇرىنى
تۇتقىنى ئىمىش.
ئەل رايىنى، ئەل ئويىنى،
ئۇققىنى ئىمىش.

«قولنى كەسمەي قان چىقماس» دەپ،
سۆزلەپتۇ نەن فۇشۇ.
ئىش چىڭىغا چىققان چاغدا،
ئامال دېگەن شۇ.

جاكارچىلار كوچا ـ كويدا،
چاجاڭ① ئۇرۇپتۇ.
داتاڭ ②مۇ ھەم سوراق قىلىشقا،
سورۇن تۈزۈپتۇ.

تۇشمۇتۇشتىن يىغىلىپتۇ،
ئاۋام بوپ تەققاس.
بەگلەر جاق ـ جاق تىترىشىپ،
دەپتۇ ئەيىۇھەنناس.

ئامبالنىمۇ باشلاپ كەپتۇ،
يېنىدىن يالاپ.
قىلماپتۇ ئۇ تېخى پىسەنت،
بوينىنى تولغاپ.

دەپتۇ تېخى ئۇ: «نەن فۇشۇ،
قىلامسەن سوراق؟
سەن دېگەن كىم؟ مەن دېگەنچۇ؟
تازا ئويلاپ باق !؟

سوراق قىلسا جاڭجۇن كەلسۇن،
سەن يوقال كۆزدىن !

① چاجاڭ ـــ خەۋەر قىلغۇچىلارنىڭ ئەسۋابى.
② داتاڭ ـــ چوڭ زال، چوڭ سەينا.

جاۋابىم شۇ، كۆتە كەشكىنى !
يانمايمەن سۆزدىن.»

تاراقلاپتۇ ھەر تەرەپتىن،
زوكۇن تاختىسى.
نەن فۇشۇنىڭ چىقىپتۇدەك،
كۆزنىڭ پاختىسى.

ئېلىپتۇدەك قولىغا ئۇ،
پەرەڭ مىلتىقنى①
سالماي تۇرۇپ ئۇ ئامبالغا،
تۆمۈر چېتىقنى.②

«مېنىڭ قولۇم ئەمەس بۇ، ھە
جاڭجۇننىڭ قولى.»
دەپ ۋارقىراپ تەپكىنى ئۇ،
بېسىپ بىر يولى.

«پاڭ !» قىپتۇ ـ دە، يىقىلىپتۇ،
جان بېرىپ ئامبال.
شۇنىڭ بىلەن جىمىپتۇدەك،
جىمىكى جاڭجال.

بۇ خەۋەردىن ياڭ زېڭشىن بەك،
بولۇپتۇ خۇشال.
ئامبالنى دەپ ئەرز قىلغانلار،
بولۇپتۇ ئوسال.

نەن دافۇشۇ ئەمەلدارنىڭ،
كاتتىسى بوپتۇ.
داناغا زىخ نادانلارنىڭ،
ئاتىسى بوپتۇ.

---

① پەرەڭ مىلتىق ــ فرانسىيىدە ياسالغان مىلتىق.
② تۆمۈر چېتىق ــ پۇت ـ قولغا سېلىنىدىغان كىشەن.

## 27 ـ باب
# راي ـ راي قوشقى

«راي – راي قوشقى» ـــ يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ ئىنقىلابىي، ئەڭ تەسىرلىك قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، تۇرپان، قۇمۇل دائىرىسىدە ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كەڭ تارقالغان.

1840 ـ يىلى قوزغالغان ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان شىنجاڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ تۇردى. ئەپيۇن چېكىش ئۇرۇمچى، قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەردە يامراپ كېتىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ناھايىتى زور زىيان سالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەپيۇننى چەكلەش، ئەپيۇنگە قارشى تۇرۇش ساداسى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. بەزى زور چارە ـ تەدبىرلەر يولغا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ تەن سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئەپيۇننى قەتئىي توسۇپ كىرگۈزمەسلىك تەشەببۇس قىلىندى. مانا شۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، شىنجاڭدىمۇ جاھانگىرلارنىڭ ئەپيۇندىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاق، ناخشا، مۇزىكا ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەينى يىللاردا ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەكىللىكىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار تۇرپان كوناشەھەردە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، مائارىپ ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەپ، «راي – راي ناخشىسى»نى جاراڭلىتىپ، ئەپيۇن چەكلەش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ماسلاشقاندى. ئەپيۇننى چەكلەشنى مەزمۇن قىلغان بۇ ناخشا ـ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرەشلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە تارىختىن ئورۇن ئالغان.

«راي – راي قوشقى» ـــ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتكەن ئەسىردە ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئەپيۇنگە قارشى تۇرۇش، ئەپيۇننى چەكلەش ھەرىكەتلىرىگە ئاۋاز قوشۇپ، چەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ھارماي ـ تالماي كۆرەش ئېلىپ بارغانلىقىنى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ئەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەپيۇن دېگەن نىجىسنىڭ،
بىلەمسەن زىيانىنى؟
قۇلاق سېلىپ ئىشىتكىل،
مەن سۆزلەي بايانىنى.
راي ـ راي، راي ـ راي.

ئەپيۇن دېگەن چوڭ زەھەر،
ھاياتىڭغا خەۋپ يېتەر.
ئالتۇن، كۈمۈش كۆپ كېتەر،
بىلدىڭمۇ زىيانىنى؟
راي ـ راي، راي ـ راي.

ئوڭدا ياتقان ئەپيۈنكەش،
شوراپ چەككەن ئەپيۈنكەش.
چىرايى سېرىق سامان،
كاردىن چىققان ئەپيۈنكەش.
راي ـ راي، راي ـ راي.

ئەپيۈن دېگەن نىجىسنى،
دەسسەپ چىراغ، غاڭزىسنى.
ئوتقا سېلىپ، كۆيدۈرۈپ،
بېرەيلى نەق جاجىسنى.
راي ـ راي، راي ـ راي.

توغرا ئېيتتىڭ جان دوستۇم،
ئەپيۈن چەكمە دەپ توستۇم.
سەن ئۇقتۇڭمۇ؟ مەن ئۇقتۇم،
تاشلا بۇ نىجاسەتنى.
راي ـ راي، راي ـ راي.[1]

[1] «راي ـ راي قوشىقى»نىڭ بەزى سۆزلىرىدە قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولغان، كېيىن مۇكەممەللەشكەن. يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر: «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 206 ـ بەت.

## 28 ـ باب
## ئاتۇشتىكى يېڭىچە مائارىپ ھەققىدە قوشاق

ئۇيغۇر خەلقى زۇلۇم ۋە ئاسارەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياتقان 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاتۇش ئىكساقتىن باشلانغان ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپقا كۆچۈش ھەرىكىتى ئۆز زامانىسىدا زاۋاللىق، نادانلىق، جاھالەت، مەھكۇملۇق يىلتىزىغا ئۇرۇلغان پالتا، قاراڭغۇلۇقتا ياندۇرۇلغان مەشئەل بولدى. ياۋروپادا يارىتىلغان نۇرغۇن يېڭى ئۆزگىرىش، مۆجىزىلەرنى ئالدىن سەزگەن ۋە ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلغان ئاكا ـ ئۇكا موسابايوف ۋەكىللىكىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر يېڭى سانائەت بىلەن يېڭىچە مائارىپنىڭ ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئاتۇش، قەشقەرلەردە يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرغان. مانا مۇشۇنداق تارىخي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىغا، مائارىپ تەرەققىياتىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار ۋە ئۇلار ئىجاد قىلىپ تارقاتقان قوشاقلار بارلىققا كەلدى ھەمدە كەڭ جاماەت ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. خەلق ياخشى كۆرگەن بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا تۇنجى يېڭىچە مائارىپنىڭ ئاتۇشتا يىلتىز تارتقانلىقى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. يېڭىچە مائارىپ ھەققىدىكى بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

قوپ ! ئى ئاداش تۇر،
ئەتراپىڭغا باق.
باق، نە كۆرەرسەن،
ئويلىغىن ئۇزاق.

يەردە، ھاۋادا،
سۇدا كېلۇرلەر،
ياۋروپالىقلاردىن،
ئال، ئەمدى ساۋاق...

## 29 ـ باب
## «ئاچىل» قوشىقى

«ئاچىل» ــ يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ باشلامچى تارىخىي قوشاقلارنىڭ، شۇنداقلا ئىنقىلابىي، جەڭگىۋار مارشلارنىڭ بىرى. ئۇ تۇرپان، قۇمۇللاردا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران گورۇھلارغا، زۇلۇم ۋە ئاسارەتكە قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئويغىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، كۈرەشكە ئاتلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەنىدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، چوڭ دائىرىدە زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە قوزغاش ئۈچۈن بىر جەڭگىۋار ناخشىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسلىدىكى تۇرپان خەلق ناخشىسى «گۈل ئاچىل»غا ماسلاشتۇرغان ئاساستا، ئىنقىلابىي مەزمۇن بىلەن يۇغۇرۇلغان بەش كۇپلېتلىق بىر ناخشا تېكىستى يېزىپ، ئۇنىڭغا «ئاچىل» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، قۇربان تەمبۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئاھاڭ ـ مۇزىكا ئىشلەتكۈزۈپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئورۇنلىرى، ئاقارتىش مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقاتقان. ئۇزۇن ئۆتمەي «ئاچىل» قوشىقى رەسمىي ناخشا سۈپىتىدە چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرىلارغىچە ھەممە ئادەم ئېيتىدىغان ناخشا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان. 1931 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، بۇ ناخشا ـ قوشاق تۇرپان ئويمانلىقىدىن ھالقىپ، قۇمۇلغا يېتىپ بېرىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ جەڭگىۋار مارشىغا ئايلانغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، «ئاچىل» قوشىقى تارىختىكى بىر مىللىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ساداسى بولۇپ، قالاقلىقنى، كونىلىقنى رەت قىلىپ، ئىلغارلىقنى قوبۇل قىلىش، نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيۈش، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتە زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

«ئاچىل قوشىقى» ــ بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭىلىقتا، مىللىي مەدەنىيەتكە، ئىلىم ـ مەرىپەتكە، ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا تەلپۈنۈشتىن ئىبارەت مىللىي پسىخىكىسىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور قىممەتكە ئىگە.

باغدا گۈللەر ئېچىلدى،
چېكەڭگە قىستۇرالامسەن؟
زوقلىنىپ، ئويناپ، كۈلۈپ،
كۆڭلۈمنى ئاچالامسەن؟

تېرەك بېشىدا قاغا،
پەرق ئېتىپ بىلەلەمسەن؟
ھۆسنۈڭدىن گۈل ئۈندۈرۈپ،
قىستۇرۇپ كېلەلەمسەن؟

چاپتىم يورغا ئېتىمنى،
يارىمغا گۈل قىساي دەپ.
كۆرۈپ ئۆتتۈم بېغىمنى،
گۈزەل بوستان ياساي دەپ.

ئاچىل، ئاچىل، ۋاي ئاچىل،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا؟

تۇرپان خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئاچىل»نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تۇنجى تېكىستىنى ۋەتەنپەرۋەر شا-ئىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇنداق يازغانىدى:

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،①
باشقا سانجىلاي دەيدۇ.
يارىمنىڭ يۈرەك ئوتى،
تەنگە يامىشاي دەيدۇ.

يارىم ماڭا ناز قىلۇر،
كۈلۈپ مېنى ماز قىلۇر.
يار قەدرىنى بىلمەيسەن،
زىمىستاننى ياز قىلۇر.

يار دەردىدە خۇن بولدۇق،
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق.
قورقۇنچىڭدىن قاتتىق تاش —
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.

ياش تەلەپلەر ئۇخلاشما،
يار يولىدا پۇتلاشما،
يارىم ئۈچۈن جان پىدا،
قەدىمىڭگە مىڭ تىللا.

غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىل،
ھىممەت يولۇم ئاچىلغىل.

يارىم ئۈچۈن بەرسەم جان،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم،
ياكى ئۆلۈم، يا كۆرۈم.

① «ئاچىل قوشىقى»نىڭ تېكىست نۇسخىسى ۋە بۇ توغرىسىدىكى بىر قاتار مەلۇماتلار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىللاردا ۋە 2006 ـ يىلى قايتا نەشر قىلغان، خېۋىر تۆمۈرنىڭ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» (18 ـ باب، 226 ـ بەت) ناملىق كىتابى ۋە تۇرپان تارىخىغا دائىر بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئېلىندى.

## 30 ـ باب
## «جەرەن يە» قوشىقى

1930 ـ يىلىلىرى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، بىر تۈركۈم قوزغىلاڭچىلار پاناھ ئىزدەپ ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ مىڭگاڭ دېگەن يېرىدە ئالتە ئاي تۇرۇپ قېلىپ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. قوزغىلاڭچىلار يەيدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈك بولمىغانلىقتىن، ئىلاجسىز تاغ ئارىسىدىكى قۇلان، جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يەپ، ئاچارچىلىقتىن، ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلانغان.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە موڭغۇلىيە تەرەپ يەنە قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قوللاپ، ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراغ، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى ياردەم قىلغان. ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە مەشىقى ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن. ئىككى تەرەپ نوم يېزىسى ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ يىللاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەر ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. «جەرەن يە» قوشىقى بەزىدە «جەرەبىيە»دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. بۇ قوشاقلار خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغانلىقى بىلەن مەشھۇر.

1

مىڭگاڭغا قاراپ ماڭدۇق،
قىيىن ـ قىستاڭ ساي سايان.
تاغقا ماڭسا تاغچىلار،
خوتۇن ـ بالا قاراپ قالغان.

ئالتە ئاي ياتتۇق مىڭگاڭدا،
سۆكسۆك بىلەن ئوت قالاپ.
كۆزنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

ئەتىگەندە كۈجە ئىچىپ،
كۈندۈزلىرى قوماچ يەپ.
مىڭگاڭدا تۇرۇپ قالدۇق،
جانلارغا پاناھ تىلەپ.

چۆلدە جەرەن ئاتۇرمىز،
بىرنى بىرگە چاتۇرمىز.

مۇساپىرنى خار كۆرمەڭ،
بەش كۈن، ئون كۈن ياتۇرمىز.

بىزلەر ئۆلۈپ كەتسەكمۇ،
ئەل - يۇرتلار ئامان بولسۇن.
بىزنى دېگەن يارەنلەر،
ئۆلمەستىن تىرىك قالسۇن.

ياھۇ يارەي، ياسەنچى،
بېلى ئۈزۈن بىرەنچى.
ئۆمرۈم ئۆتتى ئېرەنچى،
جەرەييەمۇ - جەرەن يە.

2

ئۇلاستايدىن چىقىپتۇ،
جاڭسىلڭ دېگەن چوڭ دورغا.
بىزمۇ تولا قاريدۇق،
ئۇنىڭ چىقار يولىغا.

جاڭسىلڭ دورغا يات ئەلدە،
مىڭ چىچەينىڭ چوڭىدەك.
خويمۇ قاۋۇل ئەر ئىكەن،
ھەممە ئىشنى قىلغۇدەك.

ھەر تەرەپتىن چېرىكلەر،
بىزنى ئارىغا ئالغاندا.
«ياردەم قىلاي» — دەپ چىقتى،
خۇدا كۆڭلىگە سالغاندا.

بەرمەك بولدى بىزلەرگە،
مىڭ تال مىلتىق - قورالنى.
كىيىم - كېچەك، ئاش - تاماق،
ھەم قىپ بەردى ئامالنى.

ئۇ دېگەندەك بىزلەرمۇ،
قېتىپ قويدۇق ئۈچ ئادەم.
شۇ خىيال - ئويلار بىلەن،
تاشلىماققا بىر قەدەم.

لوپسۇن كىچىك دورغىسى،
خەتكە كامىل ئەر ئىكەن.
جاڭسىڭ دورغا سۆزلىسە،
بىرنى قويماي يازاركەن.

باتۇر دېگەن زونوكنىڭ،
تۇلكە بىلەن ياقىسى.
باتۇر جاننى كۆيدۈرگەن،
كۇكۇنلارنىڭ باقىسى.

قالماق تىلىغا ئۇستىكەن،
نىياز ئاخۇن دورغىسى.
ئاتلاردىن كېيىن قالماس،
قاشقا ئاتنىڭ يورغىسى.

سۆلتىگە قارىساق،
يولۋاس سۇپەت ئەر ئىكەن.
چىقىۋېلىپ شۇ نومغا،
خوتۇن ئالسام دەر ئىكەن.

## 31 ـ باب
## «تورپاق يېغىلىقى» ھەققىدە قوشاقلار

«تورپاق يېغىلىقى» — 1907 ـ يىلى قوزغالغان قۇمۇل تارىخىدىكى زور تەسىرگە ئىگە دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ بىرى. بۇ قوزغىلاڭغا «تورپاق» لەقەملىك ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن رەھبەرلىك قىلغان ھەمدە تورپاق جەمەتىنىڭ ئادەملىرى كۆپرەك قاتناشقاچقا، كېيىنكى كۈنلەردە قوزغىلاڭنىڭ نامى شۇ جەمەتنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. 1000دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان «گۈمبەز باغ»نى مەركەز قىلغان بۇ قوزغىلاڭ دەسلەپتە زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپ، قۇمۇل ۋاڭلىرىنى تىترىتىپ، دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغان بولسىمۇ، لېكىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سالا ـ سۇلھى قىلىشى، تەجرىبىسىزلىكى ۋە كۈچ نىسبىتىنىڭ زور پەرقلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولغان. قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرىدىن موللا راجى، خوجامنىياز، دۇگامەتتىن ئىبارەت ئۈچ كىشى قولغا چۈشۈپ قېلىپ، قۇمۇلنىڭ خاگۇسەن دېگەن يېرىدە كاللىسى ئېلىنغان، 12 كىشى ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىنغان.

«تورپاق يېغىلىقى» ھەققىدىكى بۇ قوشاقلار ئەينى يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈش جەريانى، مۇساپىسى، ئىش ئىزلىرىنى بىلىۋېلىشىمىزغا بەلگىلىك ياردەم بېرىدۇ.

تۈگمەس ئالۋان ـ ياساقلار،
جانغا ئارام بەرمىدى.
تىل ـ ھاقارەت ئاڭلاشقا،
ئەلدە تاقەت قالمىدى.

ئارا، چاپچا كۆتۈرۈپ،
ئادالەت دەپ قوزغالدى.
ئەلچىلەرنى ماڭدۇرۇپ،
گۈمبەز[1] باغقا توپلاندى.

قاتتىق چۇقان سېلىشتى،
ئۈچ ئايغىچە ئېلىشتى.
قىستاپ كېلىپ سۇقوۋۇقا،
يەتتە شەرتنى قويۇشتى.

شاھ مەخسۇت سۇلھى بىلەن،
تەلەپلەرگە قول قويدى.

[1] گۈمبەز باغ — جاي ئىسمى.

كاسپلار قولى بىلەن،
چوڭ بىر تاشقا خەت ئويدى.

خەتلىك تاشنى تىكلەتتى،
تاش تارتما [1] دېگەن جايدا.
ئىشقا سالدى موللىنى،
سۆلھەدىن ئېلىپ پايدا.

يالغان چىقىپ ۋەدىسى،
ئىش بۇزۇلدى ئەتىسى.
خاگۇسەندە [2] ئېلىندى،
ئۇ كىشىنىڭ كاللىسى.

مىلتىقلىرى بەتلىنىپ،
زارىپ، نازى ئېتىلدى.
ئەمەت نومغا پالىنىپ،
ئون بەش يىللىق كېسىلدى.

---

① تاش تارتما ـــ جاي ئىسمى.
② خاگۇسەن ـــ جاي ئىسمى.

## 32 ـ باب
## ئاتۇشتىكى كەلكۈن ئاپىتى ھەققىدە قوشاق

1944 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاستىن ئاتۇشقا دەھشەتلىك كەلكۈن كېلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن پاجىئە يۈز بەرگەن. شۇ قېتىمقى دەھشەتلىك كەلكۈن مەزگىلىدە، ئاتۇشقا قارايدىغان 24 كەنتتىن مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىشىلەر ئاستىن ئاتۇش بازىرىغا يىغىلغان بولۇپ، سودا ـ سېتىق قىلىۋاتقانىكەن. كەچتە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆيىگە قايتقان بولسىمۇ، لېكىن، يىراق جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر مەشھەت كونا بازاردىكى دەڭ ـ سارايلاردا قونۇپ قالغان. دەل شۇ پەيتتە ۋەقە يۈز بەرگەن. دەھشەتلىك كەلكۈن بازارغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئېقىتىپ كەتكەن، بازار ۋەيران بولغان، بازار ئىچىدىكى مۇئەسسەسە، ئورگانلارمۇ ۋەيران بولغان، ئۆي ـ قوتانلار ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. يەتتە كۈن داۋاملاشقان بۇ كەلكۈندە نەچچە ئون مىڭ مو تېرىلغۇ، زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغان. ئۆلگەن كىشىلەر لاي ـ لاتقىلارغا پېتىپ قېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىزدەپ تاپالماي، يۇرت ئەھلى يىغا ـ زار قىلىشقان. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلىمى، ھالى بىلەن كارى بولمىغان.

«ئاتۇشتىكى كەلكۈن ئاپىتى ھەققىدە قوشاق» ئاشۇ يىللاردا يۈز بەرگەن ئەنە شۇ تەبىئىي ئاپەتنى ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇ قوشاق ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتۇشنىڭ ئىجتىمائىي، تەبىئىي جۇغراپىيىۋى، تارىخىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

قىرىق تۆتىنچى يىلى،
سەل سۇ كەلدى ئاتۇشقا.
مۇنبەت يەرلەر ئايلاندى،
گىياھ ئۇنمەس تاشلىققا.

ئېكىن يەرنى ئەپقاچتى،
ئاش، ئوزۇقنى لاي باستى.
تىجەن، مەشھەت خەلقىنى،
تۈگىمەس ـ پۈتمەس غەم باستى.

ئاقتى لاي سۇ لەڭ ئۇرۇپ،
قورقۇنچلۇق ھەيۋىسى.
كەتتى دەريا ياقىسى،
ئۆي ـ ماكانىنىڭ ھەممىسى.

ئۆلدى ھەم ياربدار بولۇپ،
شۇ قېتىم ئۈچ يۈز كىشى.
كۆچتى خەلق نائىلاج،
ياقىغا مىڭلاپ كىشى.

ئېيتسا خەلق داد ئۇرۇپ،
كىم ئاڭلار پەريادىنى؟
ئېچىنىپ ئاق دىل كىشى،
قايىنتار ۋىجدانىنى.

كۆرسە كۆرمەسكە سېلىپ،
شۇل خەلقنىڭ ھالىنى.
قىلدى شۇملۇق ھۆكۈمەت
بەلكى ئەستى قارنىنى.

شېڭدىن① كېيىن گومىنداڭ،
چىققاندى تەختكە.
باستى زۇلۇم قاتمۇقات،
مىندى خەلقنىڭ ئۈستىگە.

گومىنداڭنىڭ ئوردىسى،
مەشھەت ئىدى ئەسلىدە.
ۋەيران بولغان ئۇ يەرمۇ،
سەل سۇ كەلگەن پەسلىدە.

پاتىپاراق بولۇپ ھۆكۈمەت،
قىلدى ئۆزىنىڭ غېمىنى.
ئالۋان قويدى يۇرت ـ يۇرتقا،
تەيىنلەپ ئۆز بېگىنى.

① شېڭ ـــ شېڭ شىسەي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ 1933 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

# 33 ـ باب
# «ئالتۇنچى يىگىتلەر» قوشىقى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭدىكى بىر ئوچۇم ئەكسـ ـ
يەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش» ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئىشقا
سالدى، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن توپلانغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا
بايلىقلار ناھايىتى ئاسانلا خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتتى، خوتەن، ئالتايلاردىكى ئال ـ
تۇن كانلاردا ئىشلەۋاتقان مىڭلىغان ئىشچىلار كانلاردىكى ناچار مۇھىت، ئوسال تۇرمۇش شارائىتىغا
بەرداشلىق بېرىپ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي ئىشلىسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئەمەلىي نەپكە ئېرىشەلمى ـ
دى. بولۇپمۇ 1942 ـ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا «ئالتۇن ئالۋانى» قويۇلۇپ، نەچچە مىڭلىغان يىگىتلەر
مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلىنىپ، پىيادە ئۇرۇمچىگە ھەيدەپ كېلىندى. بۇ تۇتقۇنلارنىڭ نۇرغۇنلىرى قامچا ـ
كالتەك ئاستىدا، بەزىلىرى ئاچلىق تۈپەيلىدىن، يەنە بەزىلىرى ئۆپكە تۇبېركۇلىيوز، ۋابا كېسىلى قاتارلىق
يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، جەسەتلىرى تاغ ئارىلىرىدا قەبرىسىز قالدى. يېزىلار ـ
دىكى زالىم بەگلەر ۋە شەھەرلەردىكى پارىخور ئەمەلدارلار ئاشۇ گۇناھسىز ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنىڭ
قان ـ تەر ئەجرى بەدىلىگە ئەيش ـ ئىشرەت كۈن كەچۈردى. شۇ ۋاقىتتا، ئۇرۇمچىگە ھەيدەپ كېلىنگەن
بۇ ئالتۇن قازغۇچى ئىشچىلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي ئۆلانباي ئۆستىڭى ۋە بوغدا ئۆستىڭى ئەمگەكلى ـ
رىگە ھەيدىلىپ، قەھرىتان سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلگەن بولسا، بىر قىسمى ئالتاي تاغلىرىدا نابۇت بولۇپ تۈ ـ
گەشكەنىدى. بۇ ھەقتىكى قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخىي پاجىئە توغرىسىدا توقۇلغان.

«ئالتۇنچى يىگىتلەر»قوشىقى شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى بى ـ
لىشتە، تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇشتا مەلۇم ئەمەلىي پاكىت ـ
لىق رول ئوينايدۇ.

بېشىمىز قايدىمۇ باللا؟
پۇتىمىز تايدىمۇ باللا؟
قاراپ ھوناق بىلەن كۆككە،
كۆزىمىز ئايدىمۇ باللا؟

ئۆلۈپ يوللاردا، چۆللەردە،
ئېقىپ ياش، تاشتى كۆللەردە،
تۇرار جاي بولغىنى ئەمدى،
باياۋان سايدىمۇ باللا؟

ئىستت! توپ ـ توپ قىرىلدۇق بىز،
ئىچىمىزدىن سىيرىلدۇق بىز.
قىرىلسۇن ھەم تۆگەشسۇن دەپ،
پەلەك تور يايدىمۇ باللا؟...①

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 45 ـ قىسىم، 120 ـ بەت.

## 34 ـ باب
## غۇلجا ـ قورغاس يولىنى ياسىغۇچىلار قوشىقى

1932 ـ يىللىرى، غۇلجا بىلەن قورغاس ئارىلىقىدا تۇنجى قېتىم تاشيول ياسىلىپ، قاتناش ئىشلىرىدا قۇلايلىق بولدى. بىراق، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تۇرلۇك ئالۋان ـ ياساقلىرى، ئادالەتسىز سىياسەتلىرى تۇپەيلى، بۇ يولنى ياساشقا پەقەت كەمبەغەل، يېتىم ـ يېسىرلار ھەيدىلىپ، باي ـ تۆرە، پومېشچىكلارنىڭ بالىلىرى چەتتە قالدى. ئەينى ۋاقىتتا ئازاب ـ كۇلپەت تارتقان يول ياسىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ چەككەن رىيازەتلىرىنى ئەنە شۇ قوشاقلاردا ئەكس ئەتتۇرگەنىدى.

ئەگلەكنى تىكلەپ قويۇپ،
شېغىل تاشنى ئاتىمىز.
ستارشىنى① كېلىدۇ ـــ دەپ،
ئاچ ـ زارلىقتا ياتىمىز.

يەركەنت دېگەن بىر يەردە،
تولا كۆيەر ئېلىپكتىر.
ئات ـ ئۇلاغ جۇدەپ كەتتى،
تۈگىمەيدۇ بۇ مېتىر.

يانبۇلاق دېگەن يەردە،
ئىشلەيمىز بىز ياش باللا.
قىش، قىرو ـ زىمىستاندا،
ياتار يېرىمىز تالا.

---

① ستارشى ـــ كاتتىۋاش ـ ئەمەلدارلار.

## 35 ـ باب
## مس كانىدىكى ئىشلەمچىلەر قوشاقلىرى

1840 ـ يىلىلىرى غۇلجىدىكى بايلار بىر مىس كان ئاچقان بولۇپ، نۇرغۇن كەمبەغەل ـ يوقسۇللارنىڭ بالىلىرى بۇ يەردە ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزگەن. ئۇلار زالىم لويى، بەگلەرنىڭ قامچىسى ئاستىدا، قارا يەرنىڭ تەكتىگە چۆكۈپ، مىس كولاپ، ئېچىنىشلىق هايات كەچۈرگەن. بەزىلىرى ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن، بەزىلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتالماي، ئاتا ـ ئانا، ئائىلە ـ تەۋەلىرى بىلەن جەم بولالماي، «تىرىك ئايرىلغان». بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى مىس كان ئىشلەمچىلىرىنىڭ تارتقان زۇلمىنى هەقىقىي ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، مۇهىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

تەڭرىتاغنىڭ بېشىدا،
مىسكان دېگەن مەلە بار.
ئىشلەمچىگە رەهىمسىز،
جۇ دا لويى[1] دەللە بار.

مىسكان دېگەن مەلىكەن،
ئېگىز داۋان بەلەنكەن.
ئىشلەمچىنى قاقشاتقان،
جۇ دا لويى بەگ ئىكەن.

مىسكان دېگەن مەلىدە،
كۈندە ئۈچ تام سوقىمىز.
قېچىپ كېتىلى دېسەك،
جۇدا لويىدىن قورقىمىز.

مىسكاندىكى بالىلارنىڭ،
دەردى تولا هېسابسىز.
يۇرتقا كەتكۈزمەيدۇ،
جۇ دا لويى ئىنساپسىز.

مىس كولايمىز جەنزىدە،
قارا يەرنىڭ تەكتىدە.
سيتەك دوقا[2] كاپشىيدۇ،
بەش سەر پۇلنىڭ كەينىدە.

① جۇ دا لويى ــ مىس كاننىڭ خوجايىنى.
② سيتەك دوقا ــ مىس كاندىكى خوجايىنلارنىڭ قول چومىقى.

مىسكاندىكى ئىشلەمچى،
تەڭدىن تولىسى يېتىمچى.
يېتىمچىگە كۈشەندە،
سىيىت دوقا چېقىمچى.

ئىشلەمچىگە «يە» دەيدۇ،
ئېچىپ كەتكەن تېرىقنى.
چېرىكلەرنى بوردايدۇ،
بېرىپ توخۇ، بېلىقنى.

چېرىك ياتىدۇ تاشتا،
سىيتەك دوقا يان قاشتا.
ئىشلەمچىگە ئارام يوق،
زالىم قامچىسى باشتا.

ئەجەب قېرىشىپ قاپتۇ،
سىيتەك دوقا بىز بىلەن.
ئۆزى قاشتا ئوينايدۇ،
سارىخان داپ يۈز بىلەن.

قارا ساينىڭ سۇلىرى،
تېگى پاتقاق، بەك چوڭقۇر.
سىيتەك دوقا كۆيدۈرگە،
قىلىقى سەت، بەد چوقۇر.

بەش سەر كۈمۈش تەڭ بولدى،
ئىشلەمچىنىڭ بېشىغا.
پۇل تاپسام قاچاي دەيمەن،
ئاتا ـ ئانام قېشىغا.

بىز بۇياققا ماڭغاندا،
ئانام قالغان ئىشىكتە.
دېگەندى «يات كەلگىن،
بالاڭ قالدى بۆشۈكتە».

ئىشلەمچىلەر يىغلايدۇ،
ئاتا ـ ئانىسىنى ياد ئېتىپ.
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغان،
ئۆسكەن يەرنى ياد ئېتىپ.

ئاق ئەلەم، قىزىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قېشى قەلەم.
ھېچ كىشگە كەلمىگەي،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

ئاخشىمى ياتار بولساق،
سالغىلى كىگىز قېنى؟
جانلارغا زامىن بولغان،
زالىملارنىڭ مىس كېنى !

## 36 ـ باب
## چاكارلار قوشقى

«چاكارلار قوشقى» ــــ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە، باي ـ پومېشچىك، بەگ ـ خوجاملارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ، ئالەمدىن ئۆتكەن بىچارە جاپاكەشلەرنىڭ ئىجاد قىلغان قوشاقلىرىدۇر. بۇ قوشاقلاردا تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى مىليونلىغان ئەمگەكچىلەر قاتارىدا زۇلۇم چەككەن كەمبەغەل باللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى زاماندىكى ياش ئەۋلادلارغا ئۆتمۈشنى ئۇنتۇماي، ھازىرقى زاماننىڭ قەدرىگە يېتىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

باي، غوجامنىڭ ئۆيىدە،
يارغىنىم كۆتەك.
ئىشلىگەنگە بەرگىنى،
سېسىغان كېپەك.

باي، غوجامغا خوتۇنى،
سالىدۇ چۇشەك.
نېمە كارى بىز بىلەن،
مۇزلىساق، ئۆلسەك.

باي، غوجامنىڭ باللىرى،
ئىتقا ئاۋارە.
كەمبەغەلگە بىر نان يوق،
قىلىدۇ نالە.

## 37 ـ باب
## لەڭچىلەر قوشقى

«لەڭچىلەر قوشقى» ـــ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە، لوپنۇر ـ چاقىلىق ئوتتۇرىسىدا ئاشلىق توشۇيدىغان بىر تۈركۈم ئاق كۆڭۈل ياشلارنىڭ قىسمەتلىرى بايان قىلىنغان قوشاقلاردۇر. بۇ قوشاقلار تىل ۋە بەدىئىيلىك قۇرۇلمىسى جەھەتتىن باشقا قوشاقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

كالا باقىپ كەل دەيدۇ،
كالا باقاي كىم بىلەن.
دۇرالدا[①] چاي تالىشىپ،
ئۇرۇشتۇم شىلدىر[②] بىلەن.
ئىگەمنىڭ سۆزى كەڭرى،
ناخشا ئايتاي ئاغزىم بىلەن.

توپاق سويساق بىز سويدۇق،
ئارتىلىپ قالۇر كىمگە؟
ئوبدان قۇلاق سالىپ باق،
تالىش گۇڭتۇ[③] سۆزۈمگە.

يىتىۋىدى بىر توپاق،
ھەممەسى قىلدۇ سوراق.
دۇرالدا بىر كۈن ياتىپ،
سويۇپ يېدۇق بىر توپاق.

لەڭىمىز كامىپ چىقىپ،
مۇشكۈل بولدىغۇ بۈگۈن.
خۇدا نېسىپ قىلارمۇ،
ئۆيگە كېتىشكە بىر كۈن.

خۇدا نېسىپ قىلارمۇ،
ئۆي تەرەپكە كېتىشكە.
بۇ خەقلەر ئۇنىمايدۇ،
بۇغدايغا پۇل بەرىشكە.

---

① دۇرال ـــ يەر نامى.
② شىلدىر ـــ لەڭ توشىغۇچى ئارىسىدىكى بىر كىشىنىڭ لەقىمى.
③ تالىش گۇڭتۇ ـــ لەڭچىلەرنىڭ باشلىقى بولغان ئادەم.

چارىكى يىگىرمە كوي،
يۈزىمىڭ بۇغداي دەيىشكەن.
چارىكى يىگىرمە كوي،
زىيان زەھەردىن ئاچچىقكەن.

لەڭ سالىپ كەلگەن تاغارنى،
ئالىپ كېتەيلى باشلىق.
چارخالىق دېگەن جاينىڭ،
ئۈزۈم، قوغۇنى تاتلىق.

بىز چارخالىققا بارىپ،
ئون ئۈچ كۈن بىكار ياتتۇق.
لەڭمىز كامىپ چىقىپ،
ئارغامچى، تاغار ساتتۇق.

كىشى يۇرتتا مۇساپىر،
كۆزىمىزدىن ئاقتى ياش.
شايارلىقنىڭ لەڭىدىن،
كەم چىقتى تۆت چارەك ئاش.

بىزنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ،
ئۆز يۇرتتا قالغان ئاداش؟
بىزنى ئەسكە ئالامدۇ؟
يۇرتتا قالغان قېرى - ياش.

يەنە تارتىپ ئالارمىز،
يۇتتىن سالامەت بارىپ.
پۇل خەجلىمەي كېلەرمىز،
ئەللىك كوي زىيان تارتىپ.

لەڭمىز كامىپ چىقىپ،
ئون ئۈچ كۈن بىكار ياتىپ.
ئاران يانىپ كەلدۇق بىز،
مىڭ جىڭ ئاش ئۆتنە ئالىپ.

## 38 ـ باب
## پادىچىلار قوشىقى

پادىچىلار ـــ ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىكى كەمبەغەللەر توپىدۇر.

«پادىچىلار قوشىقى» ـــ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە باي ـ پومېشچىكلارغا ئۆز ئەمگىكىنى سېتىپ، پادا بېقىپ كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ توقۇغان قوشاقلىرىدۇر. بۇ قوشاقلاردا ئۇلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن كۈلپەتلىرى ۋە مۇڭ ـ زارلىرى ئەكس ئېتىلگەن.

جاڭگالغا ئىز سالىدۇ،
توپ ـ توپ قوينىڭ ئاياغى.
قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
بۇ جاڭگالنىڭ يىراقى.

ئېشىۋەتتى باشلارنى،
ئەيسا بەگنىڭ تايىقى.
كەمبەغەلنىڭ بالىسىنىڭ،
چۆلدە قالدى ئايىغى.

قويلارنى خىللاپ يەيدۇ،
ئاچ كۆز بۆرە باللىرى.
كېپەك بىلەن لويلىدۇر،
پادىچىنىڭ نانلىرى.

پادا بېقىپ جاڭگالدا،
ئۇستۇۋېشىم قالمىدى.
زالىملارنىڭ دەردىدە،
ئەقىل ـ ھوشۇم قالمىدى.

## 39 ـ باب
## سالچىلار قوشىقى

«سالچىلار قوشىقى» ـــ ئىلى دەرياسى بويىدا سال ھەيدەپ، جېنىنى جان قىلغان بىر تۈركۈم جاپا ـ كەش كىشىلەرنىڭ ئىجاد قىلغان قوشاقلىرىدۇر. بۇ قوشاقلاردا ئەينى يىللاردىكى سالچىلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئېغىر كۈنلىرى، جاپا ـ مۇشكۈلاتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، سالچىلار ھاياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چىكرتىدىن①سال باغلاپ،
دۆگۈۋارتولماي، كۆز جايلاپ.
سالنى باغلاپ ھەم چىگىپ،
ئارقان كۆتۈردۇق ئاۋايلاپ.

سال بېشىنى باغلايمىز،
ئىككىمىز چۇشۇپ ھەيدەيمىز.
چاغان سايدا② توختىتىپ،
بوزا ئىچىپ قايىنايمىز.

كۆكتېرەك③ چېتى سېپىلدەك،
شامال ئۆتەر لەپىلدەپ.
ئۆتەلمىگەن ئادەمنى،
ئىسلام④ ئۆتكۈزەر يېتەكلەپ.

ئۇندىن چۇشۇپ ھەيدەيمىز،
يېرىمدىن توقاچ چىشلەيمىز.
قىزىل كۈرە⑤دە توختىتىپ،
ئارقاننى مەھكەم باغلايمىز.

ئىرىل كۆرە⑥ ئاتاقلىق،
كەچتە تاپتۇق ياتاقنى.

①②③⑤ ئىلى دەرياسى بويلىرىدىكى جاي ئىسملىرى.
④ ئادەم ئىسمى.
⑥ ئىرىل كۆرە ـــ جاي ئىسمى.

چاچقان سالنى يىغالماي،
ئاقچىباي① تارتتى چاتاقنى.

قارنىڭ تېشى يېقىن يەر،
قىشتا چىقار مۇزدەك تەر.
مەدىيانىڭ بېشىدا،
ئولتۇرىدۇ قىزىپ ئەر.

قارا كۇرە، قاپچىغاي،
تارتىمىز كۆرەك چارچىماي.
قاپچىغايدىن ئۆتكەندە،
ناخشا ئېيتىمىز هارماي.

① ئاقچىباي ــ سالچىلار كاتتىۋېشى.

## 40 ـ باب
## بۆزچىلەر قوشاقلىرى

«بۆزچىلەر قوشاقلىرى» ـــ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، يوقسۇل ـ كەمبەغەللەرنىڭ بۆز ـ ماتا توقۇش جەريانىدىكى قىسمەتلىرى بايان قىلىنغان، ئەزگۈچىلەرنىڭ رەھىمسىز، ئاچ كۆزلۈكى ئېچىپ تاشلانغان. ئەينى يىللاردىكى باي ـ كەمبەغەللىك زىددىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

موكا① ئاتتىم رەم بىلەن،
دەپتىن② كۆتۈردۇم غەم بىلەن.
خام توقۇدۇم پەم بىلەن،
ئۇشتە③ قىلدىم دەم بىلەن.

بىز توقۇغان چەكمەننىڭ،
جۇپ بولادۇ شانىسى.
كېچە ـ كۈندۈز ئارام يوق،
تۈگىمەيدۇ چالىسى.

خام، تالىما چەكمەننى،
بىز توقۇيمىز دۇكاندا.④
ئاقساقال⑤نىڭ كارى يوق،
بار غېمىمىز پوكاندا.

ئۆرۈش بىلەن ئارقاقنى،
ئاھا⑥ پۇركۇپ ئاقارتتۇق.
موكا ئاتقان قولىلارنى،
بايغا ئىشلەپ قاپارتتۇق.

ناچى⑦نى تۇرگەن چاقلار،
غۇيۇلدايدۇ توختىماي.

---

① موكا ـــ ئارقاق چۇۋۇتۇپ بېرىدىغان توقۇش سايمىنى.
② دەپتىن ـــ ئۆرۈش يۇرۇشتۇرۇپ توقۇلغان رەختنى چىگدايدىغان سايمان.
③ ئۇشتە ـــ توقۇلغان خام تالىمىلارنى ئاقارتىش دېگەن مەنىدە.
④ دۇكان ـــ خام توقۇيدىغان جاي.
⑤ ئاقساقال ـــ گومىنداڭ دەۋرىدە بۆز توقۇيدىغانلارنى باشقۇرىدىغان مەنسەپدار.
⑥ ئاھا ـــ ئۆرۈش تارتىلغاندىن كېيىن، ئۆرۈشكە پۇركۇپ، ئۆرۈشنىڭ چىدامىلىقىنى ئاشۇرىدىغان كۆممىقوناق ئۇمىچى.
⑦ ناچى ـــ يىپ ئىگىرىدىغان چاق بىلەن ئارقاق ئۇرىدىغان كىچىك سايمان.

بايغا چەكمەن توقۇدۇق،
كېچە بولسا ئۇخلىماي.

مەدىكار بىز بايلارغا،
بەدىلىگە بىرنان يوق.
بۆزچى بولۇپ ئۆزىمىز،
قوڭىمىزدا ئىشتان يوق.

تەپكۈ[1] باسار پۇتىمىز،
موكا ئاتار قولىمىز.
كىيىم يېلىڭ، قورساق ئاچ،
بولمىغاچقا پۇلىمىز.

بۇگۈن بېرەر دەپتىمىز،
ئەتە بېرەر دەپتىمىز.
ئون بەش چەكمەن توقۇساق،
بىر چەكمەنچە ھەققىمىز.

ئۆزۈم توقۇغان خامنى،
بازاردا ساتالمايمەن.
يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە،
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

قولدىن ـ قولغا ئۆتىدۇ،
كالا مۈڭگۈزى موكا.
تەپكىنى تولا تېپىپ،
بولدى پۇتلىرىم توكا.

① تەپكۈ ــ خام توقۇيدىغان دۇكانلارنىڭ ئاياغ ئاستىغا مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان سايمان بولۇپ، ئۇنىڭ دەپتىن، شانا قاتارلىقلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈشتە مۇھىم رولى بار.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# يەتتىنچى قىسىم
# ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر قوشاقلار

## 1 ـ باب
## سەپەر قوشاقلىرى

سەپەر قوشاقلىرى ـــ سەپەر ـ كارۋان قوشاقلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تارىخىي قوشاقلار ئىچىدىكى قەدىمىيلىكى، ئىجتىمائىيلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۇ ئۆتمۈشتىكى سەپەر كارۋانلىرى، ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئىچىنىشلىق سەپەر قىسمەتلىرىنىڭ يەكۈنى. ئۆتمۈش شىنجاڭدا قاتناش ـ نەقلىيات ئىشلىرى قالاق، قولايسىز بولۇپ، تاشيوللار تازا تەرەققىي قىلمىغان. ھاۋا يولى، تۆمۈر يوللاردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇنداق جاپالىق شارائىتتا، خەلق ئۇرۇمچىگە ۋە باشقا ۋىلايەت، شەھەرلەرگە بارىدىغان پىيادىلەر، ترانسپورت يوللىرىنى ئېچىپ ۋە كېڭەيتىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى سىلجىتقان، يىپەك يولىنى بويلاپ سودا ـ تىجارەتنى راۋاجلاندۇرغانىدى. سەپەر كارۋانلىرى ۋە ئاۋام پۇقرالار جانىنى قولىغا ئېلىپ قويۇپ، نەچچە ئايلىق ئۇزۇق ـ تۈلۈكنى ئات ـ ئېشەكلەرگە ئارتىپ، تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى بوسۇپ ئۆتۈپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارغان. بۇ «سەپەر قوشاقلىرى» شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنى چۈشىنىش، بۈگۈنكى يېڭى جەمئىيەتنىڭ قەدرىگە يېتىش جەھەتلەردە زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.①

كىرمەي تۇرۇپ ئوتتۇزغا،
قىرو قونغان بېشىمغا.
تولۇپ تاشقان نى كۆللەر،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا.

ئالا قاردا ئۆتمۈشتە،
ماكانىمدىن ئايرىلدىم.
جورام قالدى ـــ يۇرت قالدى،
قاناتىمدىن قايرىلدىم.

تۆھمەت توقۇپ زالىم باي،
ئۆلتۈرۈۋەتتى دادامنى،

① بۇ قوشاقلارنى قەشقەرنىڭ زەمىن يېزىسىدىكى 17 قېتىم ئىلىغا تۆگە يېتىلەپ چىقىپ، نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، 93 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىلىچى مۇسا ئېيتىپ بەرگەن، پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇرېھىم يۇنۇس خاتىرىگە ئالغان.

قايغۇ ـ ئەلەم دەستىدىن،
كېسەل باستى ئانامنى.

ئاكام بولدى يىلىلىقچى،
شۇ باغرى تاش بايلارغا.
كىچىك ئىنىم پالاندى،
چوپان بولۇپ سايلارغا.

ئايال قالدى ھامىلە،
يان ياغاچقا يۆلىنىپ.
ئانام بولسا تۇمەنىمەك،
دەرد ـ ئەلەمگە كۆمۈلۈپ.

ئاسماندىكى ئۇكەرنى،
ئالدىم گۇرەن ـ دولامغا.
دۇئا قىلدى ئانا يۇرت،
ئاقىول تىلەپ يولۇمغا.

قىلدى ئايال ئىلتىجا،
«تېزدىن يېنىپ كېلىڭ» دەپ.
«باشپاناھسىز بىزلەرنى،
قوينىڭىزغا ئېلىڭ» دەپ.

ماقۇل دېدىم ئاتلاندىم،
«ئاھ، خۇدا» دەپ سەپەرگە.
يولۇقۇشنى بىلسەمۇ،
سەپىرىمدە خەتەرگە.

قولتۇقىمدا راۋابىم،
ئالا خۇرجۇن مۇرەمدە.
سالدىم ئۇنىڭ ئىچىگە،
دەرەش، يىڭنە، بۇرەندە.

راۋابىمنى چالدىم مەن،
تەلۋىچۈكنىڭ بويىدا.
چالدىم، چالدىم، ھارمىدىم،
دەردنى تۆكۈش كويىدا.

كىرىپ قەشقەر شەھىرىگە،
ئۆتتۇك - مەسە يامىدىم.
تاپقىنىمنى بوغۇچلاپ،
چەندازامغا قامىدىم.

تۇرمۇش يولى ئاختۇرۇپ،
بارماق بولدۇم ئىلىغا.
ئۆيۈمدىكى ئۈچ جاننىڭ،
«نان تاپاي» دەپ گېلىغا.

ئاي قاراڭغۇ بىر ئاخشام،
قەشقەردىنمۇ ئايرىلدىم.
چىغىر يولنى خالىي دەپ،
ئوڭ تەرەپكە قايرىلدىم.

يېڭىشەھەرگە باردىم مەن،
تاڭ ئاتقۇچە سوكۇلداپ.
تىقىلاتتى ئاغزىمغا،
يۈرىكىممۇ پوكۇلداپ.

يېڭىشەھەرگە بارغاندا،
«هاشارغا» دەپ تۇتۇلدۇم،
بورۇن بېرىپ بوتۇڭغا،
ئون كۈن ئىشلەپ قۇتۇلدۇم.

ياندۇمىدا بىر كۈنلا،
نەپەس ئالدىم - ئاتلاندىم.
چىقتى ماڭا كۆپ ھەمراھ،
بۇنى كۆرۈپ شادلاندىم.

ماڭدۇق بىللە ھەمدەمدە،
سىردىشىپ ھەم مۇڭدىشىپ.
ئۆتتۇق دەريا، چۆللەردىن،
يېتىلىشىپ، قولدىشىپ.

بىر كۈن مېڭىپ جاپالىق،
«يامانيا»غا يەتتۇق بىز.
بەللەر ئاغرىپ باش قېيىپ،
ھالىمىزدىن كەتتۇق بىز.

شۇ ھالەتتە تۇرساق بىز،
قارا بالا يوپۇشتى.
تۆت تەرەپتىن تۆت غالچا،
مۇشت كۆتۈرۈپ قوپۇشتى.

بىرى دېدى: «ئوغرى بۇ»،
يەنە بىرى: «قاراقچى».
بەتنام چاپلاپ بىردەمدە،
دېدى بىزنى «چاتاقچى».

ياتتۇق ئون كۈن سولاقتا،
تىرىك تۇرۇپ دوزاختا.
تاپالمىدى ھېچ ئېۋەن،
قىيىن - قىستاق سوراقتا.

قويۇۋەتتى سالپىيىپ،
كەتتۇق بوشاپ ئۇزاققا.
قالدى ھەسرەت چېكىشىپ،
ئالالمىغاچ تۇزاققا.

بېرىپ قاپتۇق قارىساق،
چوكانيارغا يېقىنلاپ.
ھۇۋۇلىسىمۇ شىۋىرغان،
جان ئاغرىتىپ بېقىنلاپ.

باردۇق كېيىن شاپتۇلغا،
مېڭىپ كەچتە ئۇز يولغا.
ئىشقا چىقتۇق بۇ يەردە،
جاننى سېتىپ ئون پۇلغا.

بىر كۈن مېڭىپ ئەتىسى،
قويۇن ئاچتى پەيزاۋات.
چاڭقىغاچقا تۇيۇلدى،
قوغۇنلىرى قەنت - ناۋات.

ماڭدۇق يەنە توختىماي،
داشقا ئۇدۇل يول سېلىپ.
باشلار قاتتى چويۇندەك،
يانچۇقلارغا قول سېلىپ.

داشتىن ئۆتۈپ لۈڭكۈرغا،
كەلدۇق ئادەم ياتقاندا.
نالە قىلدۇق خۇداغا،
قارلار قېلىن ياغقاندا.

«كېلىك» دېدى غولتوغراق،
كەڭرى ئېچىپ باغرىنى.
بىر كۈن ئىشلەپ بۇ يەردە،
كۆردۇق بىردىن زاغرىنى.

غولتوغراقتىن ئۆتكەندە،
قارا قىلچىك بار ئىكەن.
ئاسمان تېگى يېتىمغا،
قەپەستەكلا تار ئىكەن.

داۋام ئەتتۇق كېچىسى،
يولىمىزنى — سەپەرنى.
بولدۇق كۆپلەپ مەدىكار،
قولدىن بەرمەي سەھەرنى.

باردۇق بىر كۈن جاڭزىغا،
قىلدۇق ئوقەت باققاللىق.
يەنە قىلدۇق نەچچە كۈن،
هارۋا سۆرەپ هامماللىق.

مارالبېشى دېگەن يۇرت،
قۇچاق ئاچتى «كېلىك» دەپ.
«يارغۇنچاقنى چۆرۈيسىز،
بۇ قىسمەتنى بىلىك» دەپ.

ئېچىپ ياما چۆچەكتە،
تەمى «قەنت» كەن دېيىشتۇق.
يول راسخوتى قىلىشقا،
هەر تەرەپتىن كىرىشتۇق.

مېڭىپ كەتتۇق تۈن بىلەن،
تۇمشۇق دېگەن ماكانغا.
ئاغرىپ ياتتۇق بۇ يەردە،
يولۇققاچ بىز زۇكامغا.

ساقايغاندا ئۈچ كۈندە،
يېتىپ كەلدۇق يايدۇغا.
تام تۈۋىدە ئولتۇرساق،
كۆرۈپ قالدى باي، دورغا.

قىلماق بولدى ئۆزىگە،
ئۆمۈر بويى يىللىقچى.
گەز كەلگەندە پۇقراغا،
ئالۋان سالار سېلىقچى.

ئىشەنمىدۇق، نەيرەڭگە،
«ماقۇل» دېدۇق گوللىدۇق.
قۇتۇلۇشقا پەم بىلەن،
يالغان جاۋاب يوللىدۇق.

قاچتۇق دەرھال يول ئېلىپ،
قۇرۇق ئۆزۈم يۇرتىغا.
بارغان كۈنى يارەنلەر،
ئېلىۋالدى ئورتىغا.

بىرگە بولدى بىز بىلەن،
كۈندۈزلىرى تاماقتا.
كېتەر چاغدا يەل ـ يېمىش،
يوللۇق تۈتتى تاۋاقتا.

كەپتۇق بىرۋاخ ئاقسۇغا،
نامازشامدا گۇگۇمدا.
سەپەر ئۈستى تۈنجى رەت،
چاي قايناتتۇق چۆگۈندە.

ئىشقا چىقتۇق ئەتىسى،
كەتمەن ئېلىپ ئېتىزغا.
تەر ئاققۇزۇپ ماڭلايدىن،
جان كىرگۈزۈپ ئېگىزغا.

تۇردۇق ئون كۈن شۇ تەقلىد،
ئىچتۇق ئاقشاق ـ شويلىنى.
كىيىم يېشىپ ئۇخلىدۇق،
ماكان قىلىپ هويلىنى.

ئاقسۇ جامغا يۈزلەندۇق،
بىر ئاز توپلاپ دەرمىنى.
سەپەر ئۆتتى خاتىرجەم،
ئانچە تارتماي ھەرەجنى.

ئاقسۇ جامنىڭ ئۆزىدە،
بولدۇق بىر ئاي مەدىكار.
كېتەر چاغدا ئون جىڭدەك،
گۈرۈچ بولدى يادىكار.

ئاقسۇ جامدىن ئۆتكەندە،
يېڭىئاۋات بار ئىكەن.
يېتىمچىگە يېتىمچى،
بۇندا بەكمۇ يار ئىكەن.

داۋام قىلدۇق سەپەرنى،
سۆگەتلىككە — قورغانغا.
كۆپ پۇشايمان قىلىشتۇق،
مۇساپىرمۇ بولغانغا.

«قىزىل قورغان» دەيدىكەن،
قورغان ئوخشاش بۇ يەرنى.
ئىش - ئوقىتى بەك قاتتىق،
سىنايدىكەن كۆپ ئەرنى.

بەش كۈن تۈرۈپ يول سالدۇق،
تامغا تاشقا ئۇدۇللاپ.
كۈن نۇرىنى كۆرمىگەچ،
توڭدۇق راسا جۇغۇلداپ.

ئىچتۇق تازا ئوچۇملاپ،
تامغا تاشنىڭ سۈيىنى.
كۆردۇق بۇندا خېلى كۆپ،
مۇساپىرنىڭ ئۆيىنى.

ئۆلمىگەندە ئۈمىد بار،
كۆردۇق مانا مۇز داۋان.
تاغ چوققىسى كۆرۈنمەس،
يوللىرى تىك، سەل - قىيان.

باشمۇ قايدى پىررىدە،
پۇتمۇ بولدى دىررىدە.
چۈنكى، ھالاك بولاتتۇق،
سىيرىلساقلا غىررىدە.

تاڭ ئاتقاندا كۆن بىلەن،
قەدەم قويدۇق داۋانغا.
بۇندا سوغۇق دەستىدىن،
تىل كەلمىدى زوۋانغا.

ئون ئالتىنچى پەلەمپەيگە،
تۆن كىرگەندە چىقتۇق بىز.
قۇلاق ئاغرىپ بولمىغاندا،
مازنى يۆگەپ تىقتۇق بىز.

يول بىلەرمەن داۋانچى،
باشلاپ ماڭدى بىزلەرنى.
ئۆمىلىدۇق كەينىدىن،
يىغىر قىلىپ تىزلارنى.

تۆتتۇق بەلۋاغ ئۆچىنى،
سىيرىلغاندا تۆۋەنگە.
كۆز چاقايدى چىدىماي،
قار ئۈستىدە يۈرگەنگە.

تۆن ئالمىشىپ يولۇقتۇق،
ئاغىر ئالدى دېگەنگە.
تىلسىماتكەن بۇ يەرمۇ،
تارىخنى بىلگەنگە.

پىچاق بىسى — يول دېمەك،
ئىككى يېنى غار ئىكەن.
چۈشۈپ كەتكەن مەخلۇقلار،
ئۆلۈك ئىكەن، خار ئىكەن.

يەنە بىر خىل بۇ يەرنىڭ،
ئىسمى ئىكەن «شىپالىق».
يىغلايدىكەن كىشىلەر،
دىلغا چۈشۈپ دىشۋارلىق.

ماڭغانىدۇق بىر سوتكا،
كاتتا يايلاق كۆرۈندى.
كۆكۆلدىكى دىشۋارلىق،
ماڭغانىدۇق، سۇرۇلدى.

تاڭ ئاتقاندا ئەتىسى،
شوتاغا دەپ يول سالدۇق.
ئۆلىشالماي بۇ يەرگە،
تۈگەشكىلى تاس قالدۇق.

بىر ئاز كۆكۆل تىنچىدى،
ئۆتۈپ كەتكەچ خەتەردىن.
قەلبىمىزدە ئىز قالدى،
داۋاندىكى سەپەردىن.

كەلدۇق بىسىپ قۇملۇقنى،
قىزىلسۇنىڭ قوينىغا.
تاشتەك قاتتى كاللىمىز،
پىتىپ خىيال - ئويلارغا.

قىزىل سۇدىن ئۆتكەندە،
قالماقكۆرە بار ئىكەن.
بۇ يەردىمۇ كەمبەغەل،
بۇردا نانغا زار ئىكەن.

شۇڭا تاشلاپ بۇ يەرنى،
بارماق بولدۇق ئىلقىغا.
ئون داچەنگە گەپلىشىپ،
مىنىپ كەلدۇق يىلقىغا.

يىپپىنچىمىز كۆك ئاسمان،
تاپالمىدۇق كاتەكنى.
كۆردۇق شۇنچە كەڭ زىمىن،
باشقا قويدۇق كىسەكنى.

ئۆزىمىزنى كۆردۇق بىز،
توققۇزتارا شەھىرىدە.
تەمتىرىدۇق يول بىلمەي،
كىچە كەلگەچ مەلىگە.

مانا كەلدۇق ئىلىغا،
جۇمە كۈنى كەچقۇرۇن.
پۈتنى سوزۇپ دەم ئالدۇق،
سېلىپ ئۆيگە كەڭ ئورۇن.

پاناھ ئىزدەپ بىر كۈنى،
بىر كىشىگە يولۇقتۇق.
مەنسىتمىدى ئۇ بىزنى،
رەڭگىمىزدىن سۇنۇقتۇق.

تەلەپ قىلدۇق ئىشلەشنى،
يىغلاپ ئاشۇ كىشىدىن.
بىر كۈنگىچە يېلىنىپ،
ئايرىلمىدۇق قېشىدىن.

يېنىمىزدا داچەن يوق،
بىر نان سېتىپ ئالغۇدەك.
يېلىنمىساق ئەگەردە،
ئاچتىن ئۆلۈپ قالغۇدەك.

تام تۇۋىدە ئولتۇرساق،
گەپ باشلىدى ئۇ كىشى.
بىزگە رەھمى قىلغاندەك،
يىمىرىلدى ئوڭ قېشى.

«تونۇشتۇردۇم خاڭچىغا،
جاپا چېكىپ ئىشلەڭلار.
ئاش ـ نان بېرەر تويغۇدەك،
بىسمىللا» دەپ چىشلەڭلار.

كۆڭۈللەرمۇ خۇش بولدى،
ئاڭلاپ نانىنىڭ گېپىنى.
«ماقۇل» دېدۇق خۇش بولدۇق،
تۇتتۇق ئىشنىڭ بېشىنى.

كىرىپ كەتتۇق ئۆڭكۈرگە،
تاغار سېلىپ دولىغا.
كۆنەلمىدۇق دەسلىپى،
پەلەمپەيلىك يولىغا.

كۈن نۇرىنى كۆرمىدۇق،
بىر ئايغىچە قانغۇدەك.
تەلەپ قويساق خوجايىن،
ئىشلىتىشتىن يانغۇدەك.

شۇ تەرىقە ئىشلىدۇق،
بولدى بەش ئاي ھېچ گەپ يوق.
تىل ـ ھاقارەت ھەم تېخى،
تەگدى باشقا بولۇپ دوق.

تەلەپ قىلدۇق ئىش ھەققى،
ئەڭ ئاخىرى خاڭچىدىن.
مۇنداق سادا ئاڭلىدۇق،
چاپارمىنى ـــ غالچىدىن:

«مەنكى تىلخەت بەرگۈچى،
كۆمۈر خاڭنىڭ بوتۇڭى.
قەشقەرلىكنى ساتتىم مەن،
مۇنۇ توختام كۆتىكى.

ئۈچ يىللىقى سېتىلدى.
ئۆزلىرىمۇ قېتىلدى.
خوجايىنغا قۇللۇققا،
زەنجىر بىلەن چېتىلدى.

ئۈچ يىلغىچە ئىشلەيدۇ،
كۆمۈر خاڭنىڭ ئىچىدە،
ئاز ئۇخلايدۇ ھەم تېخى،
قاپقاراڭغۇ كېچىدە.

...........................

ھالاك بولسا چاتاق يوق،
خوجايىنغا سوراق يوق.
ئەرز قىلسا ئەگەرچەن،
ئاڭلايدىغان قۇلاق يوق.

سودىسىنى پۈتتۈرۈپ،
ئۈچ يۈز تەڭگە ئالدىم مەن.
ئەرزان ـ قىممەت دېيىشمەي،
يانچۇقۇمغا سالدىم مەن.

ئۆتۈپ كەتتى قەشقەرلىك،
خوجايىنىنىڭ قولىغا.
خوجايىندىن بىسوراق،
ماڭالمايدۇ يولىغا.

ئۆزگەرمەيدۇ بۇ تۇختام،
ئۈچ يىلغىچە پەقەتلا.
ئەگەر قىلسا قارشىلىق.
جازالىنار قەۋەتلا.»

ئاڭلاپ بۇنى غالچىدىن،
ھاڭۋېقىپلا قېلىشتۇق.
سېتىلىپتۇق خاڭچىغا،
بۇنى شۇچاغ بىلىشتۇق.

ئاچچىقلىنىپ بوتۇڭغا،
يەۋەتكۇدەك قىلىشتۇق.
غوچۇرلىدى چىشىمىز،
«خەپ توختاپتۇر !» دېيىشتۇق.

ئىلىخونىڭ سىرىنى،
ئەمدى تولۇق بىلىشتۇق.
كېلەمدىغان قەشقەردىن،
يۈزمىڭ پۇشايمان قىلىشتۇق.

ئاتا ــ ئانىدىن ــ ماكاندىن،
ئۈمىدنىمۇ ئۈزۈشتۇق.
ئۆزىمىزنى قىمشىماس،
ئىسكەنجىدە كۆرۈشتۇق.

ئىلىخودا قازاننىڭ،
قۇلىقى ئۈچ دەپ ئاڭلىدۇق.
«كۆن كەچۈرمەك ئاسان» دەپ،
كەلمەي تۇرۇپ داڭلىدۇق.

چۈشۈپ كەتتۇق كۆمۈرگە،
چاڭ ــ توزانغا مىلىنىپ،
قاقشىدۇق ھەم يىغلىدۇق،
قاتتىقچىلىق بىلىنىپ.

ئاھۇ پەرياد چەكسەكمۇ،
جان چىقمىدى تەنلەردىن.
ئىشقا سالدى دۈشكەلەپ،
غالچا كەتمەي باشلاردىن.

ئۈتتى بىر يىل دوزاختەك،
ھايۋان كەبى خارلاندۇق.
ئىشلار قاتتىق، تاماق ئاز،
پەرياد چەكتۇق، زارلاندۇق.

ھالاك بولدى ھەمراھلار،
بېسىۋېلىپ كۆمۈر خاك.
تاپالمىدۇق جەسەتنى،
بەتبۇي ئىدى تۇمان ـ چاك.

قامچا ياردى باشلارنى،
تىل تەگكۈزگەچ خاكچىغا.
كالتەكلەندۇق بويسۇنماي،
ئىككى پۇتلۇق غالچىغا.

تۇرمۇش يولى ئاختۇرۇپ،
ھەممە ئىشنى قىلدۇق بىز.
ھەممە قاغا ئوخشاشلا،
قارا ئىكەن، بىلدۇق بىز.

* * *

بولدۇم كېيىن كۆنلۈكچى،
يەر ئۈستىدە ئىشلىدىم.
كۆنۈم ئۆتتى تالادا،
شۇڭا بىر قىش قىشلىدىم.

قىش كۆنلىرى دالىدا،
قىلدىم ھۈنەر موزدۇزلۇق.
كېچىسىمۇ قىلدىم ھەم،
بولسا ئاسمان يۇلتۇزلۇق.

كۆندە ـ كۆندە سەرپ بىلەن،
تۇرمۇش يولى ئۆتكۈزدۈم.

قارار قىلغان ۋاقتىمنى،
ئۈچ يىل ئىشلەپ ڭۆتكۈزدۈم.

كەتمەك بولدۇم ئىلىدىن،
ئاتا ـ ئانام قېشىغا.
بولاي دېدىم سايىۋەن،
كۆن چۆشكەندە بېشىغا.

ئاتا ـ ئانامنى سېغىندىم،
كېچە ـ كۈندۈز ياد ئېتىپ.
چاپماق بولدۇم ئۆزۈمنى،
دۈلدۈل كەبى ئات ئېتىپ.

تاپقىنىمغا ئات ئالدىم،
مىنىپ ماڭاي يولدا دەپ.
تارتقان جاپا كۈنلەرگە،
شۈكۈر قىلىپ بولدى دەپ.

ئاينىڭ بېشى — جۈمەدە،
قەشقەرگە دەپ ئاتلاندىم.
ماڭماي يولنى پىيادە،
قاناتلاندىم، شادلاندىم.

ئېتىم ئارغىماق بىر جەدە،
ماڭار ئۇ، دېگەن يەردە.
غانجۇلانغان يۈك ـ تاقام،
كىرىچ بىلەن ئۈچ يەردە.

نەچچە كۈنلەپ يول مېڭىپ،
يېتىپ كەلدىم داۋانغا.
قانات بولغاچ ئارغىمىقىم،
يولۇقمىدىم يامانغا.

بىر كۈن تۇرۇپ دەم ئالدىم،
مۇزداۋاننىڭ باغرىدا.
ئاتنى باقتىم، ئۆزۈمنى،
قايماق بىلەن زاغرىدا.

تەييارلىقىم پۈتكەندە،
مۇزداۋانغا ياماشتىم.

ئاتنى سېلىپ ئالدىمغا،
قار كەچتۇرۇپ يول ئاشتىم.

كېلىشمەسلىك يۈز بەردى،
يېرىم يولنى ماڭغاندا.
ئات قارىندا قار كېچىپ،
جانمۇ ئاران قالغاندا.

ئېتىم غارغا چۈشۈپ كەتتى،
كۆرۈنمىدى قارىسى.
ئۆزۈم بىلەن ئېتىمنىڭ،
يۈز مېتىركەن ئارىسى.

قالدىم بەلدە ھۆڭقۈشتەك،
پەرياد چېكىپ، ئاھ ئۇرۇپ.
نالە قىلدىم خۇداغا،
ماماتلىقتىن قايغۇرۇپ.

يېتىپ كەلدى بەختىمگە،
بىر سودىگەر تۆگىچى.
ئاچ قورساقتا سوغۇقتا،
جېنىم چىقىپ ئۆلگۈچە.

«ئەي خۇدايا، جان ئاتا،
رەھىم قىلىڭ يېتىمغا!
سىزگە ئەجەل كەلمىسۇن،
كەلگەچ مېنىڭ ئېتىمغا.

سودىڭىزغا قەۋەتلا،
نېسىپ بولسۇن ئاقچىلار.
چاكار بولاي مەن سىزگە،
كەتمەڭ بۇنداق قامچىلاپ.

پۇتىڭىزغا پۇت بولاي،
قولىڭىزغا قول بولاي.
ئېقىن، كېچىك كەلگەندە،
يۈدۈپ ماڭاي — يول ئاچاي...»

سودىگەرنىڭ باغرىمۇ،
ئېرىپ قالدى نالىدىن.
مەندەك يېتىم ئادەمنىڭ،
خەۋەر تېپىپ ھالىدىن.

ھەمراھ قىلدى ئۇ مېنى،
بىر تۆگىگە مىندۇرۇپ.
تەشۋىش باسقان كۆڭلۈمنى،
خاتىرجەم قىپ تىندۇرۇپ.

ئېلىپ كەلدى قەشقەرگە،
ھەمراھ قىلىپ ئۆزىگە.
نېمە دېسە «ماقۇل» دەپ،
مەنمۇ كىردىم سۆزىگە.

كىردىم ئۆيگە قۇرۇق قول،
ئاران ئېلىپ جېنىمنى.
بولدۇم خىجىل، ئايالىم —
ئاختۇرغاندا يېنىمنى.

ئانام ئۆلۈپ كېتىپتۇ،
كېسەللىكتىن قوپالماي.
ئايال قاپتۇ قان يىغلاپ،
ئەزرائىلنى توسالماي.

ئاتام تېخى يىللىقچى،
ئۈزەلمەپتۇ قەرزىنى.
بولۇشىغا تارتىپتۇ،
يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى.

كېتىپ قاپتۇ بالامۇ،
كۆرەلمىدىم يۈزىنى.
جانجىگەرىم ئانامنىڭ،
ئاڭلالمىدىم سۆزىنى.

سەرسان بولدۇم ئاي ـ يىللار،
ئۈمىد ئىشقا ئاشمىدى.
كۈلكە كېلىپ بىر قېتىم،
چېھرىمگىمۇ تاشمىدى...

*          *          *

ياش بالىلار، ئەۋلادلار،
سۆزۈم بولسۇن تەربىيەت.
ئۇنتۇماڭلار ئۆتمۈشنى،
ئۇنتۇماڭلار تائەبەد.

## 2 - باب

## قىز كۆچۈرۈش قوشىقى

«قىز كۆچۈرۈش قوشىقى» — ھەم تارىخىي قوشاق، ھەم «توي - مەرىكە قوشىقى» بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان قوشاقلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە نارازى بولۇپ، ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن سان - ساناقسىز ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ يۈرەك ساداسى سۈپىتىدە خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ قوشاق مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئورۇندا تۇرىدۇ.

1

ھاي - ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
گۈل قايدا بار؟ يارى - يار.
بىر ياخشىغا بىر يامان،
ھەر جايدا بار، يارى - يار.

ھاي - ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
قار كېلىدۇ يارى - يار.
بەرگى غازاڭ تون كىيىپ،
يار كېلىدۇ، يارى - يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
خۇش بولۇرسەن يارى - يار.
قارچىغىدەك يىگىتكە،
قوش بولۇرسەن يارى - يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
تويۇڭ بولدى يارى - يار.
ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈكلۈك،
ئۆيۈڭ بولدى يارى - يار.

ھاي - ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
كېلىن كەلدى، يارى - يار.
ئىككى قولى كۆكسىدە،
خېنىم كەلدى يارى - يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
قانداق قىلاي يارى ـ يار.
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى،
پارە قىلاي، يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
كۆيدى يۈرەك يارى ـ يار.
تۇتقان يارىم ئۆزلىرى،
يوقتۇر بۆلەك يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
جانىم پىدا يارى ـ يار.
بارچە ئۇممەت گۇناھتىن،
كەچكەي خۇدا، يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
كىمنىڭ تويى، يارى ـ يار.
ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
قىزنىڭ تويى، يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
ئۆلەڭ كۆپتۇر يارى ـ يار.
ئۆلەڭ ئېيتقان تىلىڭدىن،
گۈللەر ئۈنسۇن يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
شادلىق بولسۇن يارى ـ يار.
قىزنى ئېلىپ جۆنىشەر،
ئاق يول بولسۇن يارى ـ يار.

پۈركەنمە قىز، پۈركەنمە،
كىم كۆرىدۇ يارى ـ يار؟
مەندىن باشقا رەڭگىڭگە،
كىم كۆيىدۇ يارى ـ يار؟

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
جان غەنىيمەت يارى ـ يار.
جان غەنىيمەت بىلمىگەن،
هايۋان سۈپەت يارى ـ يار.

ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
يات بالىسى، يارى ـ يار.
ياخشى بولسا قېينانا،
ئۆز بالىسى، يارى ـ يار.

ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
مىس پەنجىدە يارى ـ يار.
ھەر جاپاغا كۆندۈ،
قىز بىچارە يارى ـ يار.

ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
خۇمارلىقىم يارى ـ يار.
ئۇپا ـ ئەڭلىك كەتمەيدۇ،
تۇمارلىقىم يارى ـ يار.

ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
يىغلىدى قىز يارى ـ يار.
ئاتىسىنىڭ باغرىنى،
تىلغىدى قىز، يارى ـ يار.

ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
تويدۇر بۈگۈن يارى ـ يار.
دوست كېلەر، دۈشمەن كېتەر،
تويدۇر بۈگۈن يارى ـ يار.

ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
جانانە قىز يارى ـ يار.
ئاتا ـ ئانا دۆلىتىدە،
پەرۋانە قىز يارى ـ يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما،
توي سېنىڭكى يارى ـ يار.
ئاستانىسى تىللادىن،
ئۆي سېنىڭكى، يارى ـ يار.

ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ،
ئۆلەڭچى قىز، يارى ـ يار.
ئاكام چاچقان چاچقۇغا،
يۈرگەنچى قىز يارى ـ يار.

چوڭ ئاكامنى سورىساڭلار،
ئورتا بويلۇق يارى ـ يار.
چىرايىدا كۆلكە ئوينار،
شېرىن سۆزلۈك يارى ـ يار.

هاي ـ هاي ئۆلەڭ، هاي ئۆلەڭ،
گۈللەر قىسقان يارى ـ يار.
بىر مەلىدە ئويىنىشىپ،
ئىشتا پىشقان يارى ـ يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما،
نۇر كەبى قىز، يارى ـ يار.
ئاتا ـ ئاناڭ رازى بولغان،
هۆر كەبى قىز، يارى ـ يارى.

تاغنى تۇمان ـ چاڭ باستى،
قار كېلىدۇ يارى ـ يار.
بەرگى غازاڭ تون كىيىپ،
يار كېلىدۇ يارى ـ يار.

ئەگرى ـ ئەگرى كوچىدا،
ئىز كېلىدۇ يارى ـ يار.
كىمخاب تونغا پۈركىنىپ،
قىز كېلىدۇ يارى ـ يار.

ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار،
سايدا تولا يارى ـ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر،
تويدا تولا يارى ـ يار.

بەرگى غازاڭ تونىنىڭ،
بەرگى تولا يارى ـ يار.
قىز ئالمىغان يىگىتنىڭ،
دەردى تولا يارى ـ يار.

يىغلىما قىز، يىغلىما قىز،
تويلىنىشىدۇر، يارى ـ يار.
ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت،
ئوينىشىدۇر يارى ـ يار.

كوچىڭىزنىڭ ياقىسى،
چىمەن ئىكەن يارى ـ يار.
كېلىنچەكنىڭ تەلپىي،
كەلگەنىكەن يارى ـ يار.

كېلىنچەكنىڭ سۆزلىرى،
خۇددى مېغىز يارى ـ يار.
ئوت ـ پىراقى تۇتاشقان،
ۋاپادار قىز، يارى ـ يار.

مەلىمىزگە توي قىلىپ،
كېلىن كەلدى يارى ـ يار،
قوشاق بىلەن ساز بىلەن،
شېرىن كەلدى يارى ـ يار.

تېپىم بولسا مىنەتتىم،
ئات ئورنىغا، يارى ـ يار.
سۇيۇم بولسا ئىچەتتىم،
چاي ئورنىغا، يارى ـ يار.

ئارغامچىدا ئېسىلىپ،
ئۈچتى سىڭلىم يارى ـ يار.
مەھەللىگە گۈل بولۇپ،
چۈشتى سىڭلىم يارى ـ يار.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
بىر توپ غوزا، يارى ـ يار.
بىر توپ غوزا تېگىدە،
ئالتۇن پاختا يارى ـ يار.

دەريانىڭ ئۇ چېتىدە،
بار شاپتۇلزار، يارى ـ يار.
شاپتۇلزارنىڭ تېگىدە،
نۇرغۇن قىز بار، يارى ـ يار.

بىر جۈپ گۈلدەك قىز ـ يىگىت،
خوپ ياراشقان يارى ـ يار.
تەڭ قېرىشىنىڭ بەلگىسى،
تولۇپ تاشقان يارى ـ يار.

ھارۋام ماڭسا ئاۋازى،
گۈلدۈر ـ گۈلدۈر يارى ـ يار.
كېلىنچەكنى سورىساڭ،
قىزىل گۈلدۈر يارى ـ يار.

بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە،
بىر باغ پاخال، يارى ـ يار.
كۈيئوغۇلنى سورىساڭ،
پاقماق ساقال، يارى ـ يار.

چىمىلدىقنىڭ چېتىدىن،
چاشقان قاچتى، يارى ـ يار.
كىرەر يەرنى تاپالماي،
كۈيئوغۇل قاچتى يارى ـ يار.

سەككىز قىزنىڭ سەردارى،
بىز بولىمىز، يارى ـ يار.
سەككىز باغدا ئېچىلغان،
گۈل بولىمىز يارى ـ يار.

كۆيگەن يىگىت ئاشىقى،
چېۋەرمىدى يارى ـ يار؟
مەرد بولمىسا ئاشۇ قىز،
تېگەرمىدى يارى ـ يار؟

چوڭ تۈگمەننىڭ ئاۋازى،
كۆككە يەتكەن يارى ـ يار.
ئاشىق ـ مەشۇق خۇشلۇقى،
يۇرتقا كەتكەن يارى ـ يار.

2

قۇدرىتىڭدىن ياراتتىڭ،
ئادەم ئاتا يارى ـ يار.
ئادەم ئاتا جۈپتىسى،
ھاۋا ئانا، يارى ـ يار.

تاختا ـ تاختا كۆۋرۈكتەك،
تەختىڭ بولسۇن يارى ـ يار.

پەيغەمبەرنىڭ قىزىدەك،
بەختىڭ بولسۇن يارى ـ يار.

پەيغەمبەرنىڭ قىزىنى،
ئەلى ئالغان يارى ـ يار.
يارى ـ يار دەپ توي قىلماق،
شۇندىن قالغان يارى ـ يار.

ئۈزۈن ـ ئۈزۈن ئارغامچا،
ئىلەنگۈچكە يارى ـ يار.
چىكەن كۆڭلەك يارىشۇر،
كېلىنچەككە يارى ـ يار.

چىكەن كۆڭلەك يىڭىگە،
گۈل تۇتايلۇق يارى ـ يار.
يىگىتلەرنىڭ باغرىغا،
ئوت ياقايلۇق يارى ـ يار.

بىزنىڭ ئۆينىڭ بېغىدا،
بىر تۇپ ئەنجۈر يارى ـ يار.
شۇل ئەنجۈرنىڭ شاخلىرى،
تىللا زەنجىر يارى ـ يار.

زەرگەر ئەتكەن زەنجىرنى،
ئۈزۈپ بولماس يارى ـ يار.
خۇدا سالغان تەقدىرنى،
بۇزۇپ بولماس يارى ـ يار.

تىللا زەنجىر مەهكەمدۇر،
ئۈزۈپ بولماس يارى ـ يار.
قىز ـ يىگىتنىڭ رىشتىنى،
بۇزۇپ بولماس يارى ـ يار.

قەۋەت ـ قەۋەت قاتلىما،
قاتلىنادۇر يارى ـ يار.
قىزنى ئېلىپ يەڭگىلەر،
ئاتلىنادۇر يارى ـ يار.

قىزنى ئېلىپ يەڭگىلەر،
تۇرۇپ تۇرسۇن يارى ـ يار.
كېلىنچەكنى يىگىتلەر،
كۆرۈپ تۇرسۇن يارى ـ يار.

كېلىن چېچەر قىز بولسا،
ئەل خەۋەردار يارى ـ يار.
كېلىن ھۆرۈن قىز بولسا،
ئۆندىن بىزار يارى ـ يار.

دەريا تاشقىن، سۇ ئۇلۇغ،
ئۆتەلمىدىم يارى ـ يار.
ئېتىم ئورۇق، يول يىراق،
يېتەلمىدىم يارى ـ يار.

توسۇپ قويغان دەريانى،
شۇ يوغان تاش يارى ـ يار.
سېرىق قىلغان رەڭگىمنى،
شۇ قەلەمقاش يارى ـ يار.

دەريا بويلاپ كېلىمەن،
ئات ئوينىتىپ يارى ـ يار.
قولۇمدا پەرەڭ مىلتىق،
قۇشلار ئېتىپ يارى ـ يار.

ئېتىپ كەلگەن قۇشلىرىم،
ئالا ئىكەن يارى ـ يار.
بۇ مەلىنىڭ قىزلىرى،
بالا ئىكەن يارى ـ يار.

شاھىمىكىن، ئەتلەسمۇ،
كىيگەنىڭىز يارى ـ يار؟
ئارتۇقمىكىن بىزدىنمۇ،
سۆيگەنىڭىز يارى ـ يار؟

ئالتۇن پاختا تۇتقىلى،
بىلەك قېنى؟ يارى ـ يار؟
كۆرۈشمەككە يار بىلەن،
يۈرەك قېنى يارى ـ يار؟

مەن قامچامنى سالىمەن،
يامان ئاتقا يارى ـ يار.
قانداق جاۋاب بېرىمەن؟
قىيامەتتە يارى ـ يار.

باراڭلىقنىڭ ئاستىدا،
بىر توپ باللار يارى ـ يار.
بەش ـ ئون تەڭگە پۇل بېرەي،
يولنى توسما يارى ـ يار.

بەش ـ ئون تەڭگە پۇلۇڭنى،
خەجلەپ كېلىڭ يارى ـ يار.
تولۇن ئايدەك قىز بالىنى،
باشلاپ كېلىڭ يارى ـ يار.

شىلدىر ـ شىلدىر كېچىكتىن،
ئېرىنمەڭلار، يارى ـ يار.
بەش ـ ئون تەڭگە پۇلنى دەپ،
كېرىلمەڭلار يارى ـ يار.

ياتقا بەرگەن كېلىنىنىڭ،
رەڭگى سېرىق، يارى ـ يار.
كۆزدىن ئاققان ياشلىرى،
سۇلۇق ئېرىق، يارى ـ يار.

دەرياغا تاش ئاتماڭلار،
چۆكۈپ كېتەر، يارى ـ يار.
يىراققا قىز بەرمەڭلار،
كۆچۈپ كېتەر، يارى ـ يار.

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ئارغامچا،
كۆككە يېتەر، يارى ـ يار.
كېلىن قىزنىڭ نالىسى،
يۇرتقا يېتەر، يارى ـ يار.

قوش ھارۋامنىڭ چاقلىرى،
لەرزان كەتتى يارى ـ يار،
ئىستكىنە جان سىڭلىم،
ئەرزان كەتتى يارى ـ يار.

سىڭلىم ئۈچۈن قوۋۇرغام،
ئېگىلەدۇر يارى ـ يار.
قولۇمدىكى قوش ئۈزۈك،
سىيرىلادۇر يارى ـ يار.

شالدۇر ـ شۇلدۇر قومۇشقا،
سىرغام چۈشتى يارى ـ يار.
سىنالمىغان يىگىتكە،
سىڭلىم چۈشتى يارى ـ يار.

ئانىسىنىڭ روھلىرى،
كەلدىمىكىن يارى ـ يار؟
چىمىلدىقنىڭ باشىغا،
قوندىمىكىن يارى ـ يار؟

يىغلىما قىز، يىغلىما،
توي سىڭىنىڭكى يارى ـ يار.
كۆكرىكىگە گۈل تاقىغان،
يار سىڭىنىڭكى يارى ـ يار.

قاچتى ـ قاچتى دېمەڭلار،
قاچقىنى يوق، يارى ـ يار.
ھەمىيانىنىڭ ئاغزىنى،
ئاچقىنى يوق يارى ـ يار.

ھۇجرا ئۆينىڭ ئىچىنى،
جابدۇدى قىز يارى ـ يار.
قېرىنداشلارنىڭ باغرىنى،
داغلىدى قىز يارى ـ يار.

ھارۋام ماڭسا ئىزىغا،
سەپتىم كېپەك، يارى ـ يار.
كېلىنچەكنىڭ كىيىمى،
بارى يىپەك، يارى ـ يار.

ھەي ـ ھەي يەڭگە، ھەي يەڭگە،
ساندۇق ئېچىڭ يارى ـ يار.
كېلىن ئايىم بېشىدىن،
تىللا چېچىڭ يارى ـ يار.

چىمىلدىقنىڭ ئىچىدە،
بىر جۈپ ئاشىق يارى ـ يار.
كۈيئوغۇلنى سورىسىڭىز،
ئالتۇن باشلىق يارى ـ يار.

چىمىلدىقنىڭ چىرايلىق،
بويۇڭ چىنار يارى ـ يار.
بويۇڭغا كۆز تەگمىسۇن،
ئاساي تۇمار يارى ـ يار.

ئۆز قىزىنىڭ ئورنىغا،
بادام تىكسۇن يارى ـ يار.
بادام شاخى قايرىلغان،
بالام دېسۇن يارى ـ يار.

باي دەيسەنۇ ـ باي دەيسەن،
بېيىڭ قېنى؟ يارى ـ يار.
ساماۋاردا قاينىغان،
چېيىڭ قېنى؟ يارى ـ يار.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
ئاتقان ئاتام يارى ـ يار.
ئۆز قىزىنى تېنىمەي،
ساتقان ئاتام، يارى ـ يار.

بازاردىكى گۇرۇچنىڭ،
ئالاسى بار، يارى ـ يار.
كېلىنچەكتىن سورىساڭ،
بالاسى بار، يارى ـ يار.

قىيامەتلىك ئاتىسى،
رازى بولسۇن يارى ـ يار.
ئاق سۈت بەرگەن ئانىسى،
رازى بولسۇن يارى ـ يار.

تاغدا تايچاق كىشنەيدۇ،
ئات بولدۇم دەپ يارى ـ يار.
ئۆيدە كېلىن يىغلايدۇ،
يات بولدۇم دەپ يارى ـ يار.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
ئۆيلىرىڭىز، يارى ـ يار.
ئاپئاققىنە كۆرۈنەر،
بويلىرىڭىز يارى ـ يار.

ئاي يېنىدا بىر يۇلتۇز،
ئاي بالىسى يارى ـ يار.
كۇيئوغۇلنى سورىساڭ،
باي بالىسى، يارى ـ يار.

كۇيئوغۇلنى سورىساڭ،
سېخىي، خۇش چاغ يارى ـ يار.
قامەتلىرى كېلىشكەن،
سۆلىتى تاغ، يارى ـ يار.

## 3

قاتار ـ قاتار تۆگىلەر،
داۋان ئېشىپ تېز كېلەر.
ئۆركىشىدە ئولتۇرۇپ،
كارۋان بىلەن قىز كېلەر.

قىزنىڭ ئېتى گۈلچارە،
قىزدا ئىمكان يوق چارە.
بەرگى سۇنۇق بىچارە،
قۇرۇق قاقشال جان كېلەر.

بوزلاپ كېلەر بوتىدەك،
باقساڭ ھالى قورققۇدەك.
تىلى سايرار تۇتىدەك،
رەڭگى سامان ناز كېلەر.

ئالتۇن مەپە ئىچىدە،
تاۋار ـ دۇردۇن كېيىنىدە.
ئۆزى غەمنىڭ ئىچىدە،
بىر ماتەمدار ساز كېلەر.

ئالتۇن مەپە جىرىڭلار،
كارۋان كەلدى، قېچىڭلار.

قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىڭلار،
ئايدىن ئاپتاپ قىز كېلەر.

كارۋان بېشى قېرىكەن،
چۆلدە يۈرگەن بۆرىكەن.
نەپسى شەيتان پېرىكەن،
قىزغا قانداق جۈپ كېلەر؟

هەي كارۋانچى يولۇڭ تاپ،
بولما هەرگىز نا ئىنساپ.
قىزنى تاشلا، خىلىڭ تاپ،
ساڭا نومۇس ـ ئار كېلەر.

قىزنىڭ تونى غەم خەستە،
يېشى كىچىك ئون بەشتە.
قىلما قىزنى هەس ـ هەستە،
قىزغا جاهان تار كېلەر.

قىزنىڭ ئېتى گۈلچارە،
قانداق قىلسۇن بىچارە.
ئانىسى تولا يىغلايدۇ،
تاپالمايدۇ هېچ چارە.

## 3 - باب
## ئەللەي قوشاقلىرى

«ئەللەي قوشاقلىرى» (ياكى بۆشۈك قوشاقلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — فولكلور خەزىنىسى ئىچىدىكى مەزمۇن، تېمىسى كەڭرى، پىكىر - ھېسسىياتى چوڭقۇر، مېلودىيىسى نازۇك ۋە مۇڭلۇق، شەكلى ئاددىي - ساددا، تىلى ئىخچام، يېنىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق باشقا تۈر - ژانىرلاردىكى قوشاقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ قوشاق (ناخشا)، مۇزىكا، ئۇسسۇل - ھەرىكەتنىڭ بىرلىكى بويىچە بىر گەۋدە بولغان. ئۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، تارىخىي قوشاقلار كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

«ئەللەي قوشاقلىرى» — ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆز خەلقى بىلەن تەقدىرداش، يولداش، مۇڭداش، سىرداش بولۇپ، ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى پەرزەنت تەربىيىلەش جەھەتتىكى ئېگىلمەس - سۇنماس، كۆيۈمچان روھىي كەيپىياتى، گۈزەللىك ئەنئەنىسى، ھېرىش - چارچاشتىن قورقمايدىغان چىدامچانلىقى، ئۈمىدۋار غايە، ئارزۇسى ۋە شېرىن خىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ قوشاقلار خەلق تۇرمۇشىنىڭ پۈتۈكنامىسىدۇر، بالىلار تەربىيىسىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىدۇر. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

### 1

ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ئاچلىق ئازابىدىن ئىڭرىغان بوۋاقلارنىڭ نالە - پەريادلىرىدىن قەلبى ئېزىلگەن ئانىلارنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

تۈڭلۈكۈمگە ئاي كەلدى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئەتىمىزنى ئويلىسام،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
بۇ بېشىمغا غەم كەلدى،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

باغرى قارا بېغىرتاق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
باراي دېسەم يول يىراق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

يىراقتىكى تۇغقاندىن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ياندا قوشنا ياخشىراق،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنلەردە،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
تاڭ ئاتمايدۇ تۈنلەردە،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

بۆشۈك تۈۋىدە مەن قالدىم،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
بىرىپ ياتتىڭ چۆللەردە،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

نان ئۈزۈلدى ئۆيۈمدىن،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
لويلا توغراپ ئاش ئېتەي،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

تەلمۈرۈپ يىغلايسىلەر،
ئەللەي بالام، ئەللەي.
بىزلەر شۇنداق بىتەلەي،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

**2**

ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ يېڭى دەۋردە تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگە ئاتاپ ئېيتقان قوشىقى:

ئەللەي بالام، تاي بالام،
هۆسنى تولۇن ئاي بالام.
مانا ساڭا پىچىنە،
شېكەر، سىرىقماي بالام.

ئەللەي بالام، تاي بالام،
هۆسنى تولۇن ئاي بالام.
ياخشى كۈندە تۇغۇلغاچ،
قەلبى نۇرغا باي بالام.

**3**

ئەللەي بالام جان ئەللەي،
قۇلىقى يۇمشاق بالام ئەللەي.
ئالتۇن بۆشۈكۈڭ باردۇر،
ئۇخلىغىن قوزام ئەللەي.

ساڭا قويدۇم ياخشى ئات،
تاپقىن چىن مۇراد ئەللەي.
ئەل - يۇرتۇڭغا خىزمەت قىل،
ئۇ ساڭا قانات، ئەللەي.

دۇخاۋا ئۇۋۇداڭدا،
ماموق تەكىيىڭ ئەللەي.
چىنىلەردە سۈت، قايماق،
تەييار شېكىرىڭ ئەللەي.

تۇغۇلدۇڭ مۇشۇ ئۆيدە،
ئېھ غۇنچە گۈلۈم، ئەللەي.
ئاسماندىكى ئاي دەيمۇ؟
يۇزلىرى تولۇن ئەللەي.

باغچا، يەسلى، مەكتەپلەر،
سېنى كۈتىدۇ ئەللەي.
هاياتىڭ سېنىڭ مەڭگۈ،
گۈلدەك ئۆتىدۇ ئەللەي.

4

قولى ئارسلان بىلەكلىك،
باتۇر قاپلان يۈرەكلىك.
ياخشى - يامان كۈنلەردە،
ماڭا بەكمۇ كېرەكلىك،
ئەللەي بالام، جان ئەللەي،
مەڭزى قىزىل، قان ئەللەي.

5

بالام - بالام كۆتى پوق،
ئېرتاي دېسەم لاتا يوق.
لاتا دېگەن ئاسماندا،
چىقاي دېسەم شوتا يوق.
شوتا دېگەن دەرەختە،
كېسەي دېسەم پالتا يوق.
پالتا دېگەن بازاردا،
ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق.
پۇلۇم دېگەن ساندۇقتا،
قولۇم قىسقا، يولۇم يوق.

## 4 ـ باب
## غېرىب ـ مۇساپىرلىق ھەققىدە قوشاقلار

غېرىب ـ مۇساپىرلىق ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بىرى. ئۇ جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك. بۇ قوشاقلار ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مۇساپىسىنىڭ روشەن ئىنكاسى سۈپىتىدە بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلگەن. بۇ خىل قوشاقلار تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، تارىخىي قوشاقلارغا مەنسۇپ. غېرىب ـ مۇساپىرلىقنى مەزمۇن قىلغان بۇ قوشاقلار ئۆتمۈشتىكى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى، ئانا ۋەتىنى، ئاتا ـ ئانىلىرى، دوست، يار ـ بۇرادەرلىرى، يېقىن، ۋاپادار كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ غېرىب ـ مۇساپىرلىق روھىي ھالىتى، ئەندىشە، غەم ـ مۇڭ بىلەن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۈرەتلەپ، ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلار ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئېغىر كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ قوشاقلار ئەينى يىللاردىكى ئۆتكۈر سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، جاپاكەش مۇساپىرلارنىڭ كۆڭۈل ئەينىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى يېڭى جەمئىيەتنىڭ يېڭى قىياپىتى، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ شەپقەت، دوست ـ قېرىنداشلىق كەيپىياتى، ئىناق، ئىللىق جەمئىيەت قۇرۇشنى نىشان قىلغان جەمئىيەت ئەخلاقى بىلەن ئالاھىدە سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

سۇلتانەمدە بىر ئەلەم،
يارنىڭ قولىدا قەلەم.
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

زەدىۋالۇ، زەدىۋال،
زەدىۋالنىڭ زەرى بار.
مۇساپىرنىڭ ئىچىدە،
ئېيتىپ پۈتمەس دەردى بار.

قارىغاي يوپۇرمىقى،
قاتمۇقات بولار ئىكەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان،
مۇساپىر بولار ئىكەن.

ئەجەب تولا داڭلايسىز،
بىز كۆرمىگەن ئەنجاننى.
مۇساپىر بولۇپ قالدۇق،
باقالمايمىز بىز جاننى.

قوينۇمدىكى بەش ئالما،
بەشى ـ بەش بۆلەك ئىكەن.
مۇرادىغا يەتكەن يوق،
ئەجەب كاج پەلەك ئىكەن.

ئاتۇشتىن كېتەشىمدە،
بىر سىقىم توپا ئالغان.
توپىنى تۇمار قىلىپ،
بوينۇمغا ئېسىۋالغان.

ئاتۇشتا نېمە تولا؟
گۈلى يوغان شاتىۋا.
مۇساپىر بولۇپ دەردنى،
مەندەك تارتقان نەدە بار؟

خوتەن دېگەن شەھەرنىڭ،
پەيشەنبە بازارى بار.
يېتىمچىگە ئۆي ـ ماكان،
قىرىق چىلتەن مازارى بار.

غېرىب بولدۇم، غېرىب بولدۇم،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
يېتىم بولغانغا يىغلايمەن.

ئاقىنا گۇمبەز ئىچىدە،
ئاقىرىپ ياتقان ئانام.
بىۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ،
بىزنى يېتىم قىلغان ئانام.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
غېرىبلىقتا تولا يىغلاپ،
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

غېرىب دەيدۇ، غېرىب دەيدۇ،
غېرىب بولماسقا چارەم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى،
مېنىڭ تارتماسقا چارەم يوق.

دۇتارىمنىڭ تارى يوق،
ئۆزۈم چالماقڧا چارى يوق.
دەردى بارلار تىڭشايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئاق ئەلەم، يېشىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قېشى قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

تاۋاردا تون كىيىپلا،
ئىزىمىسنى ئەتمەملا؟
مۇساپىر بولۇپ قالدۇق،
ھالىمىزغا يەتمەملا؟

بېغىڭ بەكمۇ ھاۋالىق،
كۆرسەم كۆڭلۈم سەگىيدۇ.
يۇرتۇمنى خىيال قىلسام،
كۆزۈمدىن ياشىم ئەگىيدۇ.

ئاشخانىغا كىرسەم مەن،
چىنتەخسىدە ئاش كەلدى.
ئۆز يۇرتنى خىيال قىلسام،
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

ماش رەڭ چاپىنىم بارتى،
ئوت چاچراپ كۆيۈپ كەتتى.
جېنىمغىنا شۇ ئاتام،
يامان چاغدا ئۆلۈپ كەتتى.

ھاراق ئىچىدۇ دەيدۇ،
تاماكا تارتىدۇ دەيدۇ.
ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ،
دەرد كەلمىسە بىلمەيدۇ.

ئالما شېخى گۈل شېخى،
ئەگمىگۈچە قايرىلماس.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
ئۆلمىگۈچە ئايرىلماس.

ئىشىك ئالدى كەڭ ئېرىق،
كەڭ ئېرىقتا ماڭ بېلىق.
سەن ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە،
سەن مۇساپىر، مەن غېرىب.

*　　*　　*

قۇمۇل شەھرىدىن چىقسام،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
غېرىبلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
ماڭا يىغلار كىشى بارمۇ؟

قازاندەك قايىنىدىم، تاشتىم،
كېزىپ چۆللەر داۋان ئاشتىم.
غېرىبلىق شەھرىگە چۈشتۈم،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟

ئاشارمەن دەشت بىلەن سەھرا،
كېزەرمەن چۆل بىلەن دەريا.
كېيىنكىلەرگە بولۇپ ھەمراھ،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر،
كېتەرگە ھالىتىم يوقتۇر.
كاككۇكلار بۇنى ئۇقتۇر!
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

*　　*　　*

قۇم قازان تۇتقان بىلەن،
قولۇمدا يوقتۇر قارىسى.
غېرىب بولۇپ تاياق يېدىم،
دولامدا كۆپتۇر يارىسى.

نەقىلاي، نىمە قىلاي؟
بۇ ئۆلۈمگە چارە يوق.
مەن ئۆلۈپ لەھەتتە ياتسام،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق.

يارىم بولسىدى مېنىڭ،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.

غېرىبلىق شەھرىدە يىغلاپ،
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

ساماندەك سارغىيىپ بولماس،
بۆلۈتتەك ئاقىرىپ بولماس.
قىممەتلىك ئەزىز جاننى،
يامانغا خار قىلىپ بولماس.

ئېرىقنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

مەن ئۆلسەم ئېتىم يىتەر،
بېشىمدىن شامال ئۆتەر.
مېنى دېگەن دوستلىرىم،
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ كېتەر.

تاغدا كېيىك بالىسى،
سەنمۇ يېتىم، مەنمۇ يېتىم.
مەن سېنى يوقلاي دېسەم،
يوق مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

ئاتا ـ ئانام كۆيۈكى داغ،
ئۆلۈپ كېتەرنى بىلمىدىم.
مېنىڭ بۇ غەمكىن بېشىم،
مۇڭغا قالارنى بىلمىدىم.

مەن بۇياقتىن قارىسام،
يۇرتۇم مېنىڭ تۇز كۆرۈنەر.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
جانىم بالام ئۆز كۆرۈنەر.

مەن ئۆزۈم كىچىك بالا،
ئىككى توقۇم سالدۇرمىدىم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
كىچىكلىكنى چاندۇرمىدىم.

باغىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن!

شەھىرىڭگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالدىن !

نەقىلاي، نېمە قىلاي؟
غېرىب كۆڭۈلنى ئۆلىماي.
ئەر بولسام كەتمەسمىدىم،
ئىچىمگە دەردنى سولىماي.

ئەجەبمۇ تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
غېرىبمەن، مۇساپىرمەن،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

ئىشىك ئالدى بىر ئېرىق،
بىر ئېرىقتا مىڭ بېلىق.
مۇساپىرلىق بىر سىرى،
يامان ئىكەن غېرىبلىق.

ھۆل پاختا، بۇزۇق چىغرىق،
چىگىت چاقتاننى ئېيتايمۇ؟
كىشىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ،
غېرىب بولغاننى ئېيتايمۇ؟

چاكانداڭنى سوقۇپ سالسا،
قازاندا چاي بولمامدۇ؟
مۇساپىرغا كۆڭۈل بەرسە،
ساۋابى ئاندا بولمامدۇ؟

ئۆرۈك ئوتۇننى قالاپ،
سۇنى سېپىپ ئۆچۈرسىلە.
بىز غېرىبنىڭ ھالىنى،
ئوييناپ ـ كۈلۈپ كەچۈرسىلە !

جان ـ جانىۋارنىڭ ھالىنى،
قونغان تېرەكلەردىن سوراڭ.
غېرىب ـ مۇساپىر ھالىنى،
كۆڭۈل يېقىن ياردىن سوراڭ.

## 5 ـ باب
## ئاتا ـ ئانا ۋە قېرىنداشلىق ھەققىدە قوشاقلار

ئاتا ـ ئانا ۋە قېرىنداشلىق ــــ مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغان مۇھەببەت رىشتىسىدۇر. ئۇ ھەرقانداق جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ يادروسى، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ باغلىغۇچى ئامىلىدۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ. تارىختىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەقىدىسى، ئۆز پەرزەنتلىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقى، تەربىيىسى، پەرۋىشى، ئاتا ـ ئانىلاردىن يېتىم قېلىشنىڭ ئېغىرچىلىقى ۋە روھىي بېسىمى، پەرزەنتلەرنىڭ بۇرچى، ۋاپادار پەرزەنت بولۇشنىڭ قىممەت مەنىسى قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلار تېگىدىن ئېيتقاندا، تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىر تارمىقى. ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى خەلق تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ھايات بىلەن گىرەلەشكەن بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسى بىلەنمۇ، سىياسىي ۋە تارىخىي قۇرۇلما بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئاتا ـ ئانا ۋە قېرىنداشلار ھەققىدە ئىجاد قىلىنغان بۇ قوشاقلار ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇپ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇلۇپ كەلگەن ھەمدە بۈگۈنكى دەۋرگە ئۇلاشقان. ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىق، ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىلىرى بۈگۈنكى يېڭى دەۋردىمۇ ھەققانىيەتنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيانقى يەكۈنى سۈپىتىدە ئۆزىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

ئاتا ـ ئانا ۋە قېرىنداشلىق ھەققىدىكى قوشاقلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن. بۇ قوشاقلار خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئاتا ـ ئانىلار مۇقەددەسلىكى قارىشى، ئۇلۇغلۇق قارىشى، جامائەتچىلىك قارىشى، نەسەب ـ جەمەت ئۇدۇمچانلىقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1

ئانا دېگەن باغ ئىكەن،
ئاتا دېگەن تاغ ئىكەن.
ئاتا ـ ئاناڭ بولمىسا،
يۈرەك دېگەن داغ ئىكەن.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ.
مېھرىبان ئانام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

ئاتالاردىن ئايرىلدۇق،
ئانالاردىن ئايرىلدۇق.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ياخشى ياردىن ئايرىلدۇق.

قارلىغاچ قارا نېمە،
قاناتىدىن ئايرىلمىسۇن!
قىز بالا ئاجىز نېمە،
ئاناسىدىن ئايرىلمىسۇن!

دۇنيادا نېمە ياخشى؟
ئانا بىلەن ئاتا ياخشى.
رىيا قىلغان ئىبادەتتىن،
توۋا قىلغان گۇناھ ياخشى.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
باغلىغىلى تانام يوق.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
ئاتام بىلەن ئانام يوق.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدۇ.
ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتتى،
قەدرىنى بىلەر چاغدا.

چىلگە پىشتى سارغىيىپ،
يېشىل ئۆسكەن پىلەكتە.
ئانا مېھرى گۈلخاندۇر،
بالىدىكى يۈرەكتە.

تاشنى يېرىپ قارىغاي،
ئۆسەر تاغنىڭ بېشىدا.
ئەزىز ئىكەن پەرزەنتمۇ،
ئاتا ـ ئانا قېشىدا.

چۆلدە ئۆسكەن يانتاقنىڭ،
رەڭدار ئىكەن چېچىكى.
دادىسىنى دورايدۇ،
بالىلارنىڭ كىچىكى.

سۇ تاشقاندا دەريادىن،
سايغا قاراپ ئاقىدۇ،
يېتىم قالغان بالىلارنى
قادىر ئىگەم باقىدۇ.

ئاق سارايىڭ بار ئىكەن،
زەدىۋالىڭ يوق ئىكەن.
ئاتا ـ ئاناڭ بولمىسا،
ئەتىۋارىڭ يوق ئىكەن.

مەن ئاتام دەپ يىغلىسام،
ياشىم كۆزۈمدىن قۇرىماس.
توختىسا توختار يېشىم،
ئاتامغا ھېچكىم ئوخشىماس.

ئاتاڭنىڭ قولىغا سۆيگىن،
ئاناڭنىڭ قولىغا سۆيگىن.
ئاتا ـ ئاناڭنىڭ بارىدا،
ۋاپانىڭ ئىشقىدا كۆيگىن.

ئاتا قولىدا ئۆسكۈم بار،
ئانا قولىدا ئۆسكۈم بار.
يېتىم قىلماڭلار باشىمنى،
خۇشال ئويناپ كۈلگۈم بار.

قىزىلگۈل تارام ـ تارام،
دۆلىتىم ئاتا ـ ئانام.
يار دېگەن كۆڭۈل خۇشى،
تېپىلمايدۇ ئاتا ـ ئانام.

ئاتاممۇ ئۆلۈپ قالغان،
ئانامۇ ئۆلۈپ قالغان.
ئاتام بىلەن ئانامدىن،
بىر كونا پالاس قالغان.

بۈگۈن بازار ئوخشايدۇ،
يېتىملار زار ـ زار قاقشايدۇ.
ھالىدىن خەۋەر ئالسام،
ئاتاسى يوقىا ئوخشايدۇ.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىزمۇندا غېرىب چاغدا،
ئاتا ـ ئانىمىز قايدا؟

ئاتالىقلار، ئانالىقلار،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللار.
ئاتاسىزلار ـ ئاناسىزلار،
جىمىدىن خارۇزار باللار.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ؟

سىم ـ سىم يامغۇر ياغقاندا،
چىم ـ چىم كۆڭلەك ھۆل بولۇر.
جېنىم ئانام بار چاغدا،
ئۆيىنىڭ ئىچى گۈل بولۇر.

باغقا كىرسەم باقىدۇ،
بۇلبۇل قاناتىن قاقىدۇ.
يىغلىماڭ جېنىم ئانا،
بىزنى خۇدايىم باقىدۇ.

قارىغاي يوپۇرماقى،
قاتمۇقات بولار ئىكەن.
غېرىبلىق ئەسەر قىلدى،
كەلمىسەم بولار ئىكەن.

گۈل ئەمەسمۇ بۇلبۇلنى،
تاڭ سەھەردە سايراتقان؟
ئاتا ـ ئانا ئەمەسمۇ،
باللارنى يايراتقان؟

تاۋۇز يېسەڭ ئۇرۇق يىغ،
باھار كەلسە تېرىيسەن.
ياشلىقىڭدا بالا باق،
باقار سېنى، قېرىيسەن.

ئاتام يالغۇز، ئانام يالغۇز،
مەن تاشلاپ كېتەلمەيمەن.
مېھرىگە ۋاپايىمنى،
ئەسلا تەرك ئېتەلمەيمەن.

مىڭ جان بەرسە تېپىلماس،
ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان.
مىڭ سەر ئالتۇن بەرگەندە،
بولۇرمۇ يات ئۇرۇق ـ تۇغقان؟

ئاتام بولسا كۆرسەم مەن،
ئانام بولسا كۆرسەم مەن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ،
ئاياغىدا ئۆلسەم مەن.

ئاتالىقلار، ئانالىقلار،
دەستە ـ دەستە گۇل ئىكەن.
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار،
كۆيۈپ ئۆچكەن كۇل ئىكەن.

ئاتا دېگەن ئەجەب تاتلىق،
ئانا دېگەن ئەجەب تاتلىق.
ئاتا ـ ئانا بىر بولسا،
ئۆينىڭ ئىچى ئاۋاتلىق.

جان ئانامنىڭ كېۋىزى،
تاغ باغرىدا يەلپۈنەر.
جان ئانام مېنى كۆرسە،
قارچىغىدەك تەلپۈنەر.

باغقا كىردىم گۇلنى دەپ،
قول سۇندۇم بادامنى دەپ.
ئاقساقال بوۋاي كەلسە،
يىغلايمەن داداممۇ؟ دەپ.

يا ئاتادىن ئېيتماپتۇ،
يا ئانادىن ئېيتماپتۇ.
بۇ مېنىڭ قارا بەختىم،
قېرىنداشتىن ئېيتماپتۇ.

ئاتا ــ دېسە قايار باشىم،
ئانا ــ دېسە ئاقار ياشىم.
مېنىڭ بېشىمنى ئوڭلاڭلار،
بىر تۇغقان قېرىنداشىم.

ئانامmۇ چالا كەتتى،
ئاتامmۇ چالا كەتتى.
ئانام بىلەن ئاتامنىڭ،
يۈرىكى يارا كەتتى.

ئانامنى ئەسلىدىم يىغلاپ،
دادامنى ئەسلىدىم يىغلاپ.
مەن يېتىم بىچارىنى،
بوزەك قىلمىغىن تىللاپ.

تاشتىن تاشقا يامىشىپ،
تاغنىڭ باشىغا چىقتىم.
ئاتا - ئانامنى سېغىنىپ،
تۆپراق باشىغا چىقتىم.

ئاينىڭ ئايدىڭى ئايدا،
سۇنىڭ سۈزۈكى سايدا.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
مېھرىبان ئانام قايدا؟

ئاتاسى بارمۇ توشقاننىڭ؟
ئاناسى بارمۇ توشقاننىڭ؟
بەختى بارمۇ بۇ يۇرتتا،
مەندەك بەختى قاچقاننىڭ؟

ئانامغا قانارمەنمۇ؟
دادامغا قانارمەنمۇ؟
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،
زار يىغلاپ ياتارمەنمۇ؟

ئانام بارمۇ شەھىرىڭدە؟
دادام بارمۇ شەھىرىڭدە؟
ئانام بولسا، دادام بولسا،
داۋا بولمامتى دەردىمگە؟

جان ئانا، جانىم ئانا،
سەنسىز مېنىڭ باغرىم يارا.
خارلىدى بۇ شۇم پەلەك،
قەرزىڭنى بىر قىلماي ئادا.

ئاتا ـ ئانام كۆھى ـ تاغ،
ئۆلۈپ كېتەرنى بىلمىدىم.
بۇ مېنىڭ ئۇلان[1] بېشىم،
مۇڭغا قالۇرنى بىلمىدىم.

ئاتام ئۆلۈپ يامان بولدى،
ئانام ئۆلۈپ يامان بولدى.
كۆرمەمسەن چىرايىمنى،
سارغىيىپ سامان بولدى.

ھاۋادىكى بوز لاچىن،
كۆرمەي تورغا چۈشەمدۇ؟
ئادەم ئوغلى باشىغا،
مۇنداق كۈنلەر چۈشەمدۇ؟

كۆڭۈلنى ئاختۇرۇپ باقسام،
ئاتادەك ئىچ كۆيەر بارمۇ؟
ئاتامدىن ئايرىلىپ ئەمدى،
مېنىڭكى ئابرۇيۇم بارمۇ؟

بۇلبۇل كۆرسەڭ سېتىۋال،
گۈل تېرىيسەن بېغىڭغا.
يېتىمچىنى خار دېمەي،
تارتىۋالغىن يېنىڭغا.

ئېگىز ئۇچقان شۇڭقارغا،
ئوقنى ئاتسام تېگەرمۇ؟
ئاتا ـ ئانام يىراقتا،
خەتنى يازدىم تېگەرمۇ؟

تاغلار بېشىغا چىقسام،
ئانام كۆرۈنەرمىكىن؟
ئانامدىن خەۋەر كەلسە،
كۆڭلۈم سۆيۈنەرمىكىن؟

ياخشى ئاتا مەندە يوق،
ياخشى ئانا مەندە يوق.

---

① ئۇلان ـــ ئەركىن مەنىسىدە.

ئېغىر قورساق كۆتۈرۈپ،
تۇغقان ئانام ياندا يوق.

ئانام مېنى، ئانام مېنى،
جاپا، ئەمگەك بىلەن باققان.
ئەزىز بېشىمنى يېسىر ئەيلەپ،
مازارلارغا چىراغ ياققان.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
خۇداغا نالە قىلمامدۇ؟
ئاتا ـ ئانىسى يوققا،
خۇدا رەھىم قىلمامدۇ؟

توقسۇندىن سەپەر قىلدىم،
بارار جايىم ئۈرۈمچى.
يېتىمچىگە يۆلەك دەپ،
غېرىب كۆڭلۈم سۆيۈندى.

ئاتامغا نېمىدەپ يىغلاي،
ئانامغا نېمىدەپ يىغلاي.
ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئاشقان،
ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي.

ئانام ئۆلگەنگە يىغلايمەن،
ئاتام ئۆلگەنگە يىغلايمەن.
ئۆز يۇرتتا مۇساپىر بوپ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

ئېتىڭىز تۇرسۇن ئىكەن،
سۇندۇردى ئېگەرىمنى.
ئاتام بولسا ئالاتتىم،
كونا يار ـ جىگەرىمنى.

مەن ئاتامنىڭ بارىدا،
تاللاپ مىنگەنتىم تاينى.
مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
يوق گېپىمنىڭ تايىنى.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
ئۇنۇم مېنىڭ بوغۇلمايدۇ.

مەن يامان ئۆلۈپ كەتسەم،
ئورنىمغا تۇغۇلمايدۇ.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولارمىدى باشىم.
دەردىمنى ساڭا ئېيتاي،
بىر تۇغقان قېرىنداشىم.

جان ئانا، جانىم ئانا،
سىزنى كۆرەي دەپ كەلدىم.
بوسۇغىڭىز ئالتۇنكەن،
تاۋاپ قىلاي دەپ كەلدىم.

ئاتامنى كۆرگىلى كەلدىم،
ئانامنى كۆرگىلى كەلدىم.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ،
قولىنى سۆيگىلى كەلدىم.

ئاتام مەككە، ئانام مەككە،
تۇغۇلدۇم بىر كۈن ئۆلمەككە.
ئاتىلاردىن مىراس قالغان،
قارا يەرگە كۆمۈلمەككە.

دەريا بويى مۇنارىم،
قۇمدىن تولا گۇناھىم.
گۇناھىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
ئاتا ـ ئانا، خۇدايىم.

ئاتاممۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتتى.
بىر تۇغقان قېرىنداشتىن،
كۆڭۈل بۆلۈنۈپ كەتتى.

قەشقەردە كالام قالدى،
پەرزەنتىم، بالام قالدى.
ئاتايۇ ئاناسىزلار،
ياقا يۇرتتا ئېزىپ قالدى.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
ئاتام بىلەن ئانام قالسۇن.

ئاتام بىلەن ئانامنىڭ،
ئىچىدە ئوتلىرى قالسۇن.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
مۇساپىر بولمىغان كىم بار؟

قوينۇمدىكى توقاچقا،
سىيادان سېلىپ ياققان.
ئاتامدىن كىچىك قېلىپ،
مېھرىبان ئانام باققان.

كېچە - كۈندۈز غەم قىلىپ،
كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدۇ.
مېنىڭ بىچارە ھالىمنى،
قېرىنداشلار سورىمايدۇ.

دۆلىتىڭنىڭ بارىدا،
دوستمۇ دوست، دۈشمەنمۇ دوست.
باشقا مۈڭ چۈشكەن چاغدا،
جان قېرىنداش جېنىڭغا دوست.

يېتىمنىڭ ئاتاسى يوق،
بېلىدە ئوتاسى يوق.
بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا،
ئاخىرى ۋاپاسى يوق.

2

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىپىدا،
كۆيدى پېشانەم.
ئۆلۈپ كەتسەم قالۇرمۇ
نامۇ نىشانەم؟

قارلار يېغىپ ياز بولمايدۇ،
باغداشنىڭ تاغى.
دەرد كەلگەندە پايلىمايدۇ،
يۈرەكنىڭ داغى.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مېنىڭ ھالىمنى.
ئىگەم ئاللا ئۆزى بىلەر،
سارغايغانىمنى.

ئاتالىقلار ئاتام دېسە،
قويۇلدى ياشىم.
ئانالىقلار ئانام دېسە،
ئېگىلدى باشىم.

بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار،
ئىزدەپ تېپىلماس.
بىرى ئاتا، بىرى ئانا،
بىرى قېرىنداش.

قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ،
تېرىسام ئۈنمەس.
كۆز يېشىمنى دەريا قىلىپ،
سۇغارسام قانماس.

قارا كېچە، قارا ياغاچ،
مېنىڭ يولداشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىرلايدۇ،
تۆكۈلدى ياشىم.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
بالام دېمىسۇن.
مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالدىم،
يامان دېمىسۇن.

ئاتام گۈلۈم، ئانام گۈلۈم،
گۈلنىڭ نۆۋىتى.
ئات مىندۈرۈپ، تون كىيدۈرگەن،
ئاتام دۆلىتى.

ئاتام مېنى تاشلىۋەتتى،
ئەسكى چالما دەپ.

ئانام بولسا باقار ئىدى،
قىزىل ئالما دەپ.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
تەستۇر يەتمىشىم.
غېرىبلىقنىڭ ئازابىدىن،
قاتماقتا بېشىم.

ئاتام مېنى نەدە دېسە،
چۆل يەردە دەڭلار.
كۆزىدە ياش، كۆڭلىدە غەم،
يۈرىدۇ دەڭلار.

غېرىبتۇرمەن، غېرىبتۇرمەن،
زار يىغلاپتۇرمەن.
غېرىبلىقتا زەپىراندەك،
سارغىيىپتۇرمەن.

بۇ مېنىڭكى سارغايغىنىم،
غېرىبلىقىمدىن.
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەن چېغىم،
تىرىكلىكىمدىن.

## 6 ـ باب
## ياشلىق ۋە قېرىلىق ھەققىدە قوشاقلار

ياشلىق ۋە قېرىلىق ھەر قانداق ئادەم بېسىپ ئۆتىدىغان ھايات قانۇنىيىتى. ياشلىق ۋە قېرىلىقنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەۋزەللىكلىرى بولىدۇ. بۇ خىل قوشاقلاردا ياشلىقنىڭ قىممىتى، ئۇنى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، ھۈنەر ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلىش لازىملىقى، ياشلىقنىڭ قەدرىگە يېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى سۆزلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قېرىلىقنىڭ مۇقەررەرلىكى، ئەۋزەللىكى ۋە كۈچ ـ مادارىدىن قېلىپ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئالەمدىن ئۆتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، ھاياتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەنگەن. بۇ قوشاقلار ھاياتلىقنى قەدىرلەشكە نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1

مەن ئېتىمنى چاپمايمەن،
دەريا بويى لۆم ـ لۆمگە،
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

ھويلىڭىز باراڭ يارىم،
باراڭدىن ماراڭ يارىم.
شەرەت قىلسام ئۇقمايدۇ،
ھوشى يوق ساراڭ يارىم.

ئارقىدىكى كاۋىنى،
ئىلىپ قويدۇم باراڭغا.
ئەگەشمەيمەن پەندىيات
كۆڭۈل دېگەن ساراڭغا.

يار بېشىنى تارايدۇ،
ئەينىكىگە قارايدۇ.
ئالەمدە تېپىلماستەك،
ياش يىگىتلەر مارايدۇ.

ياشلىقىم ـ پاشالىقىم،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
مېنىڭ قېشىمغا كىم كېلۇر؟

سەن ئېتىڭنىڭ بارىدا،
دۆڭگە چاپ، ئويمانغا چاپ.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
ئوقۇرغا كەلگەي، كەلمىگەي.

سەن قۇشۇڭنىڭ بارىدا،
غازغا سال، ئۆردەككە سال،
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
قولۇڭغا كەلگەي، كەلمىگەي.

سايلارنىڭ يولى تاشلىق،
چەتلىرى بولۇر ئاشلىق.
قەدرىنى بىلىڭ دوستلار،
ئۆتۈپ كېتىدۇ ياشلىق.

ياشلىق باشقا دۆلەتتۇر،
قېرىلىق باشقا مېنەتتۇر.
ئوينىۋالىلى دوستلار،
بۇ كۈنلەر غەنىيمەتتۇر.

ئوڭ يېنىمدىن ئۆتكەنلەر،
سول يېنىمدىن ئۆتمىسۇن.
بىزنى قېرى دېگەنلەر،
مەقسىتىگە يەتمىسۇن.

**2**

يىگىرمە ياشقا كىرگەندە،
ئويناپ يۈردۈم تۆرىدەك.
ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە،
بۆسۈپ يۈردۈم بۆرىدەك.

قىرىق ياشقا كىرگەندە،
بولدۇم مەھەللە زورىدەك.
ئەللىك ياشقا كىرگەندە،
يۈمشىدىم مەن بورىدەك.

ئاتمىش ياشقا كىرگەندە،
ئېگىلدىم مەن قېرىدەك.

يەتمىش ياشقا كىرگەندە،
بولدۇم قۇرۇق تېرىدەك.

قېچىپ نەگە بارىمەن،
قېرىلىقمۇ يەتتىغۇ !
ۋارقىرىساڭمۇ قانچىلىك،
كۈچ - قۇۋۋىتىڭ كەتتىغۇ !

3

ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ،
ئوت كوچىلاتقان قېرىلىق.
كېلىن بىلەن بالىغا،
ئۆچ كۆرسەتكەن قېرىلىق.

خەپرۇك بىلەن تۇكۇرۇككە،
جورا قىلغان قېرىلىق.
كۆزدىن ياشنى ئاققۇزۇپ،
چاپاق قىلغان قېرىلىق.

بۇرۇن سۇيى شۇرقىراپ،
مەينەتلەشكەن قېرىلىق.
تىزدىن قۇۋۋەت كەتكۈزۈپ،
ئۆمىلەتكەن قېرىلىق.

كۆرۈنگەنگە بالىدەك،
تەلمۈرۈتكەن قېرىلىق.
ئۆتكەن - كەچكەن يىراقلاپ،
ساقال سۆرەتكەن قېرىلىق.

## 7 ـ باب
## ئۆگەي ئانىلارنىڭ زۇلۇمى ھەققىدە قوشاقلار

ئۆگەي ئانا ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ناھايىتى قاباھەتلىك ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۆگەي ئانىلارنىڭ زۇلۇمى ھەققىدىكى قوشاقلار ـــ تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىيەت قوشاقلىرى قاتارىدا،ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، تارىخىي قوشاقلارغا مەنسۇپ.

ئۆگەي ئانىلارنىڭ زۇلۇمى ھەققىدىكى قوشاقلاردا، ئۆگەي ئانىلارنىڭ قولىدا قالغان پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تۈرلۈك قىسمەتلىرى، ئۆگەي ئانىلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە قىلغان توسقۇنلۇقى، ھىيلە ـ مىكىرلىرى، ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ روھىي كۆلپەتلىرى ۋە ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەدرىگە يېتىشنىڭ ياخشىلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىناق ئائىلە، ئىناق جەمئىيەت، ئىللىق دۇنيا قۇرۇشنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەللىرىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىق رول ئوينايدۇ.

1

قەبرىستانلىقتا باردىم مەن،\
تۇرغىن ئانا سالامىم بار.\
ئۆگەيلىكتىن زار قاقشاپ،\
ساڭا ئېيتار زارىم بار.

كاككۇك قوندى تېرەككە،\
قوغۇن چۈشتى پېلەككە.\
ھېچكىم قاراپ قويمىدى،\
مەندەك ئاجىز دېدەككە.

سازلىق يەردە يامانكەن،\
ۋاي ـ ۋاي پاشىنىڭ دەردى.\
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،\
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

ئاشنى سۇيۇق بېرىدۇ،\
ناننى كۆيۈك بېرىدۇ.\
قىلدىن قىيىق كەتسە ئىش،\
ئەزرائىلدەك كېلىدۇ.

ئۆز ئانامنىڭ باردا،\
دەستە ـ دەستە گۈل بولدۇم.\
ئۆگەي ئانام دەستىدىن،\
توزۇپ تۇرغان كۈل بولدۇم.

شۈنچىلىك يامان ئىكەن،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.
ئاھانەتلىك سۆزلىرى،
يۈرەك ـ باغرىمنى ئەزدى.

قەپەستىكى قۇش بولدۇم،
ئۆگەي ئانا ئالدىدا.
قويما خۇدا بەندەڭنى،
ئۆگەي ئانا قولىدا.

سۇ توشۇدۇم ئەپكەشتە،
يوغان چېلەك كۆتۈرۈپ.
ئوتۇن تەردىم دالىدىن،
سوغدا توڭۇپ كۆكىرىپ.

ئاش بەرسە سۇيۇق بەردى،
نان بەرسە كۆيۈك بەردى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

ئۆگەي ئانا ئالۋاستى،
مېنى بەكمۇ يەكلەيدۇ.
كۆڭلۈمگە ئارام بەرمەي،
ھەر ئىشىمنى چەكلەيدۇ.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
تەمەيىم يوق غوراڭدىن.
ئۆگەي ئانام يامان خوتۇن،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

يامغۇر ياغىدۇ تاشقا،
دەرد كەلدى ئەزىز باشقا.
ئۆگەي ئانىمۇ ئانا،
ئۆزۈڭنىڭ ئانىسى باشقا.

داۋان يولى قار ئىكەن،
ئىككى يېنى يار ئىكەن.
ئانىسى يوق قىز بالا،
ئۆگەي قولىدا خار ئىكەن.

قوناقلىقنىڭ چۆرىسى،
قاتار كەتكەن ماش ئىكەن.
ئۆگەي ئانا يۈرىكى،
قارا ئىكەن، تاش ئىكەن.

ئىچەي دېسەم ئاش سۇيۇق،
يەيمەن دېسەم نان قاتتىق.
ھەسرەتلىرىم كۆپ مېنىڭ،
كىرەي دېسەم يەر قاتتىق.

سۇيۇق ـ سەلەڭ ئاش ئەتتىم،
گۆشنى توغراپ چامغۇردەك.
ئۆگەيلىكنىڭ دەردىدە،
يېشىم ئاقتى يامغۇردەك.

تارالمىغان چېچىمنى،
باراڭ دەيدۇ كۆرگەنلەر.
كۆرسە نەچچە گۆلىيىپ،
ساراڭ دەيدۇ كۆرگەنلەر.

ئۆز ئانام دەر ئايپاشا،
ئۆگەي دەيدۇ ـ جالدىرۋاق.
ئۆگەي ئانا دەردىدە،
قىيىن ئىكەن جان باقماق.

دادام تاپقان پۇللارنى،
ھاشىخان① كىيەر شايى.
ئۆگەي ئانا دەردىدە،
بولۇپ قالدىم سەۋدايى.

شامال چىقسا پىرقىراپ،
ئەخلەت ـ چاۋار ئۇچۇشۇپ.
كۇنۇم شۇنداق ئۆتەرمۇ؟
ئۆگەي بىلەن ئورۇشۇپ.

مەندەك يېتىم ئۆيىنىڭ،
تىنجىق ئىكەن ھاۋاسى.

① ھاشىخان ــ قەشقەر يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا ئۆتكەن ئايال.

ئاناسى يوق قىزلارنىڭ،
بولارمىكىن داۋاسى؟

كۆزۈمنىڭ قاراسىدىن،
يۈرەكنىڭ ساداسىدىن،
سولغىنىمنى كۆرگەنسەن،
ئۆگەيلىك ياراسىدىن.

تۆت يىل بولدى كىيگىلى،
ئەسكى چاپان، تامبالنى.
سىتىمۇەتسەم ئالارمۇ،
ئۆگەي ئانام دەللالنى؟

سۇلار ئاقسا، يانمىسا،
گۈل ئېچىلسا، سولمىسا.
بەختىم گۈلدەك ئېچىلار،
ئۆگەي ئانام بولمىسا.

2

ئايپاشا[1] يېتىم بولدى،
ئانىسىدىن ئايرىلىپ.
خارلىق كەلدى باشلارغا،
قاناتلىرى قايرىلىپ.

ئۆگەي ئانا ئۆيىدىن،
يىراقلارغا بېرىپ كەل.
بۇ خورلۇقنىڭ ئازابى،
تۈگىگەندە يېنىپ كەل.

قەشقەر قىزى ئايپاشا،
يولۇڭ بولدى قاياققا؟
ئامان بولساڭ قايتارسەن،
بىر كۈنلىرى بۇياققا.

[1] ئايپاشا — قەشقەردە ئۆتكەن قىز.

## 8 ـ باب
## بويتاقلىق ھەققىدە قوشاق

بويتاقلىق ــ تۇرمۇش قۇرالماسلىق، ئەر ـ ئايال بىر ئۆيدە بولالماسلىق، يالغۇز تۇرۇپ قېلىپ، ھەمراسى بولالماسلىقنى كۆرستىدۇ. ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە نۇرغۇن يىگىتلەر توي قىلاي دېسىمۇ، ئىقتىسادى تۆۋەن، پۇلى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، توي قىلىپ نىكاھلىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلمەي، جەمئىيەتتىن نارازى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قىسمەتلىرىنى قوشاقلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. «بويتاقلىق ھەققىدە قوشاق» ئەنە شۇ بويتاق دەردمەنلەر توپىنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدۇر.

تۇنۇگۇن چۈش ۋاقتىدا،
سايراپ كەتتى غورۇلاي.
غورۇلاي تاپتى بەختىنى،
مەن تېخى بويتاق گاداي.

ھاۋاغا چىقاي ئېگىز،
بۇلۇتقا ياپاي كىگىز.
بىر خوتۇن ئالاي دېسەم،
سېكىلەككەن، يامان سېمىز.

سېنىڭ ئايۋان ـ سارايىڭدىن،
مېنىڭ ئاپتاپلىقىم ياخشى.
سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن،
مېنىڭ بويتاقلىقىم ياخشى.

بىزنىڭ مەھەللە ئېگەچى،[1]
ماڭا جۇۋان تېگەچى.
بوغماق جۇۋان خېنىمنىڭ،
قولتۇقىدا كۆمەچى.

ئاتىم بار دېگەن بىلەن،
يۈگەن سالمىسام بولماس.
بويتاق مەن دېگەن بىلەن،
خوتۇن ئالمىسام بولماس.

---

① ئېگەچى ــ جاي ئىسمى.

ئەجەب كەتمەدى قارلىغاچ،
پېشايۋاندىكى خادىن.
يالغۇزسىمۇ بارمايمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

مۇز تۇتمىغان ئىلەكتىن،
ئۆتەلمەيسىز، ئاتلىماڭ.
بىزدەك بويتاق يىگىتنى،
يولى يوق دەپ تاشلىماڭ.

مەن بىلىمنى باغلىدىم،
قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن.
سەن كېتىسەن، مەن قالىمەن،
ئۆيدە يالغۇز كىم بىلەن؟

سەن ياراتتىڭمۇ مېنى،
ئاللا ياراتقان بەندىمەن.
بەندىلەر ئاراسىدا،
بويتاق، بىتەلەي بەندىمەن.

باغ ئىچىدە بۇلبۇللار،
تاڭ سەھەردە سايرايدۇ.
بويتاقلار لايىق ئىزدەپ،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلايدۇ.

تام بېشىدا بىر پەلەك،
بىر پەلەكتە مىڭ خەمەك.
بويتاقلىقنىڭ دەردىدىن،
يېيىشىم ئاچچىق خەمەك.

تاغلاردا شامال چىقسا،
ئانام كۆرۈنەرمىكىن؟
يارىمدىن خەۋەر بولسا،
كۆڭلى سۆيۈنەرمىكىن؟

بىر ياستۇقتا ئىككى باش،
جاننى ئالغان قەلەمقاش.
سەن ئۆزۈڭگە جۈپ تاپتىڭ،
ماڭا نەدە بىر قولداش؟

دەريا بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
ھەممە خەق جۈپتى بىلەن،
مېنى يارىتىپتۇ يالغۇز.

چىڭگىلىك يۇ ـ چىڭگىلىك!
ئۆستەڭ بويى چىڭگىلىك.
بولسا ئويناپ كەلگىلىك،
بولمىسا شۇنداق يۈرگىلىك.

مەن ئۆزۈم بويتاق بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتقا قاقلاپ، سۇدا قويساڭ،
ئېرىمەس كۆڭلۈم ساڭا.

مەن ئۆزۈم تەنھا يېتىم،
كۆزۈمدىن ئاقار يېشىم.
بويتاق ئۆتىدۇ كۈنلەر،
ئەجەبمۇ قاتتىق بېشىم.

ئاق قەغەزگە خەت يازدىم،
قىزىل قەغەزگە ئورايمەن.
بويتاق يۈردۈم ئۆزۈن يىل،
توي قىلىشنى سورايمەن.

قىپقىزىل بۆكنى كىيىپ،
سەن ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ.
بارچە دۆلەت مەندە دەپ،
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.

مەنمىغۇ ئۆز شەھىرىمدە،
ئوغلان ئىدىم، خان ئىدىم.
كىشىنىڭ شەھىرىگە كېلىپ،
خار بولارنى بىلمىدىم.

ئۆتمەس پىچاق تۇتقىچە،
چىشلەپ يېگىن تويغۇچە.
بىۋاپا يار تۇتقىچە،
بويتاق يۈرگىن ئۆلگۈچە.

# 9 ـ باب
# تۇرمۇشقا دائىر قوشاقلار

«تۇرمۇشقا دائىر قوشاقلار» ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنىنى، ھەم ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن مەزمۇنىنى ئالغان قوشاقلار بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇخىل قوشاقلار دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئادەتلىرى، قائىدە ـ يوسۇن ۋە مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان ۋە ئومۇملاشقان. ئۇنىڭغا ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تىل ئادەتلىرىمۇ سىڭگەن. بۇ قوشاقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن مەزمۇنلىرى ئارقىلىق باشقا تۇر ـ شەكىللەردىن پەرقلىنىدۇ، ئۇيغۇر قوشاقچىلىقىنىڭ ئومۇمىي تېماتىك دائىرىسىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

ئۆستەڭ بېشىدا ئەمەن،
بىر قوينى تۇتۇپ يەرمەن.
ئىگىسى سوراپ كەلسە،
«تاڭ، مەن كۆرمىدىم» دەرمەن.

داپنى چالساڭ ئىتتىك چال،
جىرىڭلايدۇ ھالقىسى.
ئۇسسۇل ئوينىغان بالىنىڭ،
ساڭگىلاپتۇ ماڭقىسى.

ئاخشام دېگەن قاراڭغۇ،
ئۆستەڭ بېشىدا تاراڭگۇ.
ئەجەب ئىسىل ھاڭرايدۇ،
يارىم مىنگەن قارا ھاڭگۇ.

باغ بېشىدا ئوقادى،
كۆكتاتلارنى سۇغاردى.
ئۇلۇغ سۇنى ئىچەلمەي،
كۆچەتلەرنى بۇقادى.

بازارغا باققال يارىشار،
يىگىتكە ساقال يارىشار.
ساقىلى يوق كوسىغا،
چاققان خوتۇن يارىشار.

تاز خوتۇنغا دوست بولساڭ،
مېھرى ئىسسىق كېلەرمىش.
بېشىنى قاشلاپ، قول يۇماي،
تاماق ئېتىپ بېرەرمىش.

توپاق بوغۇز سۆرەيدۇ،
ھەر قەدەمدە مۆرەيدۇ.
مۆرىگىنى نېمە دېگىنى؟
«ماڭا ھەلەپ» بەر دەيدۇ.

گۆلاخمانىڭ① يوللىرى،
تېرەكلىك ھەم جىگدىلىك.
گۆلاخمانىڭ كۆمىچى،
قۇۋۋەتلىك ھەم مەززىلىك.

كېلىپ قالدى ئەتىياز،
يامان چاغدا ھېيتىمىز.
سىردىشارمىز قايسى چاغ؟
كېلەر بىر كۈن پەيتىمىز.

ئۆيىنىڭ ئالدى قوناقلىق،
قوناقلىقتا چۈجگۈن بار.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
تا ئۆلگۈچە يۈرگۈم بار.

مېنىڭ يارىم زىيالىي،
گاڭبى قەلەم مەيدىسىدە.
ئەتە كەچ كۆرۈشەرمىز،
كىنوخانا، مەجلىستە.

2

چوكان خانىم تېگەلىمۇ،
نەغمىچى باللارغا؟
نەغمىچى باللار كېلىۋاتىدۇ،
سازلىرى قولىدا.

ئىرادە بىزگە،
تەقدىرى سىزگە.
ئۆرگىلىپمۇ، چۆرگىلىپ (جان باللىخان)
تەگسەڭچۇ بىزگە.

① گۆلاخما ــــ چىرادىكى بىر جاي ئىسمى.

چوكان خانىم تېگەلىمۇ،
دېھقان بالىلىرىغا.
دېھقان بالىلار كېلىۋاتىدۇ،
كەتمىنى قولىدا.

ئىرادە بىزگە،
تەقدىرى سىزگە،
ئۆزگىلىپمۇ، چۆرگىلىپ (جان بالىخان)
تەگسەڭچۇ بىزگە.

3

موللامنىڭ ئېتى بوز ئات،
بىزنى قويمايدۇ ئازاد.
بىزنى قويغاندا ئازاد،
تالنى قىلىمىز بىز ئات.

قۇشناچىمنىڭ ئېتى ئۆچكە،
بىزنى قويمايدۇ چۈشكە.
بىزنى قويغاندا چۈشكە،
قايتىپ كېتىمىز ئۆيگە.

بىزنىڭ موللام دوك ـ دۈمچەك،
كۈندىگىدە ئۈن، چۆچەك.
بىز موللامغا تېرىپ بەردۇق،
يوغان ـ يوغان دۆڭگۈرچەك.

بىزنىڭ موللام چوڭ موللام،
قىرغا چىققان ئوڭ موللام.
چىن تەخسىدە قايماق نان،
«رەھمەت» دېمەس توڭ موللام.

4

ئېرىق بويىغا چىقسام،
ئاچمىغان قاپاق چىقتى.
قاپاقنى ئېچىپ باقسام،
ھاشخان چاپاق چىقتى.

بىر بېسىپ ئېغىز ئاچتىم،
يېنىمغا قاپاق ئاستىم.
سۇنى ئېلىپ ئىچىگە،
ھويلامغا بېرىپ چاچتىم.

## 10 ـ باب
## ئاش ـ تائاملار ھەققىدە قوشاقلار

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاش ـ تائام، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئاش ـ تائام، غىزالار توغرىسىدىكى بۇ قوشاقلار ئۇزۇن تارىخنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى سۈپىتىدە ئەل ئىچىگە كەڭ تارقالغان. ئۇ خەلقىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان رول-غا ئىگە.

1

پولۇ ياخشى ئاش،
يوبدان يوغۇلىماچ.
چۆچۈرە دىۋانە،
ئۈگرە مېھمان ئاش.

ساڭزا ھەم قۇيماق،
قاتلىما ھەم تاماق.
تۇخۇم پوشكالغا،
موللام بەك ئامراق.

زاغرا باتۇرخان،
زەردە قاينىتار.
بىردەم بولمىسا،
كۆزنى ئويناتار.

ئۇماچ ھۇرۇننىڭ،
لەگمەن سوزغاننىڭ.
چۆپ ئاش بولماس ئاش،
مەنچىزە كەسكەننىڭ.

2

مەندۇرمەنۇ ـ مەندۇرمەن،
ياغدا پىشقان ياغ قۇيماق.
ئىككى چاڭگال ئاق ئۇندا،
ياسالغانمەن مۇشۇنداق.

ئىككى چاڭگال ئاق ئۇننى،
تاغار ـ قاپتىن ئالغاندۇر.
تەملىك بولسۇن دەپ تېخى،
تۇزمۇ لايىق سالغاندۇر.

ئۆزۈم سىلىق ـ تېيىلغاق،
ئاشقازاننى مايلايمەن.
ئۈچەي يولى ئارىلاپ،
زادى ھېرىپ قالمايمەن.

ياغدا قايناپ ئېزىلمەي،
زىخقا چىققان قويماقمەن.
ئورىۋالسا خالتىغا،
شالى ئاققان قويماقمەن.

قولغا ئالسا ئاخۇنۇم،
قاپاق تۈرەر قويماقمەن.
قولغا ئالسا دېھقان خەق،
خۇشخۇي كۈلەر قويماقمەن.

## 11 ـ باب
## مېۋە ـ چېۋىلەر ھەققىدە قوشاقلار

يۇرتىمىز شىنجاڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل مېۋە ـ چېۋە چىقىدىغان جايلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە چىقىدىغان مېۋىلەرنىڭ تۈرى كۆپ، تەمى لەززەتلىك، سۈپىتى ياخشى، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى.

«مېۋە ـ چېۋىلەر ھەققىدە قوشاقلار» ئەنە شۇ نازۇنېمەتلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

### 1

### ئەنجۈر ھەققىدە قوشاق

باغدا پىشتى مەي باغلاپ،
تەمى خۇددى قەنت ئەنجۈر.
تاۋلىنىپ، كۈلۈپ شاختا،
دىلنى تارتىسەن ئەنجۈر.

ئەنجۈر تۇۋىنى يۇمشىتىپ،
ياپراققا ئۇنى ئالدۇق.
ئەنجۈرلۈككە تەر تۆككەن،
بوۋايدىن ھال سوراپ ياندۇق.

ئەنجۈر پىشسا باغلاردا،
كىمنىڭ زوقى كەلمەيدۇ؟
چۆل ـ دەشتلەرنى باغ قىلماي،
كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

ئورغاق تەگسە بۇغدايغا،
ئەنجۈر پىشىدۇ شاختا.
باغۋەنلەرگە رەھمەت دەپ،
كاككۇك ئېيتىدۇ ناخشا.

ئەنجۈر دېگەن شاخ مانتا،
ئۇ سارغىيىپ تېز پىشسۇن.

ئىشچان باغۋەن دېھقانلار،
چېكىسىگە پۇل قىسسۇن !

## 2

### ئۈزۈم ھەققىدە قوشاق

ئۈزۈم پىشتى باغلاردا،
شەربەت ئوخشاش ئېقىپ بال.
ئۈزۈم ئۈزگەن قىزلارنىڭ،
قولى گويا مەجنۇنتال.

بۇ يىل ئۈزۈم ئوخشىدى،
يېسە تىلنى يارغۇدەك.
شېكەر تامغان باغرىغا،
دىلنى باغلاپ قالغۇدەك.

ئۈزۈم ئۈزدۇق سېۋەتلەپ،
ئەجرىمىزدىن شادلىنىپ.
ئۆيدە ئادەم قالمىدى،
كەتتى ھەممە ئاتلىنىپ.

ھوسۇل ئالدۇق ئۈزۈمدىن،
تۆت پەسىلگە يەتكۈدەك.
يىلدىن - يىلغا كۈنىمىز،
ئوبدان بولۇپ كەتكۈدەك.

بۇ يىل ئۈزۈم ئوخشىدى،
بەشكېرەمدە، تۇرپاندا.
تەلىيىمىز كېلەركەن،
پەرۋىشىنى تۇتقاندا.

ھەربىر تەكتە يۈز ساپاق،
ھەر ساپاق جىڭ باسىدۇ.
ھەر شىڭگىلنى يېگەندە،
يۈرەك ئەمىن تاپىدۇ.

بۇ يىل ئۈزۈم مول بولدى،
يېتىشمەي قالۇرمۇ چۈنچە؟

بازار، دۇكان، ھەممە جاي،
بىزگە كەڭتاشا شۇنچە.

3

## ئالما ھەققىدە قوشاق

ئالمىلار پىشىپ كەتتى،
شاخلىرىنى ئېگىشىپ.
ئۈستى ئەجەب باراقسان،
ئوغۇت، سۇغا قېنىشىپ.

باغدا پىشقان ئالمىلار،
ئوخشاپتۇ ئاي ھۆسنىگە.
سوۋغا قىلدۇق ئالمىنى،
چوڭ بازارغا، يەسلىگە.

يۇرتىمىزنىڭ بېغىدا،
ئالمىلار پىشىپ كەتتى،
جىقلىقىدىن ئالمىنىڭ،
شاخلىرى يەرگە يەتتى.

ئالمىزارلىق باغ بولدى،
ئېتىز - ئېرىق يېرىمىز.
بازاردىكى ئالمىغا،
سىڭگەن ھالال تەرىمىز.

ئالما تىكىپ بۇ يۇرتتا،
ئۆتۈپ كەتتى بەش يۈز يىل.
ئەمدى ئالما تۈۋىدە،
دەم ئېلىپ يايرايدۇ دىل.

قاقاس تاغلىق كۆكىرىپ،
ئالمىزارلىق باغ بولدى.
بىزنىڭ ئۆزگەن ئالمىمىز،
ئاسمان - پەلەك تاغ بولدى.

## 4

### شاپتۇل ھەققىدە قوشاق

شاپتۇل شېخىدا كۆردۇق،
شېشىدىن سۇزۇك شاپتۇل.
چارساقال قېرى باغۋەن،
شاپتۇل تۇۋىدە مەشغۇل.

باغۋەن قېشىغا بارساق،
شاپتۇل ئىرغىتاي دەيدۇ.
دوستلارنى خۇشال ئەيلەپ،
ياۋنى يىغلىتاي دەيدۇ.

بىزنىڭ باغدا شاپتۇل كۆپ،
شاخلىرى تېگەر يەرگە.
شاپتۇللارنى قەنت قىلغان،
رەھمەت باغۋەنگە، ئەرگە.

## 5

### قوغۇن ھەققىدە قوشاق

شىنجاڭ دۇنيادا قوغۇن ئەڭ كۆپ چىقىدىغان جايلارنىڭ بىرى. قوغۇن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تائىم مەدەنىيتىگە ياتىدىغان، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ شاھى دەپ تەرىپلىنىدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى سۆيۇنىدىغان ياخشى مېۋىدۇر. قوغۇن ھەققىدە تارىختىن بۇيان نۇرغۇن شېئىر - قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان. ئۇ تارىخ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

«قوغۇن ھەققىدە قوشاق» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان قوغۇنچىلىق ھۇنەر - كەسپى ساھەسىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن فولكلور بايلىقىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

(1)

قوغۇن دېگەن ئوتتۇز ئىككى خەمەكتۇر،
ھەرقايسىسىنىڭ ئېتى بۆلەك - بۆلەكتۇر،
ئاق كۆكچى نوچىنىڭ، قوتۇر كۆكچى پوچىنىڭ،
ئاق ناۋات جېنىمنىڭ، شېكەرسۈيى خېنىمنىڭ،
كۆك بەرى ئالىمنىڭ، پېسەن قوغۇن زالىمنىڭ،
مۇكارەئىنا مەخسۇمنىڭ، بېجگان قوغۇن داخاننىڭ،

قارىقاش قوغۇن چىرايلىقنىڭ، چاچۇرۇك قوغۇن شائىرنىڭ،
نا شېكەر قوغۇن سودىگەرنىڭ، خامانچى قوغۇن مەدىكارنىڭ،
چىلگە قوغۇن بەزگەكنىڭ، رەنايى قوغۇن تەزگەكنىڭ،
بىشەكشېرىن قارنى يامانىنىڭ، ۋاشاڭ قوغۇن غالچىنىڭ،
تاۋۇز سىيگەكنىڭ، پوستى پىياز بەرگەكنىڭ،
كاۋا نامراتنىڭ، قوشماق قوغۇن ئاشىقنىڭ،
قاپاق قوغۇن تەلۋىنىڭ، قارا كۆسەي دەللىنىڭ،
تاشكاۋا قوتۇرنىڭ، جويۇز بېخىلنىڭ،
ئاغچا ماراقچىنىڭ، ئالاغىر قاراقچىنىڭ،
ئوينىغۇچ سەبىينىڭ، قارا قوغۇن سېخىينىڭ،
موتويى ئۇششۇقنىڭ، جويۇز جاھىلنىڭ،
ئاغاپۇت ئەخمەقنىڭ، خەمەكۋاش پاخپاقنىڭ،
قىشلىق قوغۇن دەردمەننىڭ، بۇغداي ئۇرۇقى سۆزمەننىڭ.

(2)

بەك ئوخشاپتۇ بۇ قوغۇن،
بىنەملىكتە، ئاق يەردە.
ئۇنچە تەرنى تۆككەچ بىز،
قوغۇنلۇقتا داق يەرگە.

ئوخشايدۇ بىشەكشېرىن،
يېڭى چىققان ئاپتاپتا.
يۇرتىمىزدا قوغۇن كۆپ،
داڭقى كەتتى ئەتراپقا.

قوغۇن پىچىمىز تاللاپ،
كەڭرى سېلىپ داستىخان.
تەمى ياردۇ تىلنى،
سۇيىگە ھەسەل قوشقان.

.

ئاقناۋات، شېكەرسۇيىنى،
ئەلگە قىلىمىز سوۋغا.
يۇرتقا كەلگەن مېھمانىنىڭ،
ئاغزى تەگسۇن قوغۇنغا.

# 12 ـ باب
## هاراق، تاماكا ھەققىدە قوشاقلار

«ھاراق ـ تاماكا ھەققىدە قوشاقلار» ــ يۇرتىمىزدا خېلى كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىر خىلى. ئۇ مەزمۇن، بەدىئىيلىك جەھەتتە، ھەجۋىيلىك جەھەتتە ئۆزگىچە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىگەن. پۈتكۈل قوشاقلارنىڭ ئىجتىمائىي تېمىسىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1

ھاراق ئىچسە ئىچكۈلۈك،
يامان ياردىن كەچكۈلۈك.
ئاشىقى ئۈنمىسا،
يىغلاپ تۇرۇپ ئېرىشكۈلۈك.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
يورغا ئېتىڭ بولمىسەن.
ھاراق ئىچكەن يېرىڭدە،
چىنە، پىيالەڭ بولمىسەن.

بارغۇچە بايان كەلدىم،
ساي كېچىپ راۋان كەلدىم.
ھاراقنى تولا ئىچىپ،
مەست بولۇپ ئاران كەلدىم.

ھاراق ئىچتىم جۇڭزىدا،①
قايناپ تۇرادۇر خويىمدا.
يار يۈرىدۇ بىخەۋەر،
مەن شۇ يارنىڭ كويىدا.

بىر غېرىبمەن، بويتاقمەن،
يوقتۇر ھاراقىم ئىچكىلى.
مەن يارىمنى سېغىنسام،
يوقتۇر قاناتىم ئۇچقىلى.

① جۇڭزا ــ رومكا، قەدەھ، پىيالە مەنىسىدە.

ھاراق ئىچىدۇ دەيدۇ،
نەشە چېكىدۇ دەيدۇ.
ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ،
دەرد كەلگەننى بىلمەيدۇ.

ياخشىلار ھاراق ئىچسە،
بىزگىمۇ تەڭ ئىچۈرەر.
ھەرقانچە گۇناھ قىلسام،
ئاللا ئىگەم كەچۈرەر.

ئالا ئات مىنەلمىدىم،
تاغدا كېيىك ئاتالمىدىم.
ھاراقنى تولا ئىچىپ،
مەن يارغا قانالمىدىم.

ئايروپىلانلار كېلىۋاتىدۇ،
ئېگىز ئۇچۇپ، پەس بولۇپ.
مېنىڭ يارىم كېلىۋاتىدۇ،
ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ.

كەتمەن سېپىدەك بويۇم،
قورايدەك مېنىڭ قولۇم.
ئىچمەي دېسەم ھاراقنى،
ئۆگەنگەن مېنىڭ خۇيۇم.

ھاراق ئىچكەن بەندىنىڭ،
يۈزى قىزىل ئالمىدەك.
ئالمىنى نەدە دېسەڭ،
جاۋاب بېرەر باغدا دەپ.

شوپاڭدا ھاراق ئىچسەم،
شەنسىڭ داڭزىغا ئالدى.
نەچچە كۆنلۈك ئالەمدە،
ئوينىۋالغىنىم قالدى.

ئاھ ئۇرۇپ شاراب ئىچتىم،
مەن بېرىپ ساي بېشىدا.

يۇرۇشۇم ـ پاشا يۇرۇش،[1]
ئولتۇرسام يار قېشىدا.

ھاۋادىن ئۇچۇپ چۈشكەن،
قارىمىدۇر ـ يامغۇرمىدۇر؟
مېنىڭ بېشىمنى قايدۇرغان،
ھاراقمىدۇر، يارمىدۇر؟

ئىچمەيمەن ھاراقىڭنى،
تۇتقىنىڭغا ھەشقاللا!
ئىچسە ئۇنى تۇرالمايدۇ،
يېڭى ئۆسكەن ياش باللا.

باغنىڭ ئىچىدە شاتۇت،
چىرايلىقنى ئاشنا تۇت.
چىرايلىقلار قاش ئاتسا،
ساغراق بىلەن ھاراق تۇت!

## 2

بىر سىقىم تاماكىنى،
يار ماڭا ئەۋەتىپتۇ.
ئىچىگە چوغنى سېلىپ،
چوغ ـ داغلاپ ئەۋەتىپتۇ.

تاغ تۆۋىدە ئۆيۈم بار،
تېزەك ئوتى چوغۇم بار.
ئايدا، يىلدا بىر كەلسە،
بىر سۆيۈشكە بويۇم بار.

تەمكىنى[2] مەن تارتىمەن،
ئاپتاپقا سېلىپ قۇرىتىمەن.
مەن يارىمنىڭ شەرتىنى،
ئەلچى قويۇپ سورىتىمەن.

تەمكىنى سىز تارتىسىز،
ئىسى بىزگە كېلىدۇ.

① پاشا يۇرۇشى ـــ پادىشاھچە قىياپەت مەنىسىدە.
② تەمكە ـــ چېكىدىغان ئۇۋاق تاماكىنى كۆرسىتىدۇ.

سىز ئاشقلىق قىلسىڭىز،
داڭلارى بىزگە كېلىدۇ.

ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ،
خام تاماكىنى تارتىپ.
يۇرەك قانداق چىدايدۇ؟
بىر كېچە بۆلەك ياتىپ.

تەمكە چېچىلىپ كەتتى،
تېرىشىپمۇ بەرمەيسەن؟
سۆيگىلى بويۇم يەتمەس،
ئېڭىشىپمۇ بەرمەمسەن؟

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا،
گۇلخان ساپتۇ بەڭگىلەر.
بەڭگىلەرنى كۆيدۈرگەن،
زۇلفى چاچلىق يەڭگىلەر.

مەن تاماكا تارتىمەن،
ئاپتاپتا ئوبدان قۇرىسا.
مەن يارىمنى كۆرىمەن،
ئەتە خۇدايىم بۇيرۇسا.

سەكرەپ چۈشۈپ ئېگىزدىن،
ناسۋال ئالدىم چاقچامغا.①
ئويناپ يۈرگەن جۇۋاننى،
ئۆگىتىۋالدىم باغچامغا.

غاڭزا ئالسام قولۇمغا،
خالتىنى تاپالمادىم.
ۋەدە قىلغان سۆيەي دەپ،
خالىي يەر تاپالمادىم.

كىمكى چەكسە تاماكا،
ئىككى ئالەم هالى تەڭ.
بەڭگە بەرگەن تەڭگىگە،
گۆش، ياغ ھەم نان ئېلىپ يەڭ!

① چاقچام ـــ ناسۋال سالىدىغان ئەسۋاب.

## 13 ـ باب
## ئۇچار قۇش ۋە هايۋانلار ھەققىدە قوشاقلار

تارىختىن بۇيان ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان.

«ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلار ھەققىدە قوشاق» — تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۆز ـ گىچە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈرىدۇر. بۇ قوشاقلاردا تۈرلۈك ـ تۈمەن ھايۋانلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ياشاش مۇھىتى بەلگە قىلىنغان ئاساستا، ئۇلارنىڭ ئالەمنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى، ئىنسانىيەت بىلەن بىللە ياشايدىغانلىقى، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئەنە شۇلار ئارقىلىق ساقلىنىدىغانلىقى، ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلارنى ئاسراشنىڭ مۇھىملىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

پاختەك ئېيتار يا رەھمان،
ئۆردەك ئېيتار يا سۇلتان.
غازلار ئېيتار يا سۇبھان،
ئايدۇنابات ئىچىدە.

قاغا ئېيتار يا ئاللا،
كەپتەر ئېيتار ئىللەللا.
بايقۇش ئېيتار ھۇ ئاللا،
چۆل ـ باياۋان ئىچىدە.

توخۇ كۈرۈك نەدىدۇر؟
خوراز سەھەر چىللايدۇ.
غاپىل ئادەم بىلمەيدۇ،
يېتىپ غەپلەت ئىچىدە.

ئەلھەمدۇ ئوقۇر قۇشقاچ،
ئاياغاپىل ـ كۆزۈڭ ئاچ.
نى ياتارسەن يالىڭاچ؟
غەپلەت يوتقان ئىچىدە.

تاغدا كۆپ قىرغاۋۇللار،
خەندان ئۇرار بۇلبۇللار.
چېچەك يۇرەر دولدۇللار،
باغۇ بوستان ئىچىدە.

ساردىن شۇڭقار تۇغۇلۇر،
شۇڭقار ئۆزى قۇش بولۇر.
قارچىغا توشقان ئالۇر،
جىمى قۇشلار ئىچىدە.

لاچىن ئېيتۇر ئۇچتۇم مەن،
يات دامىغا چۈشتۇم مەن.
ھەق دادىنى ئۇنۇتتۇم مەن،
ئاياق باغىم ئىچىدە.

تۇرنا ئېيتۇر ئۇچارمەن،
كۆك ئاسماننى قۇچارمەن.
ھىندىستاندا قىشلارمەن،
قىش - زىمىستان ئىچىدە.

تۆگە ئۆزى كۈس ماڭلاي،
قىل گېپىڭنى مەن ئاڭلاي.
بويۇنلىرىڭ بەك دوناي.
جىمى ھايۋان ئىچىدە.

چىلە بىلەن ۋىتىۋالاق،
سۇدا ئۈينار ئاق چاپاق.
ئېگىز - پەس ھەم ئۇچار ھەرۋاخ
دەشت - باياۋان ئىچىدە.

جاڭگاللاردا بەك تولا،
تۈلكە بىلەن ئاق توشقان.
قاپقانچىدىن بەك قورققان،
قېچىپ جاڭگال ئىچىدە.

كېلەر بىلەن پاتمىچۇق،
سېرىق قۇرت، كەسلەنچۈك.
چېكەتكە ھەم ئۆمۈچۈك،
باردۇر ئالەم ئىچىدە.

ئادەملەر مىنەر ئاتنى،
قېچىر بىلەن ئېشەكنى.
ئادەم مىنسە يارىشۇر،
چېپىپ يوللار ئىچىدە.

دۇرۇت ئوقۇر ئاق قۇشقاچ،
ھەق يادىدا، قورساق ئاچ.
رەھمىتىڭنى ماڭا ئاچ،
مۇرغى زارەن ئىچىدە.

# سەككىزىنچى قىسىم
# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى قوشاقلار

## 1 ـ باب
## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە قوشاقلار

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ــــ شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى. يولداش ماۋزېدۇڭ: «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ــــ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. خۇددى ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسىگە ئىگە بولغان ھەرقايسى مىللەت ئىلغارلىرى ۋە ماركسىزمچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغالغان ئىنقىلاب. ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ھەر مىللەتتىن يېتىشىپ چىققان ئىلغار زىيالىيلار ۋە ماركسىزمچىلارنىڭ قولىدا بولغان. بۇ ئىنقىلابنىڭ تۈپ يۆنىلىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىرلىككە، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمغا قارشى تۇرۇش ئىدى. بۇ ئىنقىلاب ئەنە شۇ مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا پارتلىغان، ئەگەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارمىغان بولسا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەنگە قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈت دەسسەپ تۇرالمىغان بولاتتى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى يەنە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 ـ يىلى نىلقىدا قوزغالغان. 1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە چاقىرىلغان ھەر مىللەت ۋەكىللىرى يىغىنىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي تەسىس قىلىنغان. شۇندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت قوشاقلار ــــ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى مەزمۇن قىلغان قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى قاتارىدا مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ.

غېنى، پاتىخ، ئەكبەر[1]لەر،
جەڭ باشلىدى نىلقىدىن.
سالام يەتتى نىلقىغا،
دەردمەن غۇلجا خەلقىدىن.

[1] غېنى، پاتىخ، ئەكبەر ــــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ نىلقىدىن دەسلەپتە قوزغالغان ئىسيانكارلار.

قاراڭغۇنى يورۇتقان،
كۆكتىكى چولپان يۇلتۇز.
غېنى ھەم ئەكبەر باتۇر،
چاقناپ تۇرغان جۈپ يۇلتۇز.

ئۇيغۇر، قازاق ھەم شىبە،
مىلتىقنى تەڭ ئاتار.
ئوق يېگەن ياۋ ئەسكىرى،
سايىنىڭ تېشىدەك ياتار.

غېنى باتۇر يېتىپ كەلدى،
ئالا ئاتنى ئوينىتىپ.
قوغلىدى گومىنداڭنى،
ھەرەمباغنى بويلىتىپ.

گومىنداڭ بېسىۋالدى،
جىرغىلاڭنى① ئاخشىمى.
چېرىكلەر ئېسىپ ئالدى،
ناننى تېشىپ تاسمىنى.

گومىنداڭ چېرىكلىرى،
شەرەتنى بەك ئۇقىدۇ.
مىلتىق، قىلىچى تۇرۇپ،
كالتەكتىن بەك قورقىدۇ.

مەخپىر تۆرە② باش بولدى،
قار كېچىپ دۆڭگە چىقتۇق.
يامراپ كەلگەن چېرىكنى،
سايدىلا گۆرگە تىقتۇق.

ۋارقىرىساق «ھۇررا !» دەپ،
بىر چېرىك قاچالمىدى.
پىيما بىلەن ماڭالماي،
قاردىن يول ئاچالمىدى.

① جىرغىلاڭ ـــ غۇلجىدىكى جاي ئىسمى.
② مەخپىر تۆرە ـــ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى باشلىغۇچىلىرى.

قاغىلار، ئەي قاغىلار،
ساڭا قىشتا دان بارمۇ؟
غېنى باتۇر چىقىپ كەلسە،
گومىنداڭدا جان بارمۇ؟

لەڭشاڭدىكى پوتەينى،
ئايروپىلان ئەگىيدۇ.
بىزنى ئەزگەن گومىنداڭ،
توقماق يېسە سەگىيدۇ.

باش ساقچى دەرۋازىدا،
غېنى باتۇر سۈرىتى.
شەھەر ئالغان باتۇرنىڭ،①
ھەر جايدا بار ھۆرمىتى.

سايدىن ـ سايغا ئۆتەلمەس،
ئەمدى بۆرە، تۈلكىلەر.
ئەل ئاغزىغا ئەپلەشتى،
ئېيتقان ناخشا ـ كۈلكىلەر.

كۈلكە ئاڭلىغان چاغدا،
كاككۇكنىڭ ئۈنى دەڭلار.
دەردمەنلەرگە تۇغۇلدى،
ئىنقىلاب كۈنى دەڭلار.

① شەھەر ئالغان باتۇر ــ ئەينى يىللاردىكى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 2 ـ باب
## ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە قوشاقلار

ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدىكى قوشاقلار ـــ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئىجاد قىلىپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نادىر قوشاقلاردۇر.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى 1914 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالغان. 1924 ـ يىلى تاغىسى ئۆمەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەركەنت رايونىدا دارىلئېتام، باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1929 ـ يىلدىن 1932 ـ يىلغىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئالمۇتادا ئوقۇغان. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1934 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە ئۆزبېكىستاندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان؛ 1937 ـ يىلى موسكۋا شەرق سوتسىيالىزمچىلىرى ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارغان ۋە شۇ مەزگىلدە تاتارىستان قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدا پراكتىكا قىلغان. 1942 ـ يىلى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن.

ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە تاشلانغان. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ھۆكۈمەت ئەزاسى، ھەربىي ئىشلار ھەيئەتلىكىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قايتىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئىسھاقبېك، دەلىلقانلار بىلەن بىرلىكتە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ غۇلجىدىكى مەزگىلدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى قۇرغان ۋە «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1949 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭغا تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىركۇتىسكى رايونى بايقال كۆلى ھاۋا بوشلۇقىغا كەلگەندە، ئايروپىلاندىن كاشىلا چىقىپ ھادىسىگە يولۇقۇپ، بەختكە قارشى قازا قىلغان. 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق قۇربانلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن.

«ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە قوشاقلار» ـــ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ھۆججەتلىك رول ئوينايدۇ.

1

ئەخمەتجان ئىلى ئوغلى،
مەيلەرگە چۆشمەيدۇ.
دەردمەن غېمىنى يېگەن،
ئەل دىلىدىن ئۆچمەيدۇ.

ئىچكەن چېيىم ئەتكەنچاي،
چىنەمدە ئۈزىدۇ ئاي.
ئەخمەتجاننى تاپقاندا،
مىسكىن كۆڭۈل بولدى باي.

كاككۇك سايراپ ئۆتىدۇ،
گۈل لەيلى ئاراسىدىن.
قۇتۇلدۇردى ئەخمەتجان،
زۇلمەت تۈن ياراسىدىن.

ئەخمەتجان ھەم ئاباسوف،
ئەركىنلىككە باشلىغان.
ئىسھاقبېك ھەم دەلىلقان،
ياۋ كۆزىنى ياشلىغان.

تۆت سەركەردە، باتۇرنى،
ئامان بول دەپ سايرايمەن.
زالالەتتىن قۇتقۇزغاچ،
قانات قېقىپ يايرايمەن.

ئازاد، ئەركىن زاماننى،
ئېلىپ كەلدى ئەخمەتجان.
ئاڭلىساق ئاشۇ داھىي،
ئەلگە بەكمۇ كۆيۈمچان.

ناۋايلارمۇ ماختايدۇ،
بوۋايلارمۇ ماختايدۇ.
ئەخمەتجاننىڭ سۆزىنى،
ئەل دىلىدا ساقلايدۇ.

ئاسمانلارغا قارايمەن،
قان ـ ياش تۆكۈپ يىغلايمەن.

ئەخمەتجاننى يوق دەيدۇ،
ئۇنى كىمدىن سورايمەن؟

تۆت سەركەردە باتۇرغا،
قازا كەلدى دەيدىغۇ؟
ھەي، ۋاقىتسىز بۇ ئەجەل،
ئەل بەختىگە كەپتىغۇ؟ !

ھەي دەريا، تاغ، جاڭگاللار،
مۇڭ ـ زارىمغا ئۇن قاتما !
گومىنداڭدىن قۇتقۇزغان،
ئەخمەتجاننى يوقاتما.

ياقا، ئېتەك ھۆل بولدى،
باسقان ئىزىم كۆل بولدى.
ئەخمەتجان دەپ زار قاقشاپ،
ئىزدىگىنىم چۆل بولدى.

ئەل ماڭمايدۇ ئىسسىقتا،
نىم بولغاندۇ دىمىقتا؟
دېھقانلار كەتمەن تۇتۇپ،
قاراپ قاپتۇ ئېرىققا...

ئايروپىلان ئاسماندا،
تاغقا قاراپ تېگىپتۇ.
ئاسماندىكى قازانى،
ئەللەر نەدىن بىلىپتۇ؟

مۇڭلانمىغىن جامائەت،
ئەخمەتجاننىڭ ئىزى بار.
ئۆتۈپ كەتتى قاتتىق قىش،
ئەمدى كېلەر يېزى بار.

بىر كاككۇك ئۇچۇپ كەتتى،
كەپتەرخانىنىڭ بېشىدىن.
سەزمەپتىمىز ئۆتكەننى،
ئەخمەتجاننىڭ قېشىدىن.

قارىۋۇدى «يالت» ئېتىپ،
چولپانىمىكىن دەپتىمەن.

جىرغىلاڭ كەلكۈننى،①
توسۇغىلى كەپتىكەن.

ئەخمەتجانىم ئاي بولۇپ،
كېچىلەرنى يورۇتتۇڭ.
تومۇزدىكى ئاپتاپتەك،
كۆز ياشلارنى قۇرۇتتۇڭ.

ئەخمەتجان، ئەي ئەخمەتجان،
سەن بىزلەرگە جان بەرگەن.
بىز سېنىڭ يولۇڭ بىلەن،
ئەركىنلىك گۈلى تەرگەن.

## 2

سەھەر چىققان كۈن ئوخشاش،
كۈلۈپ تۇرغان ئەخمەتجان.
ئەل - يۇرتىغا ئوت كەبى،
كۆيۈپ تۇرغان ئەخمەتجان.

ئەلنىڭ مۇڭى، ھالىنى،
سوراپ تۇرغان ئەخمەتجان.
قىزىلگۈلدەك باغدىكى،
پۇراپ تۇرغان ئەخمەتجان.

دەككىسىنى دۈشمەننىڭ،
بېرىپ تۇرغان ئەخمەتجان.
كىملەر ياخشى، كىم يامان،
بىلىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

چوڭقۇر سۆزلۈك، سىپايە،
ئىللىپ تۇرغان ئەخمەتجان.
ھەممىدىن تەڭ ھال سوراپ،
بېرىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

يېتىم - يېسىر، نامراتقا،
كۆيۈپ تۇرغان ئەخمەتجان.

---

① جىرغىلاڭ — شۇ يىللاردا جىرغىلاڭدا كەلكۈن ئاپەتى يۈز بەرگەنىدى، ئەخمەتجان بۇ يەرگە كەلگەن. بۇ شۇ ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

شەپقىتىنى يوقسۇلغا،
تۆكۈپ تۇرغان ئەخمەتجان.

قەدەملىرى سەھراغا،
تېگىپ تۇرغان ئەخمەتجان.
ئەقىل ـ ئىدراك تۇرقىدىن،
يېغىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

ئىنقىلابتا جاپانى،
يېڭىپ تۇرغان ئەخمەتجان.
ئەركىنلىككە خەلقنى،
سېلىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

مائارىپنى ھەممىدىن،
ئەلا بىلگەن ئەخمەتجان.
مەكتەپ قۇرۇپ سىنىپقا،
كىرىپ تۇرغان ئەخمەتجان.

سىز بولغاچقا ئەخمەتجان،
ئوڭلانغان كۆپ ئىشىمىز.
ياغقان بەرىكەت خامانغا،
ساڭغا تولغان ئېشىمىز.

دەيدىكەنغۇ چوڭ ـ كىچىك،
يۇرىكىمىز، پارىمىز.
چىڭقىچۇشىنىڭ كۈنىدەك،
تۈندە تولۇن ئايىمىز.

سىزنى ئويلاپ ئىلىدا،
بۇ قوشاقنى توقۇغان.
جايى جەننەت بولسۇن دەپ،
دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇغان.

3

ئىنقىلابىي باشچىمىزغا،
كۆڭلۈم بىر داستان ئېرۇر.
ساھىباندۇر بۇ ۋەتەنگە،
رەھمىتى ئاسمان ئېرۇر.

خۇش خۇلق، ئەخلاقى خوپ،
ھېچكىم ئۇنىڭدىن رەنجىمەس.
موللا، ئالىم، ياش يىگىتلەر،
ئەمرىگە قۇربان ئېرۇر.

ئول يىگىتتۇر ئىسمى،
ئەخمەتجان قاسىمى، قەلبى پاك.
ئىنقىلابىي داھىي، رەھبەر،
قىلمىشى ئېھسان ئېرۇر.

باغ بىنا قىلدى ۋەتەنگە،
خەلقچىللىق تىكتى كۆچەت.
كىم ئەگەر قەست ئەيلىسە،
ئۇ يەر بىلەن يەكسان ئېرۇر.

ئۇ مۇبارەك باغ ئارا،
دۈشمەن تىكەن چاچماق بولۇپ.
شۇم تىكەن ئۆسمەي ھامان،
مېھنىتى گۇمران ئېرۇر.

چىن يۈرەكتىن ئەيلىدىم،
ئابدۇرەھىم قۇتلۇق دۇئا.①
مەقسەت زامان بەرسۇن خۇدا،
كۆڭلۈمدىكى ئارمان ئېرۇر.

① بۇ قوشاقنى ئەينى يىللاردا ئابدۇرېھىم ئىسىملىك بىر كىشى يازغان بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان كوللېكتىپ بايلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

## 3 ـ باب
## غېنى باتۇر ھەققىدە قوشاقلار

«غېنى باتۇر ھەققىدە قوشاقلار» ــــ ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

غېنى باتۇر ــــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ھەربىي رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ «خەلق قەھرىمانى» نامىغا ئېرىشكەن. ئۇ غۇلجىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا، مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ، سانسىز جەڭلەردە قان كېچىپ ئۇرۇش قىلىپ، ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. ئۇ ھەقتە تارقالغان قوشاقلار ئۇنىڭ قەھرىمان ـ باتۇرلۇقى، ئىسيانكارلىق روھى، جەڭلەردىكى پەم ـ پاراسەتلىك قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئەينى دەۋرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىنقىلابقا يولباشچى،
ئابدۇغېنى باتۇرۇم.[①]
يۈرىكى چوڭ قازاندەك،
باتۇرلۇقى ئارتۇقۇم.

غېنى دەسلەپ قوزغالغان،
نىلقىدىكى توقايدىن.
ئەل باتۇرى غېنىمدەك،
چىقامدىكىن ئوڭايدىن؟

غېنى باتۇر ئاتلانغان،
خەلق تەڭلا قوزغالغان.
قارا زۇلمەت، تۈنلەردە،
ئىنقىلاب ئوتى يانغان.

غېنى باتۇر باش بولغان،
ئەسكەر توپلاپ ھەريانىدىن.
قوشۇن ئۆرنەك ئالغانكەن،
قورقماس سادىر پالۋاندىن.

---

① غېنى باتۇر ــــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى، ھەققانىيەتپەرۋەرلىكى، ئۇرۇشتىكى قەھرىمان ـ باتۇرلۇقى، كۆچتۆڭگۈرلۈكى بىلەن خەلق ئارىسىدا نام چىقارغان. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپە قوشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. 1956 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ۋە 1990 ـ يىللاردا ئالمۇتادا ئالەمدىن ئۆتكەن.

قاغىلارىۇ ـ قاغىلار،
ساڭا قىشتا دان بارمۇ؟
غېنى باتۇر چىقىپ كەلسە،
گومىنداڭدا جان بارمۇ؟

قومۇشلۇقتا، تاغلاردا،
دەرد ـ ئازابلار تارتقان ئۇ.
ئەل ئارىلاپ «قوزغال !» دەپ،
مەردلەرگە جان قاتقان ئۇ.

بېسىپ كەلگەن دۈشمەنگە،
دەسلەپ ئوقنى ئاتقان ئۇ.
ئىككى ـ ئۈچ يۈز چېرىكنىڭ،
بىرىنى قويماي چاپقان ئۇ.

غېنى باتۇر ئاسقان چىلىڭ،
مىلتىق بىلەن قىلىچنى.
كېچە ـ كۈندۈز ئويلىغان،
يۇرتنى ئازاد قىلىشنى.

گومىنداڭنىڭ غېنىگە،
قويغان ئېتى «زىۋازا.»①
ئەسكەر توپلاپ شە(ھەر) ئالغان،
غېنى باتۇر ئەرۋازا.②

كۆرەرمەنمۇ غېنەمنى،
ئېيتىۋالسام سىنەمنى.
چوماق بىلەن يوقاتتى،
گومىنداڭچى گىنەمنى.③

غېنى باتۇر ئات مىندى،
خەقتىن سوراپ ئاڭلايمەن.
ئۈچۈپ بېرىپ لاچىندەك،
بىر كۆرۈشنى ئويلايمەن.

① زىۋازا ــ خەنزۇچە «ئوغرى» مەنىسىدە.
② ئەرۋازا ــ «ئوغۇل بالا» مەنىسىدە.
③ گىنەم ــ دۈشمەن مەنىسىدە.

## 4 - باب
## رىزۋانگۈل ھەققىدە قوشاق

رىزۋانگۈل — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باتۇر جەڭچىسى، شەرەپلىك ئىنقىلابىي قۇربان، ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ ئۆرنىكى، ئىپتىخارى. رىزۋانگۈل 1925 - يىلى قازاقىستاننىڭ چېلەك رايونىدا تۇغۇلغان، 1932 - يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 1944 - يىلى غۇلجىنىڭ ھەرەمباغ دېگەن يېرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بولغان ھەل قىلغۇچ جەڭگە قاتناشقان. مىللىي ئارمىيىدە تۇرغان مەزگىلىدە ئالدىنقى سەپتە يارىدار بولغان جەڭچىلەرنى كۈتۈش، يۆتكەش، داۋالاش ئىشلىرىغا قاتناشقان. بىر قېتىملىق جىددىي جەڭدە ئۇ بىر يارىدار جەڭچىنى داۋالاۋاتقان پەيتتە تۇيۇقسىز دۈشمەن ئوقى كېلىپ تېگىپ، مەردلەرچە قۇربان بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى سۈپىتىدە مەدھىيىلەپ تىلغا ئالغان، ئۇنىڭ باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرىنى قوشاققا قوشۇپ ناخشا قىلىپ ئېيتقان، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭ نۇرلۇق ئوبرازىنى ياراتقان. رىزۋانگۈل دېگەن بۇ نام مىللىي ئارمىيەنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇلۇغ مىللىي كۈرىشىنىڭ ئوت - گۈلخانلىرىنى ئۇلغايتىشقا ئىلھام بەرگەن.

«رىزۋانگۈل ھەققىدە قوشاق»تا، كۈرەش قەھرىمانى رىزۋانگۈلنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئەركىن - ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى، ياش جېنىنى بېغىشلىغان ئالىيجاناب روھى مەدھىيىلەنگەن ۋە ئەسلەنگەن. بۇ قوشاق ياش ئەۋلادلارغا ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

خەۋەر كەلدى گويابىر
«سولدى» دېگەن قىزىلگۈل.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا،
ئەمەسمىدى رىزۋانگۈل؟

ئەل داڭقىنى ياد قىلىپ،
دۈشمەنلەرنى ئېتىپ كۆل.
بەل باغلىغان جەڭلەردە،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.

ئۇنتۇلسىمۇ؟ ھېچقاچان،
ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل.
ئۇ بىر توزۇماي ئېچىلىپ،
تۇرغان ئەسلى قىزىلگۈل.①

① ئەسلى بۇ قوشاقنى سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ق. ھەسەنوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە يازغان. كېيىنچە بۇ قوشاق ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، كوللېكتىپنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

# 5 ـ باب
# ئانا ۋە جەڭچى ئوغۇل ھەققىدە قوشاقلار

«ئانا ۋە جەڭچى ئوغۇل ھەققىدە قوشاقلار» ــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەڭ كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاقتا مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان باتۇر جەڭچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان سالام خەتلىرى ۋە بۇ خەتلەر ئارقىلىق ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە بىلدۈرگەن مۇھەببەتى گىرەلەشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ يۇرت ـ ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ قوشاقلار ئىنتايىن تەسىرلەندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

## 1

### ئانىنىڭ فرونتتىكى جەڭچى ئوغلىغا يازغان خېتى

ئاق قوزام، ئاپئاق قوزام،
نەلەردە قالدىڭ يالغۇزۇم؟
شېرىن سۆزۈم، شەربەت يۈزۈم،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

خەت دېگەن يېرىم دىدار،
يازغىن سالامىڭنى قوزام.
كۆكسى ـ قارنىمنى قاندۇراي،
ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

## 2

### فرونتتىكى جەڭچى ئوغۇلنىڭ ئانىسىغا يازغان جاۋاب خېتى

ئانىجان يادىمدا بار،
تىنماي ئازاب تارتقانلىرىڭ.
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

سەن ماڭا دۇئا قىلىپ،
«قۇتقۇز ئانا يۇرتنى!» دېدىڭ.
يىغلىماي كۈلسۈن ئېلىڭ،
«يوقات ھامان جۇتنى» دېدىڭ.

مەن بولۇپ جەڭلەر ئارا،
قىلدىم ئادا ۋەدەمنى مەن.
ئارمىنىڭ قالماس ئۇچۇن،
چىڭ ساقلىدىم ئەھدەمنى مەن.

ئون سەككىز ياشىمغىچە،
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى.
رازى بولغىن جان ئانا،
ئەمدى كۆرەلمەيمەن سېنى.

چۈنكى مەن، دۈشمەن بىلەن،
مەيداندا جەڭ قىلغانىدىم.
ياۋ لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈپ،
كۆكرەكتىن ئوق يېگەنىدىم.

ئۇشبۇ خەت يازدىم مانا،
جان چىقارىم ۋاقتىدا.
ئۇشبۇخەت تەگكەن زامان،
پەرياد ئۇرۇپ يىغلا ئانا.

كۆپ يىغلىما جانىم ئانا،
ھەر جايدا باردۇر بۇ ئۆلۈم.
ئەپسۇسكى، قالدى ئېچىلماي،
ئون گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم.

كۆپ يىغلىما جانىم ئانا،
مۇراد تېپىپ ئۆلدۈم بۈگۈن.
ئاق سۈتۈڭنى ئاقلىدىم،
جەڭ غەلىبىدىن كۆلدۈم بۈگۈن.

كۆپ يىغلىما جانىم ئانا،
شېھىت بولۇپ ياتتىم قېنىپ.
قانلىرىم تاڭ ھۆسنىگە،
نۇر چېچىپ كەتكەي سىڭىپ...

## 6 ـ باب
## ئىسكىلاتتىكى ئەسكەر باللار قوشقى

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، غۇلجا شەھرىدە بىر چوڭ ئىسكىلات[①] بار بولۇپ، ئوق ـ دورا، قورال ـ سايمانلار بۇ يەردە ناھايىتى قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىدا ساقلانغان. بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى ئەنە شۇ چاغدا گومىنداڭ تەرەپتىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، ئىسكىلاتتىكى قاتتىق ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ، بوزەك قىلىنىپ، ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ خاتىرىسىدۇر.

زەمبىلنى توقۇپ قويدۇق،
باغدىكى قىزىل تالدا.
ئۈچ يۈز بالا سولاقلىق،
ئىسكىلاتتىكى زالدا.

زالدا ياتقان باللارنى،
چېرىكلەر ماراپ ياتقان.
«ئالتە ئوغرى»[②]نىڭ پۇشتى دەپ،
ئەجەب جاننى قاقشاتقان.

چېرىك بولدۇق كۆز پەسلى،
ئوقى يوق مىلتىق ئېسىپ.
نىشانىمىز «ئالتە ئوغرى»،
ئۆلتۈرمەك ئۇنى ئېتىپ.

دەيدۇ بىزگە: «ئالتە ئوغرى،
بىر چۇقانغا يارىماس.
ئىناق بولساق ھەممىمىز،
دۈشمەن بىزگە چېقىلماس».

چېرىك چىقتى سېپىلغا،
بىزنى ماراپ ياتقىلى.
گۆڭ ـ گۆڭ[③] زالدا ياتىمىز،
چىراغ بەرمەس ياققىلى.

ئۆيدىن كەلگەن تاماقنى،
چېرىك يەيدۇ تالىشىپ.

---

① ئىسكىلات ـــ ئۆز ۋاقتىدا غۇلجا شەھرىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئىسكىلاتى، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان باللار شۇ يەردە ياتقان.

② «ئالتە ئوغرى» ـــ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جەڭچىلىرىنى «ئالتە ئوغرى»دەپ بەتنام چاپلىغانىدى.

③ گۆڭ ـ گۆڭ ـــ قاراڭغۇ مەنىسىدە.

بىزمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟
ئەجەب قالدۇق قارىشىپ.

ئىسكىلاتنىڭ تاملىرى،
جىغان بىلەن چىتلانغان.
ئىستتقىنا شۇ باللار،
تىرىك دوزاخقا سولانغان.

باش توخۇدا «زۇ» ① دەيدۇ،
بەنجاڭ كىلىپ تەپكۈچلەپ.
ئاغرىپ قالدىم دىسەڭمۇ،
«سىڭكۇ» ② دەيدۇ سىلكىشلەپ.

كۆز كۈنلىرى شەبنەمدە،
لايغا كىردۇق بەلگىچە.
دوقى ـ دەشنام تۈگىمەس،
بىر بۇردا نان بەرگۈچە.

ئىسكىلاتنىڭ ئىچىدە،
كۈندە پوتەي سوقىمىز.
قىچىپ كىتەيلى دىسەك،
جاڭ لىيەنجاڭدىن ③ قورقىمىز.

گومىنداڭنىڭ چىرىكى،
ئالا قويماس بازارنى.
ئەھلىمەھەللە قىدىرىپ،
چاقار تۈڭلۈك، دەرۋازىنى.

جاڭ لىيەنجاڭ مىنىپ چىقتى،
تورۇق قاشقا ئىتىنى.
ۋاڭ تەتيى يىنىدا،
ياساپ چوقۇر بىتىنى.

جاڭ لىيەنجاڭ دىگەن پىت كۆز،
تاۋكادىن ھىچ كەتمەيدۇ.
بەش سەر پۇل چوتا بەرسەڭ،
جازا تاياق تەگمەيدۇ.

كۆرگەنلەر چىرىك دەيدۇ،
ئىسكىلاتنىكى باللىنى.
پۇلى بارنى بەگ دەيدۇ،
كىلىپ سورىمايدۇ ھالىنى.

① زو ــــ «ماڭ» مەنىسىدە.
② سىڭكۇ ــــ «ھايۋان» مەنىسىدە.
③ جاڭ لىيەنجاڭ ــــ گومىنداڭنىڭ ئىسكىلاتتىكى ھەربىي باشلىقى.

## 7 ـ باب
## ئانجان قوشاقلىرى

«ئانجان قوشاقلىرى» ـــ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىكى باتۇر جەڭچىلەرنىڭ قان تۆكۈلۈۋاتقان جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆز ئانىلىرى بىلەن ئاخىرقى دەمدە خوشلىشىش يۈزىسىدىن ئىجاد قىلىنغان قوشاقلار بولۇپ، ئىنتايىن تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە.

ئانجان يادىمدا بار①،
تىنماي ئازاب چەككەنلىرىڭ.
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

سەن ماڭا دۇئا قىلىپ:
«قۇتقۇز ئانا يۇرتنى! ـــ دېدىڭ.
يىغلىماي كۈلسۈن ئېلىڭ،
يوقات هامان جۇتنى!» دېدىڭ.

مەن بۆسۈپ جەڭلەر ئارا،
قىلدىم ئادا ۋەدەمنى مەن.
ئارمىنىڭ قالماس ئۈچۈن،
باستىم ئالغا قەدەمنى مەن.

رازى بول جېنىم ئانا،
ئەمدى كۆرەلمەيسەن مېنى.
ئىزدىسەڭ گۈلزارغا كەل،
گۈل بولۇپ كۆرەي سېنى.

چۈنكى مەن دۈشمەن بىلەن،
مەيداندا جەڭ قىلغانىدىم.
كۆپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ،
كۆكرەككە ئوق يېگەنىدىم.

يىغلىما جېنىم ئانا،
شېهىت بولۇپ ياتتىم قېنىپ.
قانلىرىم گۈل بەرگىگە،
نۇر چىراي كەتكەن سىڭىپ...

① بۇ قوشاق 5 ـ بابتىكى قوشاقلارنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى بولۇپ، تەتقىقاتتا پايدىلىنىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

## 8 ـ باب
## جەڭچى باللار ھەققىدە قوشاق

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ناخشا ـ قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان.

بۇ قوشاق ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە مەدھىيە ئوقۇلغان سانسىز قوشاقلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇر ئانىلىرىنىڭ ئەركىنلىك، ئادالەت ئۈچۈن ياش جېنى، ئىسسىق قېنىنى ئېقىتىۋاتقان مەرد ـ باھادىرلار ـ غا يوللىغان يۈرەك سالامىدۇر. بۇ قوشاقلار تارىخنىڭ ئەينەن خاتىرىسىدۇر.

قاتار ـ قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
ئوتلار ياغقان جەڭ قوينىغا ئاتلانغانلار.
ئوق، زەمبىرەك، ئوتلار ئىچىدە ئۆتكەن چاغدا،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

قاتار ـ قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئاتلانغانلار،
زۇلۇم ـ زۇلمەت زەنجىرىنى ئۈزگەن چاغدا،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

قاتار ـ قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
باھادىرلىق مېدال ئاسقان قەھرىمانلار.
شېھىتلەرنى كېپەن تىكىپ كۆمگەن چاغدا،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئەسىرلەردىن ھۆكۈم سۈرگەن زۇلمەت كۈنلەر،
چىقتى بۈگۈن مىللەت ئوغلى، پىدائىيلار.
كۈرەش بىلەن ئازادلىققا يەتكەن چاغدا،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

## 9 ـ باب
## سالام قوشاقلىرى

بۇ قوشاق ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، قانلىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۇغقان، تەربىيىلىگەن، ئۆستۇرگەن ئانا يۇرتى ۋە قېرىنداش، يار ـ بۇرادەرلىرىگە يوللىغان سالاملىرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى. ئۇ ئىنتايىن تەسىرلەندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

مەن يالغۇز بالاڭ، ئۇمىدۋار ئانام،
ياۋنى ئۆرتىگەن ئوغلۇڭدىن سالام.

ئۆيدە يالغۇزۇم، باغدا قۇندۇزۇم،
چوكان سىپكىلەك، سىڭلىمغا سالام.

بىللە ئوينىغان، ئويناپ تويمىغان،
ماڭا قوشكېزەك دوستلارغا سالام.

يۇرتنىڭ چوڭلىرى، كۆڭلى ئوڭلىرى،
بىزگە ھەمتىلەك مەھەللەمگە سالام.

كۆڭۈل تارىمدا، ئالدىم يادىمغا،
جەڭدە ئىلھامچىم ـــ يارىمغا سالام...

## 10 ـ باب
## ئەنجانباي ھەققىدە قوشاق

ئەنجانباي ــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى داڭلىق تارىخي شەخس. ئۇ قەشقەرنىڭ ئوپالدا ياشىغان. كېيىن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، تاشقورغانغا توپلانغان «تاغ ئىنقىلابى» دەپ نام ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرى قوشۇنىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ تاغ ئىنقىلابىدىكى ئاجايىپ باتۇر، قەيسەرلىكى، جەڭگە قوماندانلىق قىلىشتىكى پەم ـ پاراستى ۋە ھەربىي ماھارىتىنى ئالقىشلاپ، گېنېرال ليېتنانت ئىسھاقبېك ئۇنىڭغا پودپولكوۋنىكلىك نامىنى بېرىپ، ئويتاغ پولكىنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبىي فرونت قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى نۇرغۇن قېتىملىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، خەلق ئاردىدا داڭ چىقارغان. بەختكە قارشى چەشتاغدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە خائىنلارنىڭ سېتىۋېتىشى بىلەن دۈشمەن تەرەپتىن تۇتۇلۇپ قېلىپ، كاللىسى ئېلىنغان. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە خەلققە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىپ بېرىپ، خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولغان. ئەنجانباي ھەققىدە كېيىنكى مەزگىللەردە بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىلغان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسىدۇر.

ئەنجانباي باشچىلىق قىلغان پارتىزان ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ئوپال بازىرىغا كىرگەندە ئېيتقان قوشىقى:

ئەنجانباينىڭ ئەسكىرى بىز،
تاغ تۇرادا جەم بولغان.
زۇلۇمنى يوق قىلىشقا،
تۇغ بولغان، ئەلەم بولغان.

يۇرت ـ يۇرتتىن ئۇيۇشقان بىز،
ھەقنى دەپ ئۇيۇل تاشتەك.
زالىملارنى يانجىيمىز،
گوياكى تېرىق، ماشتەك.

قولغا قورال ئالغان بىز،
ئەركىن، ئازاد ياشاشقا.
يولىمىزدىن تايمايمىز،
خەۋپ كەلسىمۇ باشقا.

قوزغالدۇق، قۇل بولمايمىز،
ئەمدى ئۇخلاپ ياتمايمىز،
ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى،
ئارقىغا ئەسلا يانمايمىز.

هۇررا! هۇررا! هۇررا!
هۇررا! هۇررا! هۇررا!

ئەنجانبايىنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇپالدا ئۇنىڭ كاللىسى سازايى قىلىنغان. شۇ چاغدا ئۇپال بازىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئازابتا ئۆتتى بۇ كۈنلەر (يا ئالللا)
قاپلاپ جاھاننى زۇلۇملار (يا ئالللا)
سەلدەك ئاقتى قىزىل قانلار (يا ئالللا)
ئۆلۈپ ياش ـ قېرى، ئوغلانلار (يا ئالللا)

ئالا ئاتقا سەكرەپ مىنىپ (يا ئالللا)
چۇشتۇڭ جەڭگە غەزەپلىنىپ (يا ئالللا)
قىردىڭ دۈشمەننى جان تىكىپ (يا ئالللا)
كېچە ـ كۈندۈز قانلار كېچىپ (يا ئالللا)

تانىمىدىڭ ھەق يول دەپ جەڭدىن (يا ئالللا)
ئايرىلساڭمۇ ئەزىز جاندىن (يا ئالللا)
بىز رازى، ئالللا رازى سەندىن (يا ئالللا)
ماڭىمىز سەن ماڭغان يولدىن (يا ئالللا)

ھۇم، ئالللا، ھۇم،
ھۇم، ھۇم، ھۇم، ھۇم.

## 11 ـ باب

## سوپاخۇن سوۋۇروپ ھەققىدە قوشاق

سوپاخۇن سوۋۇروپ ــ قۇمۇل دىيارىدىن چىققان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئالتە ئەزىمەتنىڭ بىرى. ئۇ 1915 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىنىڭ ئۆردەك كەنتىدە تۇغۇلغان، 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋاپات بولغان.

سوپاخۇن كىچىك ۋاقتىدا ئۆز يېزىسىدا دىنىي تەلىم ئالغان. 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇل شەھىرىدە ئېچىلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەردىكى ئاتلىق 31 ـ تۇەنگە تەقسىم قىلىنغان. ئالتايدىكى باندىت تازىلاش ھەرىكىتىدە، مورى، گۇچۇڭ ئەتراپىدىكى جەڭلەردە بۇلاڭچى ـ باندىتلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئىنقىلابىي قوشۇن تەرەپكە ئۆتۈپ، ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىگە باشچىلىق قىلىپ، غۇلجا، مۇزات، تېكەس، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا قان كېچىپ جەڭ قىلىپ ئەكسىيەتچىلەرگە زەربە بەرگەن. ئازاد رايوندىكى خەلقنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشى، تاشيول قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى كۆرسىتىپ، كۆپ قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك «ئالتۇن مېدال» بىلەن مۇكاپاتلانغان.

سوپاخۇن ھەققىدىكى قوشاقلار ئەينى يىللاردا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ۋە باتۇرلۇق ئىش ئىزلىرى مەدھىيىلەنگەن.

سو لىيەنجاڭ① يېتىپ كېلىپ،
باندىت بىلەن ئۇرۇشتى.
بۇلاپ كەتكەن ماللارنى،
ئۆزىمىزگە بېرىشتى.

سو لىيەنجاڭ ئاتار باشقا،
مىنگەن ئېتىدۇر قاشقا.
ئاتقان ئوقى باندىتنىڭ،
قاڭقىپ تېگىدۇ تاشقا.

قۇمۇلدىن چىققان سولىيەنجاڭ،
ئەجەب چاققان مەرگەنكەن.
ئۇنى كۆرگەن باندىتلار،
ئۇركۇپ بەدەر قاچقانكەن.

سولىيەنجاڭ پاناھ بولۇپ،
خەلقنى دائىم ئويلايدۇ.
ئەدىپىنى بېرىپ باندىتنىڭ،
يۇرتىمىزنى قوغدايدۇ.

---

① سوپاخۇن لىيەنجاڭ مەنىسىدە. كىشىلەر كېيىنچە ئۇنىڭ جەڭلەردىكى قەھرىمانلىقىنى ماختاپ، سوۋۇروپ دەپ ئاتىۋالغان.

## 12 ـ باب
## ئابلا موللا ھەققىدە قوشاق

ئابلا موللا ـــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى بىر تارىخىي شەخس. پامىر ئېگىزلىكىدە قوزغالغان «تاغ ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى قاتناشچىلىرىدىن بىرى. ئۇ تەخمىنەن 1920 ـ يىللىرى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسى يەلكەن كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان جەنۇبىي فرونتتا پارتىزانلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە قەشقەر ئويتاغ پولكىنىڭ رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولغان. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ تاشمىلىق، بارىن تەۋەسىدە پارتىزان ئەترەت ئەزالىرى بىلەن مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ، ئويتاغ پولكىنى تۇرلۇك ھەربىي ئاخبارات، ئاشلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاي مەزگىلىدە، يېڭىساردىن ئويتاغدىكى پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىغا ئاشلىق يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا، چارلاشقا چىققان دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، تىغمۇتىغ جەڭ قىلغان ھەمدە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان. ئۇ دۈشمەن بىلەن كەسكىن ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئوق ـ دورىسى تۈگەپ كېتىپ دۈشمەننىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان ھەمدە دۈشمەن ئاخىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ يېڭىساردىكى گومىنداڭ تۈرمىسىگە قامىغان. ئۇ تۈرمىدە ياتقان ئۈچ ئاي جەريانىدا دۈشمەنگە قىلچە باش ئەگمەي، ئۇلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى ئەيىبلەپ، پارتىزانلارنىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقىنى مەدھىيىلىگەن. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى ئاخىرى 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تاشمىلىق شەنبە بازاردا ئېتىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئوغلى ئۇ قۇربان بولۇپ ئەتىسىلا قەبرە بېشىدىن يېنىپ، تاغ ئارىسىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە قېتىلىپ كەتكەن.

«ئابلا موللا ھەققىدە قوشاقلار» ـــ ئەنە شۇ مەزگىللەردە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، تاشمىلىق، بارىندىكى خەلق ئارىسىدا تا ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ قوشاق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي فرونت ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئويتاغ پولكىنىڭ ۋە پارتىزانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش، بۈگۈنكى كۈندە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
باللىرىغا دان بەرگەن.
ئازادلىق دەپ جەڭ قىلىپ،
ئابلا موللا جان بەرگەن.

دۈشمەنگە باش ئەگمىگەن،
دوستلىرىنى ساتمىغان.

ۋاپا قىلىپ ۋەدىسىگە،
ياتلارغا دىل قاتمىغان.

خا ليەنجاڭ[1] ئېتىۋەتتى،
تاشمىلىق شەنبە بازاردا.
مەڭگۈلۈك ماكان تۇتتى،
يەلكەندىكى مازاردا.

تاغدىن پارتىزان كەلسە،
خا ليەنجاڭمۇ تايىنلىق.
جىم ياتامسەن، ئويغانماي،
تاشمىلىق[2]لىق، بارىنلىق[3] لىق؟ !

ئابلا موللا ئۆلۈپ كەتتى،
ئېلىشقا قىساس قالدى.
قوزغىلايلى خالايىق !
ئىنتىقام، مىراس قالدى.

① خا ليەنجاڭ ــ گومىنداڭنىڭ ليەنجاڭ دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارى.
② تاشمىلىق ــ ھازىرقى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.
③ بارىن ــ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى. بۇ ئىككى يېزا بىر– بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، تاغ ئىنقىلابىدا ناھايىتى ئىسترا-
تېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان.

# 13 ـ باب
# ھۇسەيىن مەتگاجىت ھەققىدە قوشاق

ھۇسەيىن مەتگاجىت (مۇھەممەت ۋاجىت) پىچاندىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى. 1946 ـ يىللىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پىچاندا پوتەي سېلىپ، قورغان قۇرۇپ، خەلق بىلەن قارشىلاشقان مەزگىللەردە ھۇسەيىن مەتگاجىت ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ قەھرىمان ـ باتۇرلۇقى، مەرد ـ چېۋەرلىكى بىلەن نام چىقارغان. ئۇ پىچان خەلقى ئارىسىدا ئىنقىلابىي تەشۋىقاتنى كەڭ ئېلىپ بېرىپ، ياخشى بىلەن ياماننى، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنى ياخشى ئايرىشنى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ كېتىپ، زىيان تارتىپ قالماسلىقنى، بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ، خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىشنى چاقىرىق قىلغان. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا ئادەم تۇتۇپ قامىغان. بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ھۇسەيىن مەتگاجىت ئەنە شۇ ۋاقىتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن.

«ھۇسەيىن مەتگاجىت ھەققىدە قوشاق» ـــ پىچاننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەتگاجىت موللا دەيدۇ،
ئۆزگىچە موللىلىقى.
ھۇسەيىن ئاخۇننى زور قىلغان،
مەردلىكى، لىللالىقى.

ھۇسەيىن زورنىڭ ئېتىنىڭ،
پېشانىسىدە قاشقىسى.
تېپىلمايدۇ پىچاندا،
ئۇنىڭدىن مەرد، ياخشىسى.

گومىنداڭ پوتەي سېلىپ،
تۇزاق قۇرغان ئۆزىگە.
ھۇسەيىن زور دۈشمەننىڭ،
چىنەپ ئاتقان كۆزىگە.

ئىشەنمەڭلار ھەرگىزمۇ،
دۈشمەن سۆزى، ھىيلىسىگە.

جاپانى تولا تارتتۇق،
ئالدىنىپ ئاق سەللىسىگە[1].

ئۇ دېگەنتى: ئايرىڭلار،
بۇغداي بىلەن سامانىنى.
تونۇۋېلىڭلار خالايىق،
ياخشى بىلەن يامانىنى.

قاراڭلار تاغ باغرىغا،
تارام ـ تارام ئاقتى قان.
ھۆر ـ ئازادلىق يولىدا،
قېرىنداشلار بەردى جان.

① دىنىي نىقابقا ئورۇنۇۋېلىپ، ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىپ، خەلقنى ئالدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# 14 ـ باب
# شانىياز ھەققىدە قوشاق

پىچان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمان جەڭچىسى شانىياز ھەققىدە ئىجاد قىلىنغان قوشاقلار ھازىر ـ غىچە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان مۇھىم قوشاقلارنىڭ بىرى.

شانىياز ئەسلىدە پىچاننىڭ لەمجىن يېزىسىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئوغلى بولۇپ، كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ، ناھەقچىلىق بىلەن قەتئىي ئېلىشىدىغان قەيسەر ئىرادىلىك ياش ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، پىچان خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بەردى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمى بىلەن ھوقۇقسىزلىق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، جاھالەت ئىچىدە ياشاپ، زۇلۇم دەستىدىن ھال ـ سىراپ، قەددى پۈكۈلگەن پىچان خەلقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور تەسىرى ئاستىدا، پىچاندىكى ياشلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ تەشكىلاتتا شانىياز قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن دېھقان ياشلىرى قاتنىشىپ، قوللىرىغا قورال ئېلىپ، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇلار يەنە خەلق رايى بويىچە ئەركىن سايلام ئېلىپ بېرىپ، ھوقۇقنى ئىلغار كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، نۇرغۇن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان. سىڭگىم ئېغىزى، سىڭگىم، چىقتىم يېزىلىرىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قوراللىق ئېلىشىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 1947 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدا، پىچانغا كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر پىچان ياشلىرىنىڭ بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندى. شانىياز ھەققىدىكى قوشاق ئەنە شۇ تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن. بۇ قوشاقلار ئەينى يىللاردىكى پىچاندىكى ياشلار ئىنقىلابىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق رولىنى ئۆتەيدۇ.

جەڭگە چىقتى پىچاندا،<br>
مىڭدىن ئارتۇق باتۇر ياش،<br>
شۇ ياشلارنىڭ بىرىتى،<br>
لەمجىندىكى شانىياز.

ياش قۇندۇزۇم شانىياز،<br>
زىلۋا بويلۇق ئەر ئىدى.<br>
قېرى ـ ياشۇ، دېھقانلار،<br>
«قەيسەر يىگىت دەر» ئىدى.

ئۆلگەن بىلەن شانىياز،<br>
ئەل ـ جامائەت ئۆلمىدۇق.<br>
جەستىنى دۈشمەننىڭ،<br>
تاشلىۋەتتۇق، كۆممىدۇق.

باتۇر ئىكەن شانىياز،<br>
كەتتى ئەگمەي بېشىنى.<br>
ھايات قالغان قىز ـ يىگىت،<br>
باسسۇن ئۇنىڭ ئىزىنى.

## 15 ـ باب

## مەڭلىك باقى ھەققىدە قوشاق

مەڭلىك باقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى پىچان دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمان ئوغلانلىرىدىن بىرى. ئۇ ئەسلىدە پىچان ناھىيىسىنىڭ چىقتىم يېزىسىدىكى بىر ئېزىلگەن نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ ئىنقىلابقا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، ئېزىلگەن نامرات دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاشلىق، يەم ـ خەشەك توپلاپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلغان، ئاتىسىزلارغا ئات بېرىپ، يەم ـ بوغۇزى يوقلارغا يەم ـ بوغۇز تەييارلاپ بېرىپ، جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىش روھىغا مەدەت بەرگەن. كۆپ قېتىملىق جەڭلەردە دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، پىچان خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشكەن.

«مەڭلىك باقى ھەققىدە قوشاق» ـــ ئىنقىلابىي روھ بىلەن تولۇپ تاشقان بولۇپ، ياش ئەۋلادلارغا ئەنئەنە تەربىيىسى، قەھرىمانلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ قوشاق تۇرپان، پىچان، توقسۇن دائىرىسىدە ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

چىقتىم خەلقى باتۇرى،
مەڭلىك باقى ئاسقالدى.
ئىنقىلابقا كېرەك ـ دەپ،
تاغار ـ تاغار ئاش ئالدى.

ئاسقال① سويدى قىرلىق قوي،
پالۋانلارنى يېسۇن دەپ.
ئوبدان توقلاپ قورساقنى،
دۈشمەنلەرنى قىرسۇن دەپ.

ئاتسىزلارغا ئات بەردى،
جەڭ قىلغاندا مىنسۇن دەپ.
راستلاپ بەردى يەم ـ بوغۇز،
ئات ـ ئۇلاغلار يېسۇن دەپ.

---

① ئاقساقال، مۆتىۋەر مەنىسىدە.

چىقتىمنىڭ يىگىتلىرى،
بۇ جەڭدە بوش كەلمىدى.
دۈشمەنلەردىن ئۆتتۈزنى،
جان بېرىشكە قىستىدى.

مەڭلىك باقى كەلگەندە،
ئوقلار ئېتىپ مەيدانغا.
دۈشمەنلەر قول كۆتۈردى،
جېنى كەلگەچ تۇمشۇققا.

ئەر بار يەردە ئەل بولۇر،
يەر بار يەردە زىرائەت.
جەڭ قىلمىز توختىماي،
جەڭدىن كېلەر ئادالەت.

## 16 ـ باب
## نىياز ئالتۇنچى ھەققىدە قوشاق

نىياز ئالتۇنچى ــــ پىچان دېھقانلار ھەرىكىتىدىكى پائالىيەتچان، تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن بۇيان، ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئېدىرلىق ـ ئۆتەڭلەردە سەپداشلىرىنى كۈتۈپ، ئەپچىل چارە ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، دۈشمەن يولىنى توسۇپ، غەلىبىلىك جەڭ قىلغان. ئۇنىڭ جەڭلەردىكى باتۇرلۇق ئىش ـ ئىزى خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. پىچان خەلقى ھازىرغا قەدەر ئۇنى ئەسلەپ كەلمەكتە.

باتۇر چىقتى پىچاندىن،
نىياز ئاخۇن ئالتۇنچى.
ئېدىرلىق، ئۆتەڭلەردە،
ساقلاپ تۇرغان بىر نوچى.

قۇمۇلدىن دۈشمەن كەلسە،
ياشلىرىمىزنى قىرغىلى.
نىياز ئاخۇن باردى تېز،
دۈشمەن يولىنى توسقىلى.

قىلىچ ئاسقان ھەر يىگىت،
جەڭدىن باشنى تارتمىدۇق.
ئەسلەپ نىياز باتۇرنى،
كۆزىمىزنى ياشلىدۇق.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# توققۇزىنچى قىسىم
# ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى

## 1 ـ باب
## توتېم ھەققىدە قوشاق

توتېم (Totim) ئىندىئانچە ئاتالغۇ بولۇپ، «ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلە، قوۋملارنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ئېتىقاد سىيماسىغا ئايلانغان.

دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەت، ئۇرۇق، قوۋمنىڭ ئۆزىگە خاس توتېمى (قۇت بەلگىسى) بولىدۇ. توتېم ئېتىقادى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ئېتىقادلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئالاھىدە بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى سۈپىتىدە بۈگۈنگە كەلگەن.

توتېم — بىر ئۇرۇق، مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان مەخلۇقلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانسىز نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۈركلەر ـ ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىم تارىختا بۆرىنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزىگە توتېم قىلغان؛ ئۇنى قوۋم جەڭگىۋارلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆز بايراقلىرىنىڭ گىربى، مۇنتىزىم قوشۇنغا بېرىلىدىغان مەشھۇر نام سۈپىتىدە ئىشلەتكەن.① ئوبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ «تارىخى شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «ئەرگىنەقۇن» رىۋايىتى خاتىرىلەنگەن بولۇپ②، بۆرە توتېمى ھەققىدە بىرمۇنچە قوشاقلار كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى قوشاقلىرى — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، بېسىپ ئۆتكەن قەدەم باسقۇچ جەريانى، تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرىنى، توتېمنىڭ ئۇرۇقداشلىق ئىچىدە بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى، بىر مىللەت ئۆزىگە قوشۇۋالغان ئۇرۇقلار قانچىلىك كۆپ بولسا، ئۇنىڭ توتېمىنىڭمۇ شۇنداق كۆپ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. توتېم ھەققىدە ھازىر ئوخشاش بولمىغان ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار مەيدانغا كەلمەكتە.

يىللار ئۆتتى، بىر ئات كەلدى،
تۈرك تەختىگە ئىلخان كەلدى.
ئوڭدىن ـ سولدىن دۈشمەن كەلدى،
قۇرۇلغانتى تۈزاقىمىز

---

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» 1981 ـ يىلى نەشرى. « ‹ئوغۇزنامە› دىكى توتېم ھەققىدە»، 110 ـ، 183 ـ بەت.

② «ئەرگىنە قۇن» — ئوبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ «تارىخى شەجەرەئىي تۈرك» تە ئەرگىنە — تاغنىڭ كامىرى، قۇن ئۆڭكۈر، تاغلارنىڭ قىرلىرى دەپ ئىزاھلانغان. شۇ ناملىق كىتاب.

بىرىلمىدى بىرپەس ئارا،
قانلار ئاقتى بولۇپ دەريا.
ئۆلدى پۈتۈن بالا - چاقا،
خان، بەگ، ئەسكەر ئۇشاغىمىز.

يالغۇز ئۆكۈز بىلەن قايان،
ئىككى قىزنى ئېلىپ قاچقان.
بىر تىك تاغقا ئالدىلەر جان،
بولار بولدى قاچاغىمىز.

تاغدىن - تاغقا يوشۇرۇنچە،
يۈردىلەرۇ - بەس، ئون كېچە.
تاڭ سەھەر ۋاقىت كەلگىچە،
بىر ئىز بولدى ماكانىمىز.

قارىساقكى يېشىل بىر باغ،
ھەر تەرەپتە بەك ئېگىز تاغ.
كەڭ ۋە يېڭى زىچ بىر تۇزاغ،[1]
دېدۇق ياخشى تۇراغىمىز.

بۇ يەردە تۆت يۈز يىل قالدۇق،
بۇغا ئاينىپ، بىز كۆپەيدۇق.
چىقالمىغاچ بىز ئىشلىدۇق،
ئاۋات بولدى قوناقىمىز.

ئالما، ئۆرۈكنى كۆپ يېدۇق،
تۆمۈر سەندەل بىز ياسىدۇق.
«مەخپىي بىر يول تاپساق» دېدۇق،
تاغ تىلاتتى پىچاقىمىز.

يوقتى بۆرە بۇ ماكاندا،
بىر كۈن بولدى بۆرە پەيدا.
بۇغىغا ئېتىلدى شۇندا،
كۆردى چوپان ياردەمچىمىز.

تۆشۈك كۆرۈپ بۆرە كەتتى،
بىر تۆمۈرچى تەقىب ئەتتى.

---

① تۇراغ — تۇزاق، قاپقان مەنىسىدە.

ئوچاق يېقىپ تاش ئېرىتتى،
ئېچىلدى يول قورشاۋىمىز.

زور خۇشاللىق، كاتتا ئۆزرە،
بايرام قىلدۇق كەنت ۋە ئۆيدە.
نەۋرە، ئوغۇل، دادا، جەددە،①
ئۇلۇغىمىز ھەم كىچىكىمىز.

تۆمۈرچىگە بۆرە — دېدى،
خان تونۇلدى، تاج كىيىندى.
ئۆزى چۈشۈپ يول باشلىدى،
ئوڭ قولىدا بايراقىمىز.

بورتەجىنە بۆرە ئاتى،
ئەرگىنە قۇن يۇرتىنىڭ ئاتى.
تۆت يۈز يىل تۇردۇڭ زادى،
چىق! ئەي يۇز مىڭ قورالىمىز.②

① جەددە — جەددى ـ جەمەت، بوۋا، ئەجداد مەنىسىدە.
② «جۇ نامە»، «سۈينامە»، خەنزۇچە نەشرى، «بۆرە توتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر» دېگەن بابتا.

## 2 ـ باب
## رامزان قوشاقلىرى

رامىزان تۇتۇش (روزا تۇتۇش) ئىسلامىيەتتىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. رامىزان تۇتۇش ئاشۇ پەرزنى ئادا قىلىشنىڭ بىرخىل شەكلى بولۇپ، ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي ئېلىپ بېرىلىدۇ.

«رامىزان قوشاقلىرى» ــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ ئاساسەن رامىزان ئېيىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلارنى كۆرسىتىدۇ. «رامىزان قوشاقلىرى» مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىسلام ئېتىقادىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، ئوخشاش بولمىغان ئىككى چوڭ سىنىپىي قاتلامنىڭ مۇناسىۋىتىنى، قويۇق ئىسلامىيەت تۈسى ئالغان ئائىلە ھاياتىنى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىقلارنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، شۇنداقلا بەزى كونا ئادەتكى قوشاقلارمۇ قوشۇلۇپ ماڭغان.

«رامىزان قوشاقلىرى» ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتنوگرافىيە، دىنىي ئېتىقاد، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

خۇش مۇبارەك كەلدىلەر بۇ رامىزان،
ھەممە ياقتا ئاڭلىنار لەرزان ئەزان.

رامىزان، ئاللامۇ شەرى رامىزان،
خۇش مۇبارەك بولسۇن تۇتقان روزاڭ.

بۈگۈن ئاخشام ئېيتىپ كەلدۇق رامىزان،
ھەممە ئۆيدە ئاخشىمى قاينار قازان.

روزىنىڭ ئون يەتتىسى، قەدىر كۈنى،
بۇلتۇرقى مۇسۇلمانلار بۇ يىل قېنى؟

روزىنىڭ يىگىرمە يەتتىسى قەدىر كۈنى،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ قېنى؟

بۇ روزا ئوتتۇز ئىكەن، مېھمان ئىكەن،
روزىنى تۇتمىغانلار ناشايان ئىكەن.

روزا تۇت، ناماز ئوقۇ، جانىڭ ئۈچۈن،
خەير قىل، زاكات بېرىپ مالىڭ ئۈچۈن.

رامىزاننى ئېيتقاندى ھەزرىتى ئەلى،
ئۇلاردىن بىزگە قاپتۇ، بىز ئېيتىلى.

تۈگۈلۈكۈڭنىڭ بېشىدا ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرۈنەر.

ئاسماننى باستى بۇلۇت، ئايغا قارا!
روزىدا ئىنسابى يوق بايغا قارا!

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق مۇغاللىدىن،[1]
نانلارنى خىللاپ چىقىڭ يوغانلىدىن.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ياتقان بايلار،
خۇدانىڭ پەرمانىغا پاتقان بايلار.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا قوينىڭ ئىزى،
ئاش ـ ناننى چاغلاپ بەرگەن باينىڭ قىزى.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا تاينىڭ ئىزى،
كەشتە ياغلىق بېرىدۇ باينىڭ قىزى.

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭنى ئاچ،
سېخىي بولساڭ بىزگە بەر ياغلىق توقاچ.

مەككىدە بىر ياغاچ بار، بېشى قارا،
خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن قېشى قارا.

ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ قونداقتىدۇر،
ساقلىغان سەككىز تۇخۇم قاپاقتىدۇر.

ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ، ئەركەك ـ چىشى،
سوۋغا بىلەن قەنت بېرەر مەزلۇم كىشى.

ئايلىخان ئۆيانمۇ باق، بۇيانمۇ باق،
خالتىدا ئۇن بولمىسا، سۇپراڭنى قاق!

---

[1] مۇغاللا ــ جاي ئىسمى.

لىقمۇلىق سۇ تۇرىدۇ كۆلچەكىدە،
ئايلىخان ئاش بېرىدۇ چۆچەكىدە.

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق سامپۇلىدىن،[1]
بىزگىمۇ بېرەرلىمۇ مانتۇلىدىن.

قوچقارىمنىڭ مۈڭگۈزى توغام ـ توغام،
قۇشناچىم نان ياقىدۇ يوغان ـ يوغان.

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭگە،
قوچقاردەك ئوغۇل بەرسۇن بۆشۈكىڭگە.

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭگە،
تۆگىمەس بالا بەرسۇن تۆشۈكىڭگە.

كېپىنەك پىل ـ پىل ئېتەر سۇدىن ئۆتەر،
ئاغىچا ئانامنىڭ بەرگەن ئۈنى توزۇپ كېتەر.

رامىزان ئېيتىپ كەلسەك چىقمايدۇ نان،
ئەي خۇدانىڭ بەندىلىرى ياماندىن يان !

رامىزان ئېيتا ـ ئېيتا ھېرىپتىمىز،
ساقىلىمىز چىقماي تۇرۇپ قېرىپتىمىز.

رامىزاندا ئول خۇدانى ياد ئېتىلى،
پەيغەمبەرنىڭ روھىنى شاد ئېتىلى.

مال چۈشۈپتۇ يايلاقتىن سانى بىلەن،
بىر تاۋان ئۈن ئەپچىقىڭ نانى بىلەن.

بىزمىغۇ گاداي ئەمەس ئۈن ئالغىلى،
بەرسىڭىز تەڭگە بېرىڭ قوي ئالغىلى.

ھەر ئۆيدە شۇنچە تۇرساق كەچ بولىدۇ،
بەرگىنىڭ ـ بەرمىگىنىڭ ھەش بولىدۇ.

ئۈجمىنىڭ ياغاچىدا ئەتسەم راۋاب،
رامىزاندا يوقلاپ كېلىپ، ئالسام ساۋاب.

[1] سامپۇل ـــ جاي ئىسمى.

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسى لاڭقا ـ لاڭقا،
بىزگە ئاش ـ نان بەرمىگەن پىخسىق ماڭقا !

ئەرشنىڭ تۈۋرۈكىنىڭ باشى قارا،
خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن قاشى قارا.

ئاسماندىن چۈشۈپ كەلگەن ياڭزا پوتا،
مۈشۈ ئۆينى قوللىسۇن خىزىر ئاتا.

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسى تاغدەك خامان،
بۇغداينى باي ئالىدۇ، بىزگە سامان.

باي خوجام ئۇخلايدۇيا، خورا ـ خورا،
سۈپرىسىنى ئىت تارتىدۇ تارو ـ تورا.

قونداقلاردا توخۇلىرى قاقاقلايدۇ،
پىخسىق خوتۇن نان بەرمەي ۋاالاقلايدۇ.

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدا قوينىڭ ئىزى،
بىزگە بىر پاقلان بېرىڭ باينىڭ قىزى.

رامىزاندا ئۆلتۈرگىنىڭ بوز ـ ئالا قوي،
گۆشىنى ئۆزۈڭ يەپ، تۆشىنى بىزگە قوي.

ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدا ئوتۇن، لوقاق،①
بىزگە نان بەرمىگەن ئاغىچام پوقاق.

بۇ ئالەم گويا بىر كەپتەرخانىدۇر،
بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ قونادۇر.

بۇ روزا ئۆتۈپ يەنە روزا كېلۇر،
كىم ئۆلۈپ، كىملەر قالۇر، ئاللا بىلۇر.

بەزى كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق قوشاقلارمۇ ئىجاد قىلىنغان:

روزا تۇتتۇم جان ئۈچۈن،
كېچە قوپتۇم گال ئۈچۈن.
تۇتماي دېسەم قورقىمەن،
گۆردە توقماق بار ئۈچۈن.

① لوقاق ــ قوراي تېپىدىكى بىر خىل ئوت ـ چۆپ.

# 3 ـ باب
# تۇنەك قوشاقلىرى

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردا ھەر يىلى شەبان ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى بارائەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. بۇ كۈن ئەسلىدە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىي كەبىرلىرىنى يۇيۇش كۈنى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەربىر ئائىلىدە ياغ پۇرىتىپ، قۇيماق ـ پوشكال سېلىش، ئەر ـ ئاياللار ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيلەرگە يىغىلىپ، توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، ئاللانى سېغىنىپ، «قۇرئان كەرىم» ئوقۇپ، دۇئا تەلەپ قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭا بۇ مۇبارەك كۈن «تۇنەك كېچىسى» دەپ ئاتىلدۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

«تۇنەك قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تارىخىي قوشاقلار كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپتۇر.

1

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ؟
قازانغا ياغنى قۇيدۇڭلارمۇ؟

بارات كەلدى بۈگۈن كېچە،
ئۇخلىماڭلار تاڭ ئاتقۇچە.

بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ؟
پوشكال، قۇيماق سالدىڭلارمۇ؟

بارات ئېيى ئۇلۇغ ئايدۇر،
ئويغاقلارغا جەننەت ئايدۇر.

توۋا قىلغىن بىر خۇداغا،
قولۇڭ تاپشۇر رەھنىماغا.

توۋا قىلغىن خەيرى يەرگە،
مەلەك يازغان كىم دەپتەرگە؟

بۈگۈن پۈتكەي دەپتەرىڭىز،
مەلەك سۆيۈپ خۇش ئەتتىڭىز.

يانغىن بۈگۈن ئىشرەتىڭدىن،
ھاجەت تىلە خۇدايىمدىن.

جەملە ھاجەت راۋا بولغاي،
گادا بولسا تېز ساقايغاي.

بولسا غەملەر ئادا بولغاي،
دەردلىرىڭگە داۋا بولغاي.

بارسا بايلار ئېھسان قىلغاي،
مۈشكۈللىرى ئاسان بولغاي.

پۇقرالىرىم قىلىڭ تائەت،
تەڭرىم ئاتا قىلار دۆلەت.

بۇگۈن كېچە مۇبارەك كۈن،
ئۆتكۈزەيلى بىدار بۇ تۈن.

بولغاي ساڭا ھەق رەھنىمۇن،
يەنە سېنى قىلماس زەبۇن.

يارەب ! ئاتا قىل جەننەتنى،
بىزگە راھەت قىل مەينەتنى.

2

بەخت ئاتا، بەخت ئاتا،
بەخت، دۆلەت بەر ماڭا.
بەخت، دۆلەت بەرمىسەڭ،
سەۋر ـ تاقەت بەر ماڭا.

بەخت ئاتا، بەخت ئاتا،
بەخت ـ دۆلەت بەر ماڭا.
بەخت ـ دۆلەت بەرمىسەڭ،
چىن ساداقەت بەر ماڭا.

بەخت ئاتا، بەخت ئاتا،
بەخت دۆلەت بەر ماڭا.
بەخت ـ دۆلەت بەرمىسەڭ،
ياخشى ئىززەت بەر ماڭا.①

① ئىككىنچى بۆلەكتىكى بۇ قوشاق تۈنەك كېچىسى تاڭ سۈزۈلگەندە، ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئاللادىن بەخت، دۆلەت تىلەپ ئېيتىدىغان قوشاقلىرىدۇر.

# 4 ـ باب
# هازا قوشاقلىرى

«هازا قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، داۋاملىشىشچانلىقى بىلەن تارىخىي قوشاقلارنى بېيىتقان. خەلق ئارىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئادەمگە قوشاق قوشۇپ، يىغا ـ زار قىلىش، كۆڭلىنى، قايغۇ ـ ھەسرىتىنى بىلدۈرۈش ـــ مۇسىبەت كۈنلىرىدىكى مىللىي ئادەتلەرنىڭ بىرى. مەرھۇمنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يار ـ دوست، بۇرادەرلىرىنىڭ بۇ خىل قوشاقلارنى ئېيتىشىشى ئارقىلىق، قازا قىلغۇچىنىڭ ياخشى خىسلەت، پەزىلەتلىرى مەدھىيىلىنىدۇ، ھاياتى ئەسلىنىدۇ.

«هازا قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇر مەرسىيىلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى سۈت ئانىسى، يىلتىزى. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەرسىيىلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش، تەرەققىي قىلىش، كېڭىيىش ۋە بۈگۈنكى سەۋىيىگە يېتىش مۇساپىسىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى، ئۇيغۇر تارىخىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئىلمىي، تارىخىي ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە.

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئېيتقان قوشاقلىرى:

ۋاي دادام، ۋاي دادام،
يېتىم قالدۇق ئەمدى بىز.
كىمنى دادا دەيمىز بىز،
ۋاي دادام، ۋاي دادام.

دۆلىتىم دادام،
تاجۇ ـ تەختىم دادام،
دەريا كۆڭۈل دادام،
كۆن چىراي دادام،
ۋاي دادام، ۋاي دادام.
مەن (بىز) دادامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،
مەن (بىز) يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟
جان دادام(دادىمىز)دىن ئايرىلىپ.
ۋاي دادام، ۋاي دادام.

دادام (دادىمىز) ئۆلگەنگە يىغلايمەن،
ئانام (ئانىمىز) ئۆلگەنگە يىغلايمەن.
ساماندەك سارغىيىپ ئەلدە،

يېتىم قالغانغا يىغلايمەن.
ۋاي دادام، ۋاي دادام.

دادا (ئانا) ئاھ ئۇرۇپ يىغلاي (يىغلايمىز)
سۆزۈڭنى يادلاپ يىغلاي (يىغلايمىز)
ئىزىڭنى سۇرتۇپ كۆزۈمگە (كۆزىمىزگە)
غۇلاچ كېرىپ يىغلايمەن (يىغلايمىز).
بۇ جۇدالىققا ئەمدى قانداق چىدايمەن (چىدايمىز)؟
ۋاي دادام، ۋاي دادام (ئانام).

ۋاي ئانام، ۋاي ئانام،
يايلىقىم ئانام،
بايلىقىم ئانام.
ۋاي ئانام، ۋاي ئانام.

دەريا بولۇپ ئاقاتتى،
چىن ئانىلىق مېھرىڭىز.
كېچە ـ كۈندۈز بالام دەپ
قانماي كەتتىغۇ باغرىڭىز،
ۋاي ئانام، ۋاي ئانام،
ۋاي ئانام، ۋاي ئانام.

ئەمدى كىمگە تەلمۈرەي؟
غۇلاچ كېرىپ بوزلىنىپ،
ئەمدى كىمگە ئەركىلەي؟
سەكرەپ ئويناپ، قوزغىلىپ.
ۋاي ئانام، ۋاي ئانام
ۋاي ئانام، ۋاي ئانام،
ئەمدى غايىب بولدۇڭغۇ !
ۋاي ئانام، ۋاي ئانام.

موللا قىلىمەن بالام دەپ،
ئالىم قىلىمەن بالام دەپ،
كۈندە سىلايتتىڭ بېشىمنى،
ئەمدى كىم سىلار بېشىمنى؟
ۋاي دادام، ۋاي دادام.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئالەمدىن ئۆتكەندە، يىغلاپ، ئېچىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ ئېيتقان قوشىقى:

ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ۋاي بالام، ×× خان بالام (جان بالام).

جىگىرىم ـ باغرىم بالام،
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بالام،
ھالىمەن جان بالام.
قولۇمغا قول،
پۇتۇمغا پۇت،
ۋاپادار بالام،
كۆيۈمچان بالام،
ۋاي بالام، ۋاي بالام.
جىگىرىم ـ باغرىم بالام.

ئانام دەپ كەينىمدىن،
ھازا قىلار دەپتىمەن.
تۆگىمەس ھەسرەتتە قويۇپ،
كېتەرىگنى بىلمەپتىمەن.
ۋاي بالام، ۋاي بالام.

جىگىرىم ـ باغرىم بالام،
كۆزۈمنىڭ نۇرى ئىدىڭ.
كۆڭلۈمنىڭ بېغى ئىدىڭ،
سەن كەتكۈچە مەن كەتسەم.
ئانام دەپ يىغلار ئىدىڭ.
ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ۋاي بالام، ×× خان بالام.

ئەمدى كىمنى بالام دەي؟
دېسەم ساڭا ئوخشارمۇ؟
جىگىرىم بالام،
باغرىم بالام،
بۇ جۇدالىققا قانداق چىداي.
ۋاي بالام، ۋاي بالام،
ۋاي بالام، ×× جان بالام.

## 5 ـ باب
## سەكرات قوشاقلىرى

«سەكرات قوشاقلىرى» ــــ ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، تارىخىيلىقى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تالاي يىللاردىن بۇيان ئۈزۈلمەي ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاقلار خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ناھايىتى زور تەسىرلەندۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

«سەكرات قوشاقلىرى» ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئۆلۈم ـ مامات قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى زور ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئانام سەكراتقا چۈشكەندە،
خورەك تارتتى دەپتىمەن.
كۆزلىرى يۇمۇلغاندا،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن.

ئېڭىكى تېڭىلغاندا،
رومال ئارتتى دەپتىمەن.
پۇتلىرى چېتىلغاندا،
ئارام ئالدى دەپتىمەن.

غۇسلى سۈيى قۇيۇلغاندا،
تاھارەت ئالدى دەپتىمەن.
كېپەنلىك تىكىلگەندە،
كۆڭلەك كىيدى دەپتىمەن.

جىنازىغا سالغاندا،
مەيگە چۈشتى دەپتىمەن.
خەلقئالەم يىغىلسا،
توي بولدىغۇ دەپتىمەن.
.................
يېتىپ باردۇق مازارغا،
كىرىپ كەتتى سارايغا.
قاراپ قالدۇق كامارغا،
يېتىم قالدۇق تالادا.

# 6 ـ باب
# پېرە قوشاقلىرى

پېرە قوشاقلىرى ــ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىم زاماندىن تارتىپ تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، دىنىي تۇسى قويۇق بولغان قوشاقلاردۇر. بۇ قوشاقلار كىشىلەرنىڭ ئەينى دەۋر ئۇچۇن ئۇر - تاق بولغان دىنىي قاراشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مەلۇم تارىخىيلىققا ئىگە.

«پېرە قوشاقلىرى» بەزى كىسەللەرنى شىپالىق تاپقۇزۇش، داۋالاش ئۇمىدىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان. خەلقنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئېتىقاد، ئارزۇسىنى مۇھاكىمە قىلىشتا بىزنى بەزى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش قىممىتىگە ئىگە.

1

سەن ـ سەن دۇنيا، سەن دۇنيا(يادوست)
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن؟ (يادوست)
مەن، مەن دېگەن يارەننى (يادوست، يادوست، يائاللا)
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن (يادوست)
يادوست، يائاللا.

هۆل پاختا، بۇزۇق چىغرىق (يادوست)
چىگىت چىققاننى ئېيتايمۇ؟ (يادوست)
بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ (يادوست، يادوست، يائاللا)
جاپا تارتقاننى ئېيتايمۇ؟ (يادوست)
يادوست، يائاللا.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس (يادوست)
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس (يادوست)
بېشىمغا بالا كەلدى (يادوست، يادوست، يائاللا)
يىغلىماي كۈنۈم ئۆتمەس (يادوست)
يادوست، يائاللا.

2

بەزى داخان ـ پېرىخونلارنىڭ پېرە ئويnىتىش جەريانىدا ئېيتقان قوشىقى.

پېرە ئوينايمەن كېلىڭلار،
قىرىق چىلتەنلەر كېلىڭلار.
يەتتە سۇلتانلار كېلىڭلار،
سۇمبۇل چاچلىقلار كېلىڭلار.

ئەلھەمدۇلىللا ئوقۇيمەن،
جىنغا توقۇم توقۇيمەن.
جىن سەكرىسە سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن.

جىنىنىڭ جايى لەھەتى،
جىنىنىڭ يامان ئەلەمى.
يەتمىسۇنلا قەدىمى،
يازمىسۇنلا قەلەمى.

ھەرخىل ئايەت ئوقۇيمەن،
مۆگدەپ تۇرۇپ ئوقۇيمەن.
جىنغا توقۇم توقۇيمەن،
قورقماي تۇرۇپ ئوقۇيمەن.

تەسۋى بىلەن دەم ئۇرۇپ،
«سۇپ ـ سۇپ» قىلىپ تۈكۈرۈپ.
ئۆخلاپ قىلىپ، چۇش كۆرۈپ،
ئوسۇرۇپمۇ ئوقۇيمەن.

كوپى كاپا، كوپىكا،
كاپا كۇپۇ، كوپىكا.
كىپى كاپا، كاپاكۇ،
كاپى كاپا، كوپىكا.
جىنىنىڭ ئىتى بەكرىدۇر،
تاغدىن ـ تاغقا سەكرەيدۇ.
تاغدىن ـ تاغقا سەكرىسەڭ،
پەللەڭگە بىر تۇتام كەكرىدۇر.

جىنلار كەلدى كىڭىشىپ،
ئەسكى تامدىن ئىڭىشىپ.
ئايلام كەلدى سايرامدىن،
بانۇ كەلدى قايىنامدىن.
باسىت بېگىم خوتەندىن،
كاۋاپ سالدىم كۆتەندىن.①
يىمەي تۇرۇپ يۆتەلدىم.
موللىغا بەردىم ئوقۇڭ دەپ،

① كۆتەن ـــ ئۆچكە، قوي ئۇچىيىنىڭ ئاخىرقى قىسمى. كۆتەن ئۇچەي كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۆزچىگە بەردىم توقۇلۇڭ دەپ،
چۈجە ـ مېكىيانىنى قوزغاتتىم،
خورىزەكنى چوقۇلۇڭ! دەپ.
كەل رەبىكە، رەبىكە،
پىستە پاكاركەن.
پىستە پاكارنىڭ،
ئاخۇنى توكۇركەن.
ئەرگە تېگىپتۇ نىيازغا،
قىغ توشۇپتۇ پىيازغا.
بىر چۆنەككە ئاق پىياز،
بىر چۆنەككە كۆك پىياز.
ئاخۇنۇمەي يا ئاخۇنۇم.
ئىشكنى ئاچسىلا ئاخۇنۇم،
مېنىڭ ئېتىم مەمەتنىياز.

هەي چوكان، جېنىم چوكان،
ئەجەبمۇ قىپلا ياڭزىنى.
هېيت ـ ئايەم بولدىمكىن دەپ،
سېلىۋاپلا ساڭزىنى.
ئەرلىرى يامان قىمارۋاز،
ئالدۇ باش ـ كاللىنى.

قەشقەرگە بېرىپ،
ئون سەر پۇل تېپىپ،
موللىغىمۇ خەجلەپ،
ئۈششۈكتە قالغان چۈجىدەك،
كۈر ـ كۈر رۈكۈلداتمىسام،
خەپ! توختا سېنى!

# 7 ـ باب
# ئوردام قوشاقلىرى

ئوردام ــــ هازىرقى يېڭىسار ناھىيىسىگە تەۋە بىر چەكسىز قۇملۇق، بىر قەدىمىي ئىز ـ خارابە. تارىخىي خاتىرىلەردىن بايان قىلىنىشىچە، بۇ جاي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ لەشكەر بېشى ئەلى ئارسلانخان باشلىق سانغۇنلار دەپنە قىلىنغان جايدۇر.

ھەر يىلى 10 ـ ئاي (ھىجرىيە ھوشۇر ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى)دا ئىسلام مۇخلىسلىرى بۇ مازاردا تۇغ كۆرۈشتۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا، تاۋاپقا بارغان جامائەت ھەلقە بولۇپ، ساپايى سوقۇپ، ئۆزدىنى ئۇنتۇغان كەيپىياتتا بۇ قوشاقلارنى بىرلىكتە ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. قوشاق ئوقۇلغانسېرى، تاۋاپ ـ زىيارەتكە كەلگەن نەچچە ئون مىڭ ئادەم كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، تارىختا ئۆتكەن ئەجداد ـ ئەۋلادلارنى سېغىنىپ مەدھىيە ئوقۇپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئوردام قوشاقلىرى» ــــ نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان تەسىرى زور تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىرى. ئومۇمەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېڭىشەھەر، يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن، ئاتۇش قاتارلىق جايلىرىدىن زىيارەت ـ تاۋاپقا بارغانلار بۇ قوشاق ئارقىلىق ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شانلىق، ئۇزاق تارىخنى ئەسلەپ، ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

مەن قەلەندەر شاھىمەن،
ئالەم ماڭا ۋەيرانىدۇر.
پايتەختى گۈل خېنىم،
ئوردام قەلەندەر خانىدۇر.

ئوردىخانىنىڭ يوللىرى،
دۆۋە ـ دۆۋە قۇملىرى.
قۇملىرىدىن قارىسام،
يەلپۈنىدۇ تۇغلىرى.

ھاجەتمەنلەر بارىدۇ،
ھاجەت تىلەپ يانىدۇ.
غايىب لەشكەر بۇندا كۆپ،
بەتنىيەتنى ئاتىدۇ.

ئوردىخانىنىڭ لەڭگىرىدە،
داشلار قايناپ تۇرىدۇ.
ھاجەتمەن بېرىپ يىغلاپ،
تاۋاپ قىلىپ يانىدۇ.

ئوردىخان مازارىمدا،
بىر كىشىلىك سارايىم بار.
بېشىمغا دەرد ـ ئەلەم كەلسە،
يارانقان خۇدايىم بار.

ئوردىخاندا بىر مازار،
ئەتراپىدا مىڭ مازار.
يېتىمچىنى قوللايدۇ،
غېرىبلەرگە ئىنتىزار.

ئوردام يولى ھەيۋەتلىك،
بېگىم سۇيى[1] شەربەتلىك.
دەشتىقۇمدا شېھىت بولغان،
ئوردا خېنىم رەھمەتلىك.

ئوردىخاندا بىر مازار،
ئەتراپىدا مىڭ مازار.
مۇرادىمنى بەر خۇدا،
يېتىشىم ئۇلۇغ مازار.

* * *

بىر قولۇمغا مەينى ئالدىم،
بىر قولۇمغا ئىشقىنى.
«قۇم شېھىدان»دا يېتىپتۇ،
شاھ كامال دىۋانىسى.

شاھ كامال ھەرەمگە كەتسە،
قالدى گۈلخاندا كىشى.
سەللىسى بىللە كېتىپتۇ،
يېڭىساردا جەندىسى.

ئاتاسى شاھىمەردانىدۇر،
ئاناسى نۇر ئەلانۇرخان.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
سىيىت ئەلى ئارسلانخان.

---

[1] بېگىم سۇيى ـــ ئوردام مازىرى يېنىدىكى «شەربەتخانا» دېگەن بۇلاق سۈيى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 8 ـ باب
## دارۋاز قوشاقلىرى

دارۋازلىق ــ بىر خىل تارىخىي ھادىسە، تارىخىي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدۇر.

دارۋازلىق سەنئىتى ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئۆزگىچە خاسلىققا ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېگىز بوشلۇقتا ماھارەت كۆرسىتىش سەنئىتىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان.

شىنجاڭ دۇنيا دارۋازلىق تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن نام چىقارغان جاي. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنلا دارۋازلىق سەنئىتىنى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇر دارۋازلىرى 12 مۇقامنىڭ كۈي ـ ئاھاڭلىرى ۋە ناغرا ـ سۇنايلار قوشۇلۇپ ئورۇندالغان دار مۇزىكىسىنى تەڭكەش قىلىپ، يۇقىرى تېخنىكا ۋە ئەقىل بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ئىشلار جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا تولۇق بايان قىلىنغان. «دارۋاز قوشاقلىرى» ماھارەت كۆرسىتىش جەريانىدا ئوقۇلىدىغان قوشاقلار بولۇپ، تەڭرىگە سېغىنىش ھېسسىياتى كۈچلۈك. ئۇ يېقىنقى دەۋرلەرگىچە خەلق ئارىسىدا خېلى كەڭ دائىرىدە ئېيتىلىپ ئومۇملاشقان. دارۋاز قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق دارۋازلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى سەنئەت بايراملىرىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا زور تارىخىي ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە.

دارۋاز بىلەن شاگىرتى، دارۋاز بىلەن جامائەتنىڭ ئۆزئارا ئېيتىشىدىغان قوشىقى:

دارۋاز:

ئەي ئاتا، مېنى دار ئۈستىدە سۇر باستى، بۇ ئويۇننى كۆرگۈچىلەردىن دۇئا تىلەيمەن.

ئاتىسى:

ئەي جامائەت، دۇئاغا قول كۆتۈرەيلى !

جامائەت:

ياخۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن،
رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھۆرمىتىدىن.
كەتكۈزگىن ھەر بالانى ئۇممەتىدىن،
ياغدۇرغىن كۆپ ياخشىلىق ھىممىتىڭدىن.

دارۋاز:

ئىنايەت بىرلە كۆرسەتكىن،
يولۇمنى يا ئۇلۇغ ئاللا.

يېتەكلەپ مېنى رەھمىتىڭ بىرلە،
باشلىغىن داغدام يولغا.

دارۋاز:
ئەي ئاتا، دارنىڭ ئارغامچىسى كۆزۈمگە قىزىل قاندەك كۆرۈندى.

ئاتىسى:
ئەي ئوغلۇم، خاتىرجەم بول، ئاللاغا سېغىنىپ مۇنۇ مۇناجاتنى ئوقۇغىن:

تاشقا ئويۇلغان خەتلەر،
يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلارمۇ؟
بىر بەندىگە قازا يەتسە،
قاچقان بىلەن قۇتۇلارمۇ؟

تاشقا يامغۇر كار قىلماس،
مۇزغا سۇ، دارۋازغا دەم.
ئاللا ساڭا مەدەتكار،
قىلما ئوغلۇم ئۇنچە غەم.

دارۋاز:
ئەجەب دەرماندادۇرمەن،
تۇت قولۇمنى يا ئۇلۇغ ئاللا.
ئىنايەت بىرلە كۆرسەتكىن،
يولۇمنى يا ئۇلۇغ ئاللا.

دارۋازلارنىڭ دار ئۈستىدىكى ماھارىتىنى كۆرگەندە، جامائەتنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

دارۋاز ئوينايدۇ،
ياۋاغ دەرۋازىسىدا.
ئانارخان يىغلايدۇ،
تامنىڭ دالدىسىدا.

دارۋازمۇ كەتتى،
خوتەنگە يەتتى.
كەتسە كەلمەيدۇ،
يۈرەككە ئوت كەتتى.

## 9 ـ باب
## نەۋرۇز قوشاقلىرى

نەۋرۇز — پارسچە يېڭى كۈن، يېڭى باھار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ھەر يىلى ئەتىيازدا، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەندە، 3 – ئاينىڭ 21 – كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

نەۋرۇز — تۈركىي تىللىق ۋە پارس تىللىق نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق باھار بايرىمى. نەۋرۇز ئۇزاق قەدىمىي دەۋرلەردىن تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام، ئەمگەك بايرىمى، دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق بايرىمىدۇر.

تارىختىن بۇيان، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، شائىرلىرىمىز نەۋرۇز ھەققىدە نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان. خەلق ئارىسىدا يەنە نەۋرۇز ھەققىدە نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلار بارلىققا كەلگەن.

«نەۋرۇز قوشاقلىرى» — ياش ئەۋلادلارغا مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى، ئەمگەك تەربىيىسى، دوستـ ـ لۇق ـ ئىناقلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 1

تۇرلۇگ چەچەك يازىلدى،
بارچىن يېيىم كېرىلدى،
ئۇجماق يېرى كۆرۈلدى،
تۇملۇغ يانا كەلگۈسىز.

قار ـ مۇز قاموغ ئېرىشدى،
تاغلار سۈيى ئېقىشدى؛
كۆكشىن بۇلۇت ئۇرۇشدى،
قىيىق بولۇپ ئەگرىشۇر.

— مەھمۇد كاشغەرى

تۇغاردىن ئېسسە كەلدى باھار يەلى،
ئاچۇن بېزەشكە ئاشتى جەننەت يولى.
ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىغا،
بالىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

يازدىق، تاغ، قىر، ئورمان تۇشەندى يېپىپ،
تۇزەندى قولى، قاشى كۆك ـ ئال كىيىپ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۈن ھەمەلگە كىردى ئەرسە كەلدى ئالەم نەۋرۇزى،
كەچتى بەھمەن زەمھەرىر قىش قالمادى قارى ـ بۇزى.

كۈن كېلەر مىڭ كۆركى ئارتىپ، تىرىلۇر ئۆلمىش جاھان،
تاڭ بەدىزلەپ نەقىشى بىرلە بېزەنۇر بۇ يەر يۈزى.

تاڭ ئاتاردا تۆت سەرىدىن ئەسنۈيۇر بادى سابا،
كىك تۈزەر كىندىك يىپارتەك يىدلارنۇر يابان ـ يازى.

تەرلىگى ئەپكۈن ـ ياغمىزدىن، ئويۇغى ياشىل ـ قىزىل،
ئاراسى پۈتاق ـ ياپۇرغاق، ئال چېچەكلەر تۈپ ـ تۈزى.

ئۆرلەسە يىغلاپ بۇلۇتلار، گۈل چىقار بوستانۇ – باغ،
تال ـ يىغاچلار يەڭ سالىشۇر، ئويناپۇر بەگ، باي قىزى.

كىرشەنى، قىرقانى ئەگلىك ياقسا تاغلار سۈرەتى،
تونلۇغى تانسۇق تاۋاردىن روم، قىتاي ئەتلەس ـ چۈزى.

لالە ساغراقتىن ئىچەردە سايرار ئۈسرۈپ ساندوۋاچ،
تۇرنا ئۈن تارتىپ ئۆتەردە سەكرەشۇر پاقلان قوزى.

كۆكدە ئويناپ قول سالىشۇر قوغۇ، قاز، قىل، قارلۇغاچ،
يەردە يۈگرۈپ، جۈفت ئالىشۇر ئاس، تىيىن، كىش، قۇندۇزى.

نەي شېكەرلەر مىنبەرىدە تۈتى قۇش مەجلىس تۇتار،
قۇمرى، بۇلبۇل مۇقرى بولۇپ ئۈن تۈزەر تۈن ـ كۈندۈزى.

بىر ياغىز يەر كۆك مەڭزىلىك ياشىنا يۇر مەيدان بولۇپ،
ئوغراشۇر ئايتەك چېچەكلەر تەگرەسىدە يۇلتۇزى.

ھۇرى ئىيىن ئۇجماق ئىچىندە يەڭ سالىپ تەھسىن قىلۇر،
ياز ئۈزە مۇنداق غەزەلنى ئايدى ناسىر رابغۇزى.

— رابغۇزى

ساقىيا، كەلتۇر مەيى گۈلگۈنكى خۇش دەمدۇر بۇ كۈن،
ئالەمى گەر خۇندەئى نەۋرۇزى ئالەمدۇر بۇ كۈن...

قامەتى گۈلبۇن چىمەنلەر سەھنىدە تەزىم ئۇچۇن،
ساقىي گۈلرۇخ بىكىن سەرۋ ئالدىدا ھەمدۇر بۇ كۈن.

يەر يۈزىندە گۈلشەنۇ – باغۇ باھارۇ – باغچە،
گۈلبەزى خەزرا مەڭىزلىك سەبزۇ خۇر رەمدۇر بۇ كۈن.

ھەر كىشىگە كىم مۇيەسسەردۇر پەرىۋەش يار ئىلە،
جۇرئەئى نوش ئەيلەمەك ھاشاكى ئادەمدۇر بۇ كۈن.

كىمگە كىم بولسا ساپالى بىرلە مەيدىن جۇرئەئى،
ئۇشبۇ توققۇز شىشەدىن كۆڭلىگە نەغەمدۇر بۇ كۈن.

سەلسە بىلۇ كەۋسەرو مائى مەيىن كەلتۈرسەلەر،
جامى مەي مەجلىسىدە بارچەدىن مۇقەددەمدۇر بۇ كۈن.

كەل دەمى مەيخانەنىڭ بەيتۇل – ھىرامىن قىل تەۋاف،
كىم، سەنەملەر لەئىلىدىن مەي ئابى زەمزەمدۇر بۇ كۈن.

ئەي ئاتايى، بولما غافىل، بىر نەپەس ھەمدەم تىلە،
ئۆمرىنى ھەمدەم كەچۈرمەكلىك بەسى كەمدۇر بۇ كۈن.

— ئاتايى

مۇۋافىق كىيدىلەر بولمىش نەۋرۇز ئىلە بەيرەم،
چىمەن سەرۋى ياشىل خىلئەت مېنىڭ سەرۋى رەۋانىم ھەم.

(«فەۋائىدۇل كىبەر»)

* * *

ۋەسىل ئارا، كۆردۇم، تەڭ ئىمىش بويى يۇ ساچى،
تۈن - كۈن تەڭ ئىكەن زاھىر ئولۇر بولدى چۇ نەۋرۇز.

* * *

ئەي يۈزۈڭ باغى نەسىمدە ھەۋايى نەۋرۇز،
لەئلى تاجىڭ بولۇپ ئۇل باغدا بوستان ئەفروز.

زۇلفى رۇخسار ئىلەكامىمغا مېنى يەتكۈزسەڭ،
ھەر تۈنۈڭ قەدىر ئولۇبان، ھەر كۈنۈڭ ئولسۇن نەۋرۇز.

(«بەدايىئۇل ۋەسئەت»)

— ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايى

## 2

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،
سىزگە بولسۇن قۇتلۇق كۈن.
پەسلى جاھان ھوت كەلدى،
جۇتلار ئۆتۈپ قۇت كەلدى.

نەۋرۇز كەلدى نۇر بولدى،
ھەممە جانلىق ھۆر بولدى.
ھەي خالايىق شادلىنىڭ،
كەسىپ ـ كارغا ئاتلىنىڭ.

ھەمەلدە بىلىپ ھەپتىنى،
تۇتۇپ نەۋرۇز پەيتىنى.
ئەمىلىڭ بولسۇن ساۋاب،
ئەجدادنى قىلغىل تاۋاپ.

دېھقان دەرھال كەتمەن ئال،
يەرگە ساپان، ئۇرەن سال.
چەش دۆۋىلەنسۇن خامانغا،
بۇغداي تولسۇن باداڭغا.

باغۋەن بولساڭ باغ ـ راغ قىل،
باغدىن رىزقىڭنى تاغ قىل.
مالچى كۆپلەپ تۆل بولسۇن،
سۈت ـ قايمىقىڭ مول بولسۇن.

باپكار بولساڭ يىپ ئۇلغا،
بۆز ـ چەكمەننى خوپ تولغا.
تۆمۈرچى تاۋلا كەتمەننى،
تاپ ھۈنەرگە زوقمەننى.

ماشىنىچى راستچىل بول،
ھۈنىرىڭدە ئەپچىل بول.
موزدۇز تارتقان بېخىنى،
خۇدا بەرسۇن سېخىينى.

ئاشپەز بولساڭ تەمىلىك قول،
غەللىدە بولۇر كۆپ پۇل.
زەرگەر كۆرسەت ھۈنەرنى،
قېتىش قىلما مىس ـ زەرنى.

تىجارەتچى سەپەر قىل،
ھارام مالدىن ھەزەر قىل.
تامچى ـ خارەت بىنا قىل،
ئەلگە ئوبدان پاناھ قىل.

موللا بولساڭ ئوقۇپ يە،
نېسسۇەڭنى ئوقۇپ يە.
قازى ـ مۇپتى ھەق سۆزلە،
شەرىئەتتىن نەق سۆزلە.

ھاكىم بولغىل دادىخاھ،
ئەلگە دائىم خەيرخاھ.
ئۆم بولايلى خالايىق،
قىلمايلى ئىش نالايىق.

يۇرت ـ يۇرتلار بولغاي ئاۋات،
مەئىشەت توق، كۆڭۈل شاد.
ئەل ـ كۈن ھامان ئامان بول،
ئامان بولغىن، ئامان بول.

3

نەۋرۇز مەزگىلىدە ئۇستىكارلار شاگىرتلىرىغا، مولا ـ ئۆلىمالار تالىپلىرىغا نەۋرۇزنامە يازغاندا ۋە ھۇنەر ـ كەسىپ ئۆگەتكەندە ئېيتقان قوشىقى:

كەلدى نەۋرۇز ئەيش بۇنياد ئەتكىلى،
بارچە ئادەم كۆڭلىنى ياد ئەتكىلى.

قىز ـ ئوغۇل مولاسىدىن ئېلىپ دۇئا،
مۇشكۇلاتتىن ئۆزىنى كۇشاد ئەتكىلى.

ئوقۇ، ئىلمى تالىپ بول ھەق يولىدا،
جاھالەتتىن ئەلنى ئازاد ئەتكىلى.

ئەل ئىچىدە بولسۇن ئېرپان ـ مەرىپەت،
ئۆم بولايلى يۇرتنى نىجات ئەتكىلى...

4

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى،
كۈن بىلەن تۈن تەڭ بۇگۈن.
ھەربىر يۇرتتا تەنتەنە،
دوست ـ يارەنلەر جەم بۇگۈن.

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى،
قويماي قىشنى مەيلىگە.

قىز - يىگىتلەر جورىسى بولۇپ،
چىقتى ئاخشام سەيلىگە.

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى،
تۇمۇچۇق كۆي باشلىدى.
دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھ،
يېشىللىقتا ياشنىدى.

كەلدى نەۋرۇز، يىل بېشى،
يېڭى ئەييام، ئەسسالام.
ساخاۋەتلىك ئانا يەر،
ئەھلى ئالەم ئەسسالام.

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى،
كەتتى كۆڭۈل ھەسرىتى.
نەۋرۇز بىلەن كېلىدۇ،
ئەھلى يۇرتنىڭ ئامىتى.

نەۋرۇز كەلدى جاھانغا،
بېرىپ ئېيتقىن ئاتاڭغا.
ئاتاڭ بەرسۇن بىر تەڭگە،
ئاپىرىپ بەرگىن موللاڭغا.

كەلدى نەۋرۇز كەلدىلەر،
ئەيشى ئارام ئەتتىلەر.
بارچە ئادەم كۆڭلىنى،
شادۇ - خۇرام ئەتتىلەر.

شاراپەت كۆپ نەۋرۇزدا،
جاھان بولۇر ئەرزانلىق.
تويۇنغۇدەك سۇ ئىچىپ،
مايسىلار بولۇر دانلىق.

يىل بېشى نەۋرۇز كۈنى،
ئالەم گۈلىستان بولغۇسى.
ئاسماندىن يەر يۈزىگە،
ئابۇ رەھمەت ياغقۇسى.

# 10 ـ باب
# قارلىق قوشاقلىرى

قارلىق تاشلاش ئويۇنى ــــ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ھەر يىلى ياغقان تۇنجى قارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان بىر خىل مىللىي ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىدۇر. بۇ ئويۇننىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، كىشىلەر بىر يىللىق تېرىقچىلىقنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ھاردۇقىنى چىقىرىش، بىر يىل ئىچىدە تارتقان جاپالىق مېھنەت ئازابىنى روھىي جەھەتتىن يەڭگىللىتىش، قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ، كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بالدۇر باشلىنىشىنى، تۇرمۇشنىڭ تۇنجى ياغقان قارغا ئوخشاش ئاق ۋە پاكىز بولۇشىنى ئارمان قىلىپ ئىجاد قىلغان. قارلىق قوشاقلىرىغا بەزىدە قارنىڭ يېغىشى «ئاللانىڭ ئىلتىپاتى»، «خۇدانىڭ رەھمىتى» دېگەن مەزمۇنلار سىڭدۈرۈلۈپ، تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، كەڭ خەلقنىڭ قار ئېرىپ، باھار باشلىنىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلىگەن.

تەڭرىنىڭ چىن رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەھمىتىدىن بەندىلەرگە پەزلىتىن قىلدى ئاشكار.

قىش بولسا ئالەم خەلقىگە رەسمىي بولۇپتۇر قائىدە،
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق، قەدىمدىن بارۇ ــ بار.

* * *

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
يېڭى قارنى ياغدى دەپ،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن،
ئويۇن ـ مەشرەپ باشلىدۇق.

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
كۆڭلىمىزنىڭ يېقىنلىقىدىن،
يالغۇز سىزنى تاللىدۇق.

تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،
تاپالمىغىنى چۈجە، خوراز.
تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر،
تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.

*   *   *

غەم قىلمىغىن ئامەتتىن،
جابدۇق ھەممە تەييار دۇر.
شۈكۈر، ئالەم توقچىلىق،
ئاش ـ نان دېگەن كەڭرى بار.

قوتاندا قوي، تاغاردا ئۇن،
ساندۇقتا پۇل، خىزمەتتە قۇل.
لازىملىقتۇر يەل ـ يېمىش،
قەندۇ، شېكەر بازاردا بار.

*   *   *

18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەن (ئىلچى) شەھىرىدە ياشىغان، «مىسكىن» سۆزىنى تەخەللۇس قىلغان ئۇيغۇر شائىرى موللا ھەيدەر قارلىق تاشلاشنىڭ ئىجتىمائىي رولى ھەققىدە مۇنداق يازغانىدى:

قار زەررىسىچە رەھمىتى سۇبھان بولمىش،
ئالەم يۈزى قار بىرلە گۈلىستان بولمىش.

سادىقلار دوست سۆھبەت ئېتىپ رازىبىلە،
ئۈلپەت بىلەن بىر ـ بىرىگە مېھمان بولمىش.

تەكلىپ قىلىپ ئاشىق ئىلە مەشۇقلار،
بۇلبۇل كەبى نەغمە خۇش ئەلھان بولمىش.①

① «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1988 ـ يىللىق 1 ـ سان، 86 ـ بەت.

## 11 ـ باب
## مۇچەل قوشاقلىرى

مۇچەل ــ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆز كالېندارى، ئۆز ۋاقىت ـ يىللىرىنى 12 دىن ئىبارەت دەۋر تەرىزىدە تۈزگەن ۋە ئۇلارنى ھايۋانلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىغان ۋاقىت تەرتىپىدۇر. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، يىللارنىڭ مۇنداق مۇچەللەرگە ئايرىلىپ ئاتىلىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھازىرغىچە 4000 يىلدىن ئاشىدىكەن.①

«مۇچەل قوشاقلىرى» ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كالېندار مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىدا مەڭگۈ يادىكارلىق سۈپىتىدە ساقلىنىدۇ. «مۇچەل قوشاقلىرى» ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، تارىخىيلىقى بىلەن تارىخىي قوشاقلارنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان رولغا ئىگە.

### 1

يىل بېشى چاشقان ئىكەن،
ئۇيلىرى مۆرەپ كېلىدۇ.
يولۋىسى يولدا يېتىپ،
توشقىنى سەكرەپ كېلىدۇ.

دەريادا بېلىق ئۈزۈپ،
يىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ.
ئالدىدا ئات ماڭسا،
قوي كەينىدە مەرەپ كېلىدۇ.

مايمۇنى ئويناپ ماڭار،
توخۇسى چىللاپ كېلىدۇ.
ئىتلىرى ھاۋشىپ يۈرەر،
توڭگۇزى خورداپ كېلىدۇ.

### 2

مۇچەل باشلاپ چاشقان كېلۇر،
كالا، يولۋاس، توشقان كېلۇر.

① «مىڭباي ئىسقاقبارىپ «قەدىمكى قازاق كالېندارى» ناملىق ئەسىرىدە: «12 مۇچەل 3 ~ 5 مىڭ يىل بۇرۇن پەيدا بولغان» دېسە، تارىخشۇناس ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان: «4 مىڭ يىل بۇرۇن قوللىنىلغان.» دەپ يازغان. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

بېلىق ئويناپ سۇزۇك سۇدا،
ئەجدىھادەك يىلان كېلۇر.
ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە،
ئۇنى دوراپ مايمۇن كېلۇر.
توخۇ چىللاپ، ئىتلار قاۋاپ،
توڭگۇز دېگەن يامان كېلۇر.

3

مۇچەل قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى:

ساچقىنى سويلاپ،
ئۇيلىرى مۆرەپ كېلىدۇ.
يولدا يولۋاس، توشقىنىنى،
تويلاپ كېلىدۇ.

دەريادا بېلىق،
يىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ.
ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە،
مۆرەپ كېلىدۇ.

مايمۇنى مويلاپ،
توخۇسى چىللاپ كېلىدۇ.
ئىتلىرى قاۋاپ،
توڭگۇزى تويلاپ كېلىدۇ.

# 12 ـ باب

# لاي ـ لاي قوشاقلىرى

«لاي ـ لاي قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ شۇنداقلا ئەمگەك قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. بۇ قوشاقلار خامان ئېلىش جەريانىدا ئېيتىلىدۇ. ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە يازلىق يەغىم مەزگىلىدە، ھەممە ئائىلە، ھەممە دېھقانلار ئات ـ ئۇلاغلىرىنى قوشۇپ، بۇغدايىنى يانجىتىپ، خامان ئالاتتى، ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جاپادا بىر يىل ئىشلەپ تاپقان دان ـ ئاشلىقىنى تىكىنخورلار، باي ـ دورغىلار ماراپ يۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، بىچارە دېھقانلارغا سامانلا قالاتتى. بۇ قوشاقلارغا تارىخىي، سىنىپىي مەزمۇن ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

«لاي ـ لاي قوشاقلىرى» ـــ بۈگۈنكى كومبايىن، تراكتور، ماشىنىلار بىلەن قىلىنىدىغان زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يېڭى قىياپىتى بىلەن ئۆتمۈشتىكى قالاق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن بىر روشەن سېلىشتۇرما. بۇ قوشاقلار ياش ئەۋلادلارغا ئەمگەكنى سۆيۈش، ئەمگەك مېۋىلىرىنى قەدىرلەش، جاپاكەش دېھقانلارنى قەدىرلەش، ئاشلىقنىڭ قەدرىگە يېتىش، ئىسراپچىلىق، ھەشەمخورلۇق قىلماسلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1

مال ئورۇق، ئادەم ئورۇق،
نانمۇ يوق، ساندۇق قۇرۇق.
دەسسەڭلار، يانجىڭلار،
تېز مېڭىڭلار جانىۋارلار.

لاي ـ لاي، لاي ـ لاي، لاي ـ لاي.

سەنمۇ غېرىب، مەنمۇ غېرىب،
چۆلگە بۇغدايىنى تېرىپ،
خامانغا ئۆكۈزنى قېتىپ،
لاي ـ لاي ئېيتقان شاھ غېرىب.

لاي ـ لاي، لاي ـ لاي، لاي ـ لاي.

بىر باش بۇغداي، بىر قوشۇق ئاش،
تېرىپ ئېلىڭلار.
خامان تەييار، باغنى يىغىپ،
ئاياغ سېلىڭلار.

لاي ـ لاي، لاي ـ لاي، لاي ـ لاي.

نىيەت قىلىپ ئاياغ سالدۇق،
خۇدا قوللىسۇن.
بەخت ـ ئامەت ئاتا قىلىپ،
خىزىر دارىسۇن.

لاي ـ لاي، لاي ـ لاي، لاي ـ لاي.

2

دەسسەڭلار، يانجىڭلار، جانىۋارلىرىم،
مەيدان بولسۇن.
داننى ئايرىپ، چەشلەڭلار، جانىۋارلىرىم،
خامان بولسۇن.

لاي ـ لاي، لاي ـ لاي، لاي ـ لاي...

قۇيرۇقلىرىڭ سۈپۈرگە بولسۇن،
قورساقلىرىڭ تاغار بولسۇن،
ھالايلاڭەي، كالايلاڭ،
قۇلاقلىرىڭ گۈرجەك بولسۇن،
مۈڭگۈزلىرىڭ ئارا بولسۇن،
تۇياقلىرىڭ پايخان بولسۇن.
دەسسەڭلار، يانجىڭلار، جانىۋارلىرىم،
خامان تولسۇن.

لاي ـ لاي، لاي ـ لاي، لاي ـ لاي...

3

قارا ـ قارا قاغىلار،
مەيدەيا ـ مەيدە.
قارنى كۆرسە يورغىلار،
مەيدەيا ـ مەيدە.

ئۆيۈك قۇرغۇر دورغىلار،
مەيدەيا ـ مەيدە.
خامان كۆرسە يورغىلار،
مەيدەيا ـ مەيدە.

مەيدە قىلغىن ئۇۋۇتۇپ،
مەيدەيا ـ مەيدە.
سەن ـ سەن مېنىڭ قۇۋۇىتىم،
مەيدەيا ـ مەيدە.

كېلىشمەكتە ئىشانلار،
مەيدەيا ـ مەيدە.
سەللىسنى يۆگىشىپ،
مەيدەيا ـ مەيدە.

## 13 ـ باب
## كۆك ( مايسا) مەشرەپى قوشاقلىرى

مەشرەپ ـــ قويۇق مىللىيلىككە، كەڭ ئاممىۋىلىققا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان پائالىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

«كۆك (مايسا) مەشرەپى قوشاقلىرى» ـــ تۇرپان، پىچان، قۇمۇللاردا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. ئۇ قىش پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەنلا ھەربىر ئائىلىدە ئۆستۈرۈلىدىغان بۇغداي مايسىلىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىدا ئوتكۈزۈلىدۇ. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتلىق باشلىنىدىغان پەسىل ـ مەۋسۇملار بىلەن تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قىشلىقى ئۇندۇردىلەر ئۆيدە بىر دانە بۇغداينى،
سۇغىرىپ مايسا قىلدىلەر شۇ دانە بۇغداينى.

كىم بولسۇن شۇ مايسىدەك بەلەن بوي تارتىپ،
كېچە ـ كۇندۇز ياد ئېتىپ ئۆتسۇن خۇدانى،

چىللە زىمىستاندا ئۇنەر سەۋزە بىمارنىڭ ئەگىلى،
ياخشىلارنىڭ مەھەللىسىدە زەدەك ئۇنەر قىشلىقى.

قىشلىقى ئۇنگەن چېچەكنىڭ تەرىپى نازۇك بولۇر،
سۇغىرىپ گۈل ئۆزگىلى ئالغان كىشى ئاشىق بولۇر.

تام چېچەك تامدىن ئېگىز، بارمۇ بۇ ئۆيدە چېچەك؟
كۆرگىلى كۆكلۈك تامدىن، بىر ئېگىز مايسا چېچەك؟

بۇ چېچەكنىڭ تەرىپىنى موم بىلەن نام ئەيلىدۇق،
قىش ـ زىمىستاندا ئۆزلەگە، تۆھپە ـ سوۋغا يوللىدۇق.

## 14 ـ باب
## دەررە ئويۇنى قوشاقلىرى

دەررە ئويۇنى ــ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك بىر خىل ئەنئەنىۋى شەكىل. دەررە ئويۇنى چىرايلىق ئېشىلگەن دەررە (ئارقان) ئارقىلىق ئوينىلىدىغان، كىشىلەردىن چاققانلىقنى، سەزگۈر ـ هوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت قىزغىنلىقىغا مۇھەببەت بىلەن جاۋاب بېرىشنى كۈتىدىغان كۆڭۈللۈك ئويۇندۇر.

«دەررە ئويۇنى قوشاقلىرى» ــ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە كەڭ ئېيتىلىدىغان قىزىق، جەلپكار قوشاق بولغاچقا، تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، تارىخي داۋاملىشىشچانلىقى بىلەن خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش، تەتقىق قىلىش ۋە بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چىڭىماس قۇلۇپ، پەررىسى بولمىسا،
قىزىماس مەشرەپ، دەررىسى بولمىسا.
بۇگۈنكى سورۇن، كۆڭۈللۈك مەشرەپ،
ئەمەستۇر ياكى تۈغى يوق بەرە.
تالىشىپ ئويىنساق قانداق؟
يىپەكتىن ساز ئېشىپ دەررە.

خۇشلۇق بىلەن ئېلىپ كەلدۇق،
دوستلارغا ئاتاپ دەررە ئېشىپ.
ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز بىرگە ــ
ئوينىساق دەپ ئۇنى تالىشىپ.

*　　*　　*

دەررە ئېشىپ يىپەكتىن،
ئىزدەپ كەلدىم يۈرەكتىن.
تەگسە دەررەم يارىمغا،
ئۆتۈپ كەتسۇن سۆڭەكتىن.

كېلىپ قالدى دەررىمىز،
تۈرۈلمىسۇن تەرىڭىز.
بۇ مۇھەببەت قامچىسى،
يوقتۇر سىلىگە قەھرىمىز.

ئىشىك ئالدى يوللىرى،
زەيتۇن تاۋاردا تونلىرى.
دەررە ئېلىپ كېپ قالدۇق،
تېگەرمىكىن چوللىرى.

# 15 ـ باب
# سەيلە ـ ساياھەت قوشاقلىرى

«سەيلە ـ ساياھەت قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتنى مەزمۇن قىلغان قوشاقلار بولۇپ، ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، تارىخىيلىكى بىلەن زور قىممەتكە ئىگە.

سەيلە ـ ساياھەت ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان، مىللىي خاراكتېرى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش تۈرىدۇر. باغ سەيلىسى، قوغۇن سەيلىسى، ئەنجۈر سەيلىسى، ئۈجمە سەيلىسى، ئۆرۈك سەيلىسى، قىزىلگۈل سەيلىسى قاتارلىق سەيلە ـ ساياھەتلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ سەيلە ـ ساياھەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى جەم قىلىدىغان، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئۆز ئارا قەلب ئىزھار قىلىپ مۇڭدىشىدىغان، كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، يېڭىلىقتا ئىنتىلدۈرۈپ، كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغان. بۇ سەيلە ـ ساياھەتلەردە قوشاق ئېيتىش، نەغمە ـ ناۋا قىلىش، داستان، مۇقام ئېيتىش، رەسىم سىزىش، بېلىق تۇتۇش قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرى كەڭ ئېلىپ بېرىلىپ، كىشىلەرگە ھەقىقىي زوق ئاتا قىلىدۇ، ئادەملەر بىلەن گۈزەل تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت كۈچەيتىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ قىزىلگۈل سەيلىسىدە ئېيتقان قوشىقى:

ئاق تىكەندىن شېكەر ئالدىم،
كۆك تىكەندىن لەيلى گۈل.
سەن يارىڭغا ئالما بەرسەڭ،
مەن يارىمغا دەستە گۈل.

دەستە گۈلنى يارغا بەردىم،
غۇنچىسى، بەرگەم بىلەن.
سەن تېخى نادان ئىكەنسەن،
مەن تېخى ئەھدەم بىلەن.

باغدىن چىقىپ كەلدى بىر قىز،
قىزىلگۈلنى ئارىلاپ.
كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ،
گۈل ئارىسىدىن مارىلاپ.

مەن شۇ گۈلنى قىزغا سۇندۇم،
خۇش كۆرۈپ ئالۇرمۇ دەپ؟
مېھىر باغلاپ كۆڭۈل بەردىم،
مېھرىبان بولۇرمۇ دەپ؟

غۇنچىنى مارجانغا قوشسام،
زەر ـ زەر ھالقا بولغايمىكىن؟

چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەرسەم،
مېھرىبان بولغايمىكىن؟

لەيلى ـ مەجنۇن شاخلىرىدەك،
يار ئېگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ ئالغىن جېنىمنى،
يا كۆڭۈل بەرگىن ماڭا.

ئاق تىكەن گۈر ـ گۈر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
ئىشقى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
ئىشقى يوقنىڭ كارى يوق.

يىڭنە بىلەن يىپقا تىزدىم،
غۇنچىنى مارجانغۇ دەپ.
بۇ بېيىتنى سىزگە يازدىم،
ھەممىدىن چېچەنغۇ دەپ.

كۆل بويىدا كۆرپە قىياق،
سايىسى كۆلگە چۈشەر.
سېكىلەك، چاققان خېنىمنىڭ،
ھاجىتى بىزگە چۈشەر.

كىشىلەرنىڭ باغ سەيلىسىدە ئېيتقان قوشىقى:

مەردلەر قويار مەيلىگە،
بارايلى دوستلار سەيلىگە.
بۇ ئالەم ئۆزۈن ئالەم،
كىرمە ئەسكى كەينىگە.

ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى،
باغدا بارمىكىن لەيلى؟
كېلەمدۇ يا كەلمەمدۇ؟
يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

باغقا كىرىپ گۈلزاردىن،
گۈلدەستە تۇتاي دەيمەن.
مېھرىبان شۇ يارىمنىڭ،
كۆڭلىنى ئۇتاي دەيمەن.

باغقا كىرسەم بۇلبۇللار،
ھەر تەرەپتىن سايرايدۇ.

جېنىمغىنە شۇ يارىم،
شاخ ئاستىدىن مارايدۇ.

باغقا كىرىپ گۈلزارنىڭ،
باغۋىنى بولاي دەيمەن.
شۇ گۈلزاردا مەڭگۈگە،
يار بىلەن قالاي دەيمەن.

باغۇ بوستانىڭدا مەن،
سايدىن ئۆتسەڭچۇ يارىم؟
گۈل پۇراقىدەك پۇراپ،
ئالدىمدىن ئۆتسەڭچۇ يارىم.

تاڭ ئاتارغا يول سالدىم،
گۈلباغقا بارارمەن دەپ.
دەستە ـ دەستە گۈل تىزدىم،
يارىمغا تۇتارمەن دەپ.

ئەجەبمۇ پىشىپ كەتتى،
يېڭى باغدا جىنەستە.
سەن يارىم چىرايلىققا،
تىزىپ قويدۇم گۈلدەستە.

بېغىڭدىكى ئېتىزنىڭ،
چۆرىسىدە بېدە بار.
يۈرىكىمنى كۆرۈپ باق،
ساڭا كۆيگەن زېدە بار.

باغقا كىرسەم باقىدۇ،
بۇلبۇل قاناتىن قاقىدۇ.
يارنىڭ قىلغان گەپلىرى،
جانغا ئوتنى ياقىدۇ.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
جامالىڭنى بىر كۆرۈپ،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

ئالما بېرىمەن يەمسەن؟
بېھى بېرىمەن يەمسەن؟
سەيلە قىلىلى يارىم،
ئۆلگۈچە مېنى دەمسەن؟

# ئۇنىنچى قىسىم
# ئاشىق ـ مەشۇقلار ھەققىدىكى قوشاقلار

## 1 ـ باب
## چىن مودەن قوشاقلىرى

چىن مودەن ھەققىدىكى قوشاقلار ــــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا قوشاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ داستان سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان.

چىن مودەن ۋەقەسى 17 ـ ئەسىردە، تۇتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى يۈسۈپ ۋاڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن. چىن مودەننىڭ ئەسلىي ئىسمى شەرۋانۇم بولۇپ، يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئاختا ئېتىنى باقىدىغان باغداشلىق تاشپولات مىراقۇل ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىكەن. ئۇ ئەقىللىق، گۈزەل قىز بولغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شەرۋانۇمنى ئۆز يېزىسىدىكى مەردان دېگەن بىر قابىل يىگىت بىلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنى ئويلاشقانىكەن. دەل شۇ پەيتتە، ۋاڭنىڭ ئادەملىرى شەرۋانۇمنىڭ ئەلەڭگۈچ ئۇچۇپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، قۇمۇل ۋاڭغا ماختاپ بېرىپتۇ. يۈسۈپ ۋاڭ: «شەرۋانۇمنى ئوردىغا ئەكىلىڭلار!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، 20 نەچچە ئادەمنى باغداشقا ئەۋەتىپتۇ. بەگ ـ سىپاھلار شەرۋانۇمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇنى ۋاقتىنچە ئوردا خىزمەتچىلىكىگە ئەكېتىشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ يالغان سۆزلەپتۇ. ئىشنىڭ تېگىنى ئۇققان شەرۋانۇم ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مەردان بىلەن بىللە قېچىپ كېتىپتۇ. يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى قوغلاپ چىقىپ تۇتۇۋېلىپ، شەرۋانۇمنى زورلۇق بىلەن ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ۋاڭ شەرۋانۇمنى ئوردىغا ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى چىن مودەنگە ئۆزگەرتىپ، خوتۇنلۇققا ئېلىپ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇپتۇ. بىراق، ئوردىدىكى تەربىيىچى ئىنىكئانا لەيلىخان چىن مودەنگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى مەردان بىلەن بىللە قاچۇرۇۋېتىشكە پىلان تۈزۈپتۇ. چىن مودەن لەيلىخاننىڭ ياردىمىدە ئەرەنچە ياسىنىپ، يېرىم كېچىدە ئارقا ئىشىكتىن مەردان بىلەن بىللە قېچىپ كېتىپتۇ. يۈسۈپ ۋاڭ 30 نەچچە چېرىكنى قوغلاشقا ئەۋەتىپتۇ. مەردان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۈچ چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئاپتۇ. بىراق، يۈسۈپ ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، چىن مودەن ۋە مەردان تۇتۇلۇپ قېلىپ، بىللە قەتلى قىلىنىپتۇ. چىن مودەننىڭ نامى شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا تارقىلىپ، تىللاردا داستان بولۇپتۇ.

«چىن مودەن قوشاقلىرى»دىن بىز 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قۇمۇل ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرىنى، ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىدىكى باتۇر، مەردانە روھىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ قوشاق زور تارىخىي، ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

ۋاڭنىڭ چېرىكلىرى مەرداننى باغلاپ، شەرۋانۇمنى ئېلىپ ماڭغاندا، شەرۋانۇمنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

باغداش تېغىنىڭ باغرىدا،
ئاقتى يامغۇر تامچىسى.
ئىككىمىزنى ئايرىغان،
يۇسۇپ ۋاڭنىڭ قامچىسى.

مەرداننىڭ ئېيتقان قوشىقى:

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
باغداشنىڭ نورى دەڭلار.
شەرۋانۇم ئۈچۈن ئۆلسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلار.

چېرىكلەر شەرۋانۇمنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى،
تاغدا قويۇڭلار.
تاغ يولى يىراق كەلسە،
باغدا قويۇڭلار.

يۈزۈمنى قىبلە تامان،
ئاچىپ قويۇڭلار.
بېشىمغا بىر دەستە گۈل،
سانجىپ قويۇڭلار.

مەن ئۆلسەم ئېتىم ئۈچەر،
بېشىمدىن شامال ئۆتەر.
مېنى دېگەن دوست ـ يارەن،
يېنىمدىن يىغلاپ ئۆتەر.

مەرداننىڭ ۋاڭ ئوردىسىدىن شەرۋانۇم (چىن مودەن)نى ئېلىپ قاچماقچى بولغاندا ئېيتقان قوشىقى:

ياز بولسا ئېچىلارمۇ؟
ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى.
كۆڭلىگە ئىنساپ سالۇرمۇ؟
لەيلىنىڭ ئۆزى مەيلى.

ئاللىيەي شەرۋانۇم،
هازىر بولۇڭلار.
تۇيۇپ قالسا دۈشمەنلەر،
هوشيار بولۇڭلار.

مەردانىنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەن چىن مودەننىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئىچىم توشتى دەردلەرگە،
قان يىغلايمەن سەھەردە.
ئۈچقىلى قانات بەرسە،
تۇرمايمەن بۇ شەھەردە.

مەردانىنىڭ قوشىقى:

شەرۋانىۇمنى كۆرەرمەنمۇ؟
ئاغزىغا سۆيەرمەنمۇ؟
يېنىدا كىشى بولسا،
ئوت بولۇپ يانارمەنمۇ؟

ئاتلارنى توقۇپ كەلدۇق،
قوش ئۇلاغنى بىز تارتماي.
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سىزنىڭ بىلەن مەن تارتماي؟

ئوردىدىن قېچىش ئالدىدا چىن مودەننىڭ ئېيتقان قوشىقى:

باغداشتا تولا توشقان،
بۇركۈتلەر ئېلىپ ئۇچقان.
ئىچىم دەردكە تولغاندا،
دەردكە پايلىماي قاچقان.

## 2 ـ باب
## ھەمرا بىلەن ئانارخان قوشاقلىرى

«ھەمرا بىلەن ئانارخان قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاقلار مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىيات ۋە تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. «ھەمرا بىلەن ئانارخان» ۋەقەسى 1891 ـ يىللىرى غۇلجا شەھىرىدە يۈز بەرگەن. ئانارخان بىر كەمبەغەل بورىچىنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا، ئەدەپلىك، چىرايلىق، ئەقىللىق قىز بولۇپ چوڭ بولغان. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىدە ئۆسكەن ھەمرا دېگەن بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. شۇ يىللاردا ئانارخانغا كۆز سېلىپ يۈرگەن سۇلتانباي يامان غەرەز بىلەن ئانارخاننىڭ دادىسى سايىت ئاخۇننى قەستەن قەرزگە بوغۇپ قويۇپ قىينايدۇ. سايىت ئاخۇن قەرزنى بېرەلمىگەندىن كېيىن ئۇنى تۈرمىگە سولىتىۋېتىدۇ. كېيىن، قىزى ئانارخاننى سۇلتانبايغا توقاللىققا بېرىش شەرتى بىلەن، ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جامائەت سۇلتانبايغا نارازى بولۇپ، ھەمرا ۋە ئانارخانلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. توي كۈنى كېچىسى ھەمرا دوستى مۇخپۇل قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پىلان تۈزۈپ، ھەرىكەت قىلىپ، ئانارخاننى قۇتقۇزۇپ تاغقا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. سۇلتانباي بۇ ئەھۋالنى لوزۇڭ ئارقىلىق ئىلى جياڭجۈنىگە مەلۇم قىلىپ، چېرىكلەرنى چىقىرىپ ئىزدەپ، ئاخىرى ھەمرا بىلەن ئانارخاننى تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلىدۇ. ھۆكۈمران دائىرىلەر ھەمرا بىلەن ئانارخاننىڭ پاك مۇھەببىتىنى قارىلاپ، ئۇلارغا نۇرغۇن گۇناھ ئارتىپ، ئاخىرى ئۇلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېيت كۈنى بەيتۇللا مەدرىسى ئالدىدا، ئۇلارنىڭ بوينىغا قوۋۇق سېلىپ، قەپەسكە سولاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

«ھەمرا بىلەن ئانارخان» قوشاقلىرى ـــ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى. بۇ قوشاقلار فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن مۇھەببەت يولىدا كۈرەش قىلغان بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ قىسمەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى ياش ئەۋلادلارنىڭ تارىخنى ئۇنتۇماي، ئەركىن مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يېتىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئانارخاننىڭ ئېغىر كۈنلەردە ئېيتقان قوشىقى:

ۋاخ يەتسە ئېچىلمامدۇ،
باغقا تېرىغان گۈللەر؟
قاچانمۇ ئەستىن چىقار،
بىز كۆرگەن ئېغىر كۈنلەر؟

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
خويمۇ كۆيىدۇ چىراغ،
ناخشا ئېيتسام ئۇن يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيلىرى يىراق.

ھەسرەت بىلەن كېلۈرمەن،
داد ئېيتىپ يار ئالدىغا.
كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى،
بايان قىلاي يارىمغا.

ئۈچۈپ كەتكەن بۇلبۇللار،
ھەمراغا سالام دەڭلار!
ئانارخان، سېنى ھەمرا،
كۈتىدۇ، بېرىڭ، دەڭلار!

*　　*　　*

ھەمرانىڭ ئانارخاننىڭ ئىشقىدا ئېيتقان قوشىقى:

بەختىم زەپ قارا ئىكەن،
بىر كۈن خۇش بولالمايمەن.
قۇرۇق تۆھمەت، يامان گەپتىن،
قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمەن.

بەختىمىز قارا ئىكەن،
بىر كۈن خۇش بولالمايمىز.
كۆڭلىمىز زېدە بولدى،
غەمدىن قۇتۇلالمايمىز.

ئانارخان سېنىڭ بويۇڭ،
ياقىدۇ ماڭا خۇيۇڭ.
سېنىڭدىن جۇدا بولسام،
ئۆلۈمدۇر مېنىڭ ئويۇم.

كۆڭلۈمدە تىلەكىم شۇ،
يار، ساڭا يېتەرمەنمۇ؟
سەن كېتىپ بۆلەك يۇرتقا،
ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟

مەن بۇگۈن نېمە بولدۇم؟
تۈگىمەيدۇ خىيالىم.
نېمە ئويلىرىڭ باردۇر؟
قارا كۆز يار - نىگارىم.

چىرايىم زەپىران بولدى،
كىشى بىلمەيدۇ ھالىمنى.
زاماندا ھەقىقەت يوق،
كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى.

بۇ قارا كۈن باشلاندى،
ئۆمرۈم زايە كېتەرمۇ؟
ئانارگۈلنىڭ غۇنچىسى،
ئەمدى توزۇپ كېتەرمۇ؟

ئاسماندىكى ئاي ـ چولپان،
ئانار ـ لەيلىگە ئوخشايدۇ.
ئەمدى يالغۇز قالدىمغۇ،
قەلبىم قاڭغىر قاقشايدۇ.

قارا كۆز ئانار گۈلۈم،
جامالىڭغا تويمايمەن.
ئىچىمدە تولا دەردىم،
كىمگە ئېيتىپ يىغلايمەن؟

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ئارغامچا،
يولدا ياتسا مەيلىمۇ؟
ئېيتىڭلار، شۇ ئانارگۈل،
گۆردە ياتسا مەيلىمۇ؟

سەپەر قىلساق ئانارخان،
بىللە سەپەر قىلايلى.
غۇنچىمىز غازاڭ بولماس،
ئۆلسەك بىللە ئۆلەيلى.

*　　　*　　　*

ئانارخانغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يۇرت ئەھلىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

گۈل ـ چېچەكتەك دوستلارنىڭ،
كۆزىدە ياش تۇرۇپ قالدى.
يەتمىدى ۋىسالغا ئەل،
بىر ناھەق ھۆكۈم بولدى.

مۇھەببەت غارىغا كىرگەن،
ئانارخان ئېتىلىپ قالدى.
دوستلىرىڭ، ئاتا ـ ئاناڭ،
پىغان ئوتىداياندى.

ئاڭلاڭلار ئەزىز دوستلار،
بۇ ھەسرەت ـ ئەلەملەرنى.

قۇتقۇزۇپ قالالمىدۇق،
ھەمرانى، ئانارخاننى.

بىز ئۆلەرمىز، ئۆلەرمىز،
تار قەپەسكە سولىنىپ.
بىللە ئۆسكەن دوستى ـ يار،
ئۆچ ئېلىشلار قوزغىلىپ.

*　　*　　*

ھەمرانىڭ دوستلىرى ئالدىدا ئېيتقان قوشىقى:

يىگىرمە ئىككى ياشىمدا،
ئاقاردى مېنىڭ باشىم.
ئۆزۈمنىڭ ئېتى ھەمرا،
مۇخپۇل ئىدى قولداشىم.

مۇخپۇلنىڭ يار ـ دوستلىرى ئالدىدا ئېيتقان قوشىقى:

يارىم بىلەن مىڭ ئۆلسەم،
ھەر ئۆلۈمىم مىڭ تويدەك.
قوزىسىدىن ئايرىلغان،
ئانام قالدى يېتىم قويدەك.

خوش، لەيلىخان، جان ئۇكام،
خوش، ئەزىز ئاتا ـ ئانام.
خوش، يارۇ بۇرادەرلەر،
خوش، بىزگە تونۇش يەرلەر...

ئانارخاننىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان قوشىقى:

لەيلىخان سىڭلىم،
مۇڭدىشىم ئىدىڭ.
ئالغىن زالىمدىن،
جىق ئۆچۈم مېنىڭ.

ئاڭلاڭلار دوستلار،
روھىمىز قالدى.
بايلاردا سانىمىز،
ئۆچىمىز قالدى.

تۈنلەرمۇ ئۆتۈپ،
كېلەر كۈنىمىز.
شۇ چاغدا بىزنىڭ،
ياڭرار ئۈنىمىز.

## 3 ـ باب
## گۈلەمخان ھەققىدە قوشاقلار

«گۈلەمخان ھەققىدە قوشاقلار» ـــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدىكى نادىر قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاق ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىكى، تارىخىي قىممىتى بىلەن خەلق قەلبىدە ھازىرغىچە ياشاپ كەلمەكتە.

گۈلەمخان ۋەقەسى 1820 ـ يىلىدىن 1825 ـ يىلىغىچە ئىلى دەرياسى بويىدىكى «ئويمانبۇلاق» دېگەن جايدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەدۇر. ئويمانبۇلاقتا بىر كەمبەغەل دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلەمخان ۋە زىلەمخان دېگەن ئىككى ئاچا ـ سىڭىل قىزى بار ئىكەن. چوڭ قىزى گۈلەمخان تېخى 15 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئەنگەن چولاق دېگەن بىر قېرى شاڭيو مەجبۇرىي ھالدا توقاللىققا ئالماقچى بولىدىكەن. لېكىن، چىرايلىق، ئەقىللىق، جاسارەتلىك گۈلەمخان شاڭيونىڭ پوپوزا قىلىشى ۋە قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاسىتىلىرىگە پىسەنت قىلماي، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن ھەمدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، ۋىجدانلىق يىگىتى بىلەن قېچىپ كېتىدىكەن. بىراق، زالىم شاڭيو ئۆزىنىڭ چاكارلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ قاچقان يولىغا مۆكۈنۈپ، ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق ئۇرۇپ ئازابلايدىكەن. يىگىت قاتتىق تاياقتىن زەخمە يەپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن، گۈلەمخان ئادالەتسىز زامانغا نارازى بولۇپ، ئەركىن مۇھەببىتى يولىدا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق مۇرادىغا يېتەلمەي، ئالەمدىن ئۆتىدىكەن.

«گۈلەمخان ھەققىدە قوشاقلار» ـــ يالغۇز تارىخىي قوشاقلار بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي ـ مەرىكە سورۇنلىرىدا ئېيتىلىدىغان مۇڭلۇق قوشاقلار سۈپىتىدىمۇ، خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ قوشاقلاردا گۈلەمخاننىڭ باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرى ۋە مەزلۇم خەلقىنىڭ گۈلەمخان ۋە ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتىگە ئىچ ئاغرىتىپ، زالىم بەگ، شاڭيولارغا نەپرەت بىلدۈرۈش، ئادالەتسىز زاماندىن قىساس ئېلىش ۋە يېڭى، بەختىيار كۈنلەرگە تەلپۈنۈش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«گۈلەمخان ھەققىدە قوشاقلار» ـــ تارىختىن بۇيان يەنە نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈملىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرىنى يەكۈنلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا كاتتا قىممەتكە ئىگە.

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى،
يەرگە تېگەمدۇ؟
ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

گۈلەمخېنىم چىقىپ بېقىڭ،
بوۋاڭ كېلەدۇر.
ئۆز خېلىنى تاپماي كىممۇ،
ئەرگە تېگەدۇر؟

كىمنىڭ كىمنى يار تۇتۇشىنى،
ھەركىم بىلەمدۇ؟
ئۆزى سۆيمەي، مەيلى بولماي،
ئەرگە تېگەمدۇ؟

گۈلەمخاننىڭ تۇرغان يېرى،
ئويمانبۇلاقتۇر.
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان،
شاڭيو چولاقتۇر.

گۈلەمخاندىن باشقا قىزنى،
قېرى ئالامدۇ؟
گۈلەمخېنىم چولاقلارغا،
زايە بولامدۇ؟

قويلىرىمنى ھەيدىۋەتتىم،
ئويمانبۇلاققا.
گۈلەمخاننى تۇتۇپ بەردى،
شاڭيو چولاققا.

گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى،
يەرگە سۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار،
قانغا ئۆرۈلدى.

چىقىپ باقسام گۈلەمخېنىم،
تويۇڭ كېلەدۇ.
ساڭامىكىن، ماڭامىكىن،
تەقدىر بىلەدۇ.

ئالتە ـ يەتتە كەپتەرلىرىڭ،
قوندى تېرەككە.
تاۋار توندا ئالتۇن تۈگمە
پاتتى يۈرەككە.

تورۇق ئاتنىڭ يۇگەننى،
نەخور[①] ئۆرۈگەن؟
گۈلەمخاننىڭ توي كۈنىدە،
باشىم چۆرۈگەن.

① نەخور ــ كىم ياسىغان مەنىسىدە.

گۈلەمخاننىڭ كىيگەن ئەگىنى،
تاش پېشى سولجۇر.
قېرى بىلەن ياتماڭ ھەرگىز،
ساقىلى سانجۇر.

گۈلەمخېنىم ئوبدان بالا،
چېچى ئاز ئىكەن.
گۈلەمخاننى ئالغان شاڭيو،
تۇتەك تاز ئىكەن.

كىچىك قىزنى زورلاپ ئالسا،
ئۇۋال بولمامدۇ؟
گۈلەمخېنىم شاڭيولارغا،
زايە بولمامدۇ؟

يار تۆۋدە ئۆيلەر بولسا،
ئوينىسا، كۈلسە.
قەدىر بىلگەن يار يېنىدا،
ئولتۇرسا، ئۆلسە.

ئەتە بىلەن كۈن قىزىرىپ،
بۇلۇت تالىشۇر.
ياخشى بىلەن بولسا بىللە،
ئەجەب يارىشۇر.

قارا كۆڭۈل زالىم شاڭيو،
ئالدىرىما تېخى.
بوينۇڭدا بار گۈلەمخاننىڭ،
قىزىل تىرنىقى.

راھەت كۆرۈش زالىملارنىڭ،
ھەققى دېمەڭلار.
ئەلەم تارتىش كەمبەغەلگە،
باقىي دېمەڭلار.

ئامان بولساق يوقىتارمىز،
شاڭيو قېرىنى.
سۆيىدىغان زامان كېلۇر،
ھەركىم يارىنى.

# 4 ـ باب
## گۇلدەسخان ھەققىدە قوشاق

«گۇلدەسخان ھەققىدە قوشاق» ـــ قۇمۇل دىيارىدا ناخشا سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىرى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ قارادۆۋىدە مايـاقبەگ ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۇلدەسخان ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز شۇ يۇرتتىكى بەكرى دېگەن بىر كىشىنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىراق، مـاياقبەگ قىزىنىڭ بەكرى بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلماي، بۇ ئىشتىن ئۇنى توسۇپ تۇرىدىكەن. ئىلاجسىز قالغان گۇلدەسخان سۆيگەن يىگىتى بەكرى بىلەن بىللە باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتمەكچى بولغاندا، مـاياقبەگ سېزىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئەكەلگەنىكەن.

بۇ قوشاق ئەينى ۋاقىتتىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئەركىن نىكاھقا ئىنتىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

ئەگىل① ئاخشام ئاي چىقتى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سېنى ساقلاپ كۆن چىقتى،
ئاچ قوينۇڭنى چوكان قىز.

مەن بۇ يەردىن كېتەرمەن،
مەنزىلىمگە يېتەرمەن.
مەنزىلىمگە يەتكۈچە،
يارنى ئېلىپ كېتەرمەن.

قارادۆۋىچى گۇلدەسخان،
بەكرى باي ئېلىپ قاچقان.
بەگ دادام تۇيۇپ قېلىپ،
ئارقىسىدىن قوغلاشقان.

① ئۆتكەن ئاخشام مەنىسىدە.

## 5 ـ باب
# ئالمىخان ھەققىدە قوشاقلار

ئالمىخان ــــ بىر تارىخىي شەخس بولۇپ، تۇرپاندا ياشاپ ئۆتكەن. ئالمىخان ھەققىدىكى بۇ قوشاق ئىنتايىن تەسىرلىك، چىرايلىق بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىككى يېقىغا كەڭ تارقالغان. ئەسلىدە، كونىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىدىن قارىغاندا، بۇ قوشاق تۇرپانلىق خەلق قىزىقچىسى موللازەيدىن تەرىپىدىن توقۇلۇپ، بارا ـ بارا تولۇقلىنىپ، قوشۇلۇپ مۇكەممەللەشكەن. تۇرپان لۈكچۈندىكى ئەفرىدون ۋاڭ ئەينى ۋاقىتلاردا مەنسىپى ئۆسۈپ، قەشقەرگىمۇ ۋاڭ بولغان. ئۇ بۇ مەزگىللەردە موللا زەيدىننى ئۆز يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، ئۇنى ئوردا ـ سارايىنىڭ خىزمەتلىرىگە قويغان. مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، موللا زەيدىنگە ئۆز سۆيگىنى بىلەن بۇرۇنراق توي قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي، كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتكەن. موللا زەيدىن پەقەت 30 ياشلارغا كىرگەن ۋاقىتلىرىدىلا، ئاندىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن مەشۇقى ئالمىخان بىلەن توي قىلىشىغا ئىجازەت بېرىلگەن. بۇ قوشاقنى ئۇ ئالمىخان بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن توقۇغان بولۇپ، ئالمىخاننىڭ دەرد ـ پىراقىدا كۆيۈپ، پىشىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ناخشا قىلىپ ئوقۇپ، سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن.

كۆرمىگەنلەر ئېيتىدۇ،
ئالمىخان قانداق نېمە؟
ئاغزى ئويماق، تىلى قايماق،
بېلى زىلۋا بىر نېمە.

ئالمىخاننىڭ بېغىدا،
ئۈچ تۈپ ئانارى ـ قەشقەرى.
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار،
قاپقارادۇر قاشلىرى.

ئالمىخاننىڭ بېغى بار،
گۈل تۇۋىدە چېكى[1] بار.
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار،
ئوڭ قېشىدا مېڭى بار.

ئالمىخاننىڭ يوللىرى،
ئۈچ يۈز ئاتمىشنىڭ يولى.
ئالمىخانغا تولا قاتناپ،
تېشىلدى كەشنىڭ سوڭى.

① چېكى ــ تۇرپانلىقلار كارىۋاتنى «چاڭ» دەپ ئېيتىشىدۇ.

ئالمىخان ئوبدان بالا،
قىزىل ئالمادەككىنە.
ئالمىخانغا بىر قاراڭلار،
كۆكتىكى ئايدەككىنە.

ئالمىخان ئوبدان بالا،
چىرايلىق ھەم ياش ئىكەن.
ئالمىخاننىڭ ئوڭ قولى،
ئىڭغىرچاقتا قاش ئىكەن.

ئالمىخان ئوبدان بالا،
موزاي قوشۇپ ياغ تارتىدۇ.
ئالمىخاننى سۆيسە كىمكى،
كالپۇكلىرى يەل تارتىدۇ.

ئالمىخان دەپ مەن چاقىرسام،
ئۇنى باغلاردىن چىقۇر.
كۆيۈكى ئەمدى بېسىلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقۇر.

باغقا كىردىم كېچىلەپ مەن،
ئالمىخاننى يېتىلەپ.
ئالمىخان ئارقامدا قاپتۇ،
يول تاپالماي تەمتىرەپ.

ئالمىخاننىڭ ئانىسى ئۇ،
سۇرتۇۋەتتى چېلەكنى.
ئالمىخاننى سۆيسە كىمكى،
ھەرگىز سۆيمەس بۆلەكنى.

ئالمىخاننى بىز ئالۇرمىز،
خانىكاسىدىن سوراپ.
ھەم ئالۇرمىز دەردىنى بىز،
باسما يوتقانغا سولاپ.

ئالمىخان دەيمۇ سېنى؟
لەيلىخان دەيمۇ سېنى؟

قولدا باقىقان پاقىلىنىمەدەك،
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى؟

ئالمىخاننىڭ ھەر مېغىزى،
ياڭ بىلەن ياغزا بىلەن.
ئالمىخاننى دوست تۇتۇڭلار،
باقىدۇ ساغزا بىلەن.

ئالمىخان تاغلارغا ماڭدى،
ئاتلىرىنى تاقىلاپ.
يارى قالدى ئۆيدە يالغۇز،
تۆشلىرىنى تاتىلاپ.

بىر قازانغا چاينى سالدۇق،
سۈتلىدۇق قايماق بىلەن.
ئالمىخانغا ئۆتۈك ئالسام،
پاتمىدى پايپاق بىلەن.

ئالمىخان ئوبدان بالا،
سېرىق ساماندەك سورۇلار.
لەۋلىرىگە بىرنى سۆيسەم،
خام كىرىچتەك سوزۇلار.

ئالمىخان تۇگمەنگە چىقتى،
ئېرىق بويىنى ياقىلاپ.
ئادىشى قالدى يامانلاپ،
ئالمىخانغا باتناپ.

داڭگىلاتسام، داڭگىلاتسام[1]،
تاشنى ئاتقان ئالمىخان.
كۆزنى تاشلاپ، گەپنى باشلاپ،
قاشنى ئاتقان ئالمىخان.

ئالمىخاننىڭ ئاقلىقى ئاق،
لەمجىنىدە[2] ئاتقان پاختىدەك.
بەدىنىدە گۆشى يوقتۇر،
رەندە سالغان تاختىدەك.

---
① داڭگىلاتسام ـــ داڭگال ئېتىش، چالما ئېتىش مەنىسىدە.
② لەمجىن ـــ پىچاندىكى جاي ئىسمى.

ئالمىخاننىڭ ئۆيلىرى بار،
ئىچكىرىدىن ئىچكىرى.
ئالمىخانغا سەپسىلىڭلار،
ئۇدۇل چىشى تاشقىرى.

ئالمىخان دەپ مەن چاقىرسام،
«لەۋەي» دېگەن ئالمىخان.
مەن بۇگۈن باراي دېسەم،
ئەۋەي دېگەن ئالمىخان.

ئالمىخاننىڭ ئېرىقى بار،
ئايدا ـ يىلدا بۇزۇلۇر.
ئالمىخاندىن بىر سوراڭلار،
ئۆزى قاچان تۈزۈلۇر؟

ئالمىخانغا چاپمىغان،
ھېچبىر ئامبال قالمىدى.
ئالمىخانغا تولا قاتراپ،
كۆتلەردە تامبال قالمىدى.

ئالمىخاننى ئېلىۋال،
يانچۇقۇڭغا سېلىۋال.
ئۇنداق چوكان قايدا بار؟
سۆيسە تەنگە پايدا بار.

ئالمىخان دەپ ئاڭلىدىم،
بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم.
ئالمىخان سەن يار ئۇچۇن،
جېنىمنى پىدا ئەيلىدىم.

ئالمىخاننىڭ بېغىدا،
سايرىغان بۇلبۇلى مەن.
ئىككىمىزگە سەپسىلىڭلار،
مەن ئۇنىڭ دۇلدۇلىمەن.

## 6 ـ باب
## قەمبەرنىسا ھەققىدە قوشاقلار

«قەمبەرنىسا ھەققىدە قوشاقلار» ـــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ ئاممىباباپلىقى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قوشاق جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ ئاتۇش ئەتراپلىرىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

قەمبەرنىسا ۋەقەسى 1943 ـ يىللىرى ئاتۇشتا يۈز بەرگەن. ئاتۇشتا بىر ياشانغان دېھقان ئايالى بولۇپ، ئۇ دوپپا تىكىشكە ناھايىتى ئۇستا ئىكەن. ئۇنىڭ مەرەمنىسا ۋە قەمبەرنىسا دېگەن ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى كېلىشكەن، ئەدەپلىك، ياراملىق قىزلاردىن بولۇپ، ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان دوپپا تىكىش ھۈنىرىگە تايىنىپ ئائىلىسىنى قامدايدىكەن. شۇ يىللاردا مەرەمنىسا بويىغا يېتىپ، ياتلىق بولۇپ، غۇلجىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان بىرەر ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئانىسى كىچىك قىزى قەمبەرنىسانى يۇرتتىكى بىر قېرى ئاقساقالغا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بوپتۇ. ئاكىسىمۇ ئۇنى زورلاپتۇ. بىراق، قەمبەرنىسا بۇ ئىشقا پەقەت قوشۇلمايدىكەن، ھەرگىز رازى ئەمەس ئىكەن، شۇ ۋاقىتتا غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن ئاچىسى مەرەمنىسانىڭ كېسەل بولۇپ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاتۇشقا يېتىپ كەپتۇ. قەمبەرنىسانىڭ ئانىسى چوڭ قىزى مەرەمنىسانىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ناھايىتى ئازابلىنىپ، قىزنى كۆرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. لېكىن، مەرەمنىسانىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. چوڭ قىزىدىن ئايرىلغان ئانا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد ـ ئەلەم ۋە نالە ـ پەرياد ئىچىدە غۇلجىدىن ئاتۇشقا قايتىپتۇ. ئۇ تېخى يۇرتقا يېتىپ كەلمەيلا، كىچىك قىزى قەمبەرنىسا توي قىلىشقا نارازى بولۇش تۈپەيلىدىن، ئۆزىنى بۇلاققا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. يۇرت ئاقساقىلى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىش مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. يۇرتتا يۈز بەرگەن بىر ئۆيدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدەك بۇ ۋەقە شۇ چاغدا ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ. نۇرغۇن جامائەت بۇ ئائىلىگە ھېسداشلىق قىپتۇ. بۇ قوشاق ئەنە شۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، يىل، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەزمۇن ۋە ھەجىم جەھەتتىن كېڭىيىپ، تولۇقلىنىپ بۈگۈنكى مۇكەممەل ھالەتكە كەلگەن.

بۇ قوشاق ئەينى يىللاردىكى كەمبەغەل ـ نامراتلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

قەمبەرنىسا ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدى،
شېخىدا سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
ئۇل بىر خۇدانىڭ تەقدىرى،
ئىككى قىزىمدىن ئايرىدى.

بىر قولىدا باردۇر قايچىسى،
بىر قولىدا باردۇر يىڭنىسى.
بۇلتۇر ئۆلۈپتۇ ئاچىسى،
بۇ يىل ئۆلۈپتۇ سىڭلىسى.

قەمبەرنىسا سۇغا چۆكۈپ،
سۇدىن چىقىپ، لايغا پېتىپ،
ئۆمرۈم ئۆتەر يىغلاپ يۈرۈپ،
قارا كۆزۈمدىن ياشلار ئېقىپ.
جېنىم بالام قەمبەرنىسا،
ئوتتۇڭ يامان مەرەمنىسا.

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدى،
شوخ سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدى،
دەسسەپ پەلەك چىڭ يەنجىدى.
ئاڭلا جاھان، ئەيلەي بايان،
قىسمەتلىرى بولسۇن ئايان.

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
ئوتتۇڭ يامان قەمبەرنىسا.
ئەيلەي بايان، بولسۇن ئايان،
كەچمىشلىرىڭ باغرىم بالام.
ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىڭ،
بوينۇمدىكى ئۇنچە ئىدىڭ.

ئاسماندىكى ئايىم ئىدىڭ،
ئۆسكەن نوۋەي تالىم ئىدىڭ.
نۇر چاقنىغان يۇلتۇز ئىدىڭ،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇز ئىدىڭ.

يا ھەسرىتا، نادامىتا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.

چاقتى سېنى يىلان ـ چايان،
قىستى سېنى بۇ تار زامان.

ئاپئاق ساقال بىر چال ساڭا،
سالدى بالام چاڭگال ساڭا.

ئاكاڭ سېنىڭ زالىم ئىدى،
تەگ ! دەپ سېنى بەك زورلىدى.
توي ئاخشىمى قاچتىڭ بالام،
زۇلۇمغا تاش ئاتتىڭ بالام.

يا ھەسرىتا، بىلمەپتىمەن،
بۇنداق بولار دېمەپتىمەن.
سۇغا ئېتىپ ئۆزۈڭنى سەن،
قانداقچە يۇمدۇڭ كۆزۈڭنى سەن.

ياقا يىرتىپ تۇتتۇم ھازا،
كەلدى ماڭا بالا ــ قازا.
دەردىڭدە مەن رەڭگىم سامان،
ماڭا بالام، باقماس زامان.
بايلار بالام خۇددى چايان،
ئوڭدا يېتىپ تاپتى ھايان.
بىز ئىشلىسەك ئالماي ئارام،
زار قاقشىغان تەگمەي سامان.

...........................

ئاڭلا جاھان ئاھىمنى سەن،
كۆرگىن مېنىڭ زارىمنى سەن.
قىسمەتلىرىڭ بارمۇ يەنە؟
قىلغانلىرىڭ ئازمۇ يەنە؟
يەتتى ماڭا كۇلپەت، زۇلۇم،
قايقان، تۇزاق ئوڭ ۋە سولۇم.
ئالدىم تىك يار...
كەينىم دوزاخ،
ھەسرەت ــ پىغان چەكتىم ئۇزاق.
ئالەم ساڭا ئېيتاي سۆزۈم،
يوقكەن سېنىڭ مۇتلەق يۈزۈڭ.
ئەجەب تولا ئەزدىڭ مېنى؟
چايناپ يۇتاي دەمسەن مېنى؟
قانخور پەلەك، زالىم پەلەك،
قان ــ زەردابقا تولدى يۈرەك.

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
دۇنيا هارام بولدى ماڭا،
قالدى ئاناڭ يالغۇز مانا.

قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدىڭ،
شوخ سايرىغان بۇلبۇل ئىدىڭ.
شۇنداق توزۇپ كېتەمسىنا؟
يالغۇز مېنى قويامسىنا؟
يا ھەسرىتا! نادامىتا!
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا.
يا، ھەسرىتا، نادامىتا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
يا، ھەسرىتا! نادامىتا!
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا،
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا.
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟
يا ھەسرىتا، نادامىتا!
نادامىتا! نادامىتا!

قەمبەرنىسانىڭ نەۋرە سىڭىللىرىنىڭ قوشقان قوشىقى:

ئايدىن چىرايلىق ئاچام سېنى،
ئۆلۈپ كېتەر دېمەپتىمەن.
كۈندىن چىرايلىق ئاچام سېنى،
تۈگەپ كېتەر دېمەپتىمەن.
بىلمەپتىمەن، بىلمەپتىمەن،
بۇنداق بولارسەن دېمەپتىمەن.

ئالەمنى ئەل كەڭ دەيدىكەن،
قېنى سېنىڭ كەڭرىلىكىڭ؟
ئاسمان ـ زېمىن بەرگىن جاۋاب،
قېنى ئاچام، قەدىرلىكىم؟
بىلمەپتىمەن، بىلمەپتىمەن،
داغدا قالارمەن دېمەپتىمەن.

قەمبەرنىسانىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ قوشقان قوشىقى:

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
ئەزىزىڭ مېنىڭ كۆڭلۈمنى سەن.

شۇنداق غازاڭ قىلامسىنا؟
گۈلدىن گۈزەل ئۆمرۈڭنى سەن؟
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
جېنىم دوستۇم قەمبەرنىسا.
چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىپ،
چىقتى بوران، كەلدى قىيان.
ماتەم تۇتۇپ، مۇڭ ياغدۇرۇپ،
غەم ـ قايغۇغا چۆكتى جاھان.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟

بۇ دۇنياغا بىز قىز بولۇپ،
تۇغۇلمىساق بولۇپتىكەن.
گۈل ھۆسنىڭىز قەمبەرنىسا،
ئۆزىڭىزگە بولدى تىكەن.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
بىزگە ئۇۋال قەمبەرنىسا.

ئاھ، دوستىما، جان دوستىما،
ياشلاپ مېنى كېتەمسىنا؟
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
تاشلاپ مېنى كېتەمسىنا؟
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا.①

① «قەمبەرنىسا ھەققىدە قوشاقلار»، «روزىلەم ھەققىدە قوشاقلار»، «ئامىنەم ھەققىدە قوشاقلار» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى ئەڭ بۇرۇن ئاتۇشتىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا پارچە ـ پۇرات، تارقاق ھالەتتە تارالغان بولۇپ، خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا شائىر سەلەي قاسىم قاتارلىقلار بۇ قوشاقلارنى توپلاپ، ئىجادىي رەتلىگەن. ھازىر خەلق ئارىسىدا مۇشۇ ئۆلچەملىك نۇسخىسى ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

## 7 ـ باب
## روزىلەم ھەققىدە قوشاقلار

روزىلەم ــــ ئەقىللىق، لاتاپەتلىك، گۈزەل قىز بولۇپ، ئاتۇشتىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل ئىكەن. ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيۈپ يۈرگەن يىگىتلەر ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنىڭ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى، ئەركىن مۇھەببەت يولىدا تىركىشىۋاتقان بۇ يىگىتلەرنىڭ بېشىغا تالاي ـ تالاي قىسمەتلەرنى ئەكېلىپ، مۇرادىغا يەتكۈزمەيدىكەن. روزىلەم ئاخىرى ئۆز يۇرتىدىكى بىر قانچە هارام تاماق لالما، لۈكچەكلەرنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكـ ـرىسىگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، نادامەت بىلەن دۇنيادىن خوشلىشىدىكەن.

روزىلەم نامىدىكى بۇ قوشاق ــــ مەزمۇنلۇق، ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر يادلىۋالغان. ئاي ـ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بېيىپ، قوشۇلۇپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەن. بۇ قوشاق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن ياشلارنىڭ ساپ مۇـ ھەببەت تۇيغۇسىنى، ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى، چىن ئەقىدىسىنى، ۋاپادارلىق، سادىقلىق مۇھەببەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ قوشاق لىرىك ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى، تەسىرلىك توقۇلـ غانلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرگەن.

روزىلەم ناملىق بۇ تارىخىي قوشاق بۈگۈنكى كۈندە ناخشا پلاستىنكىلىرىغا ئېلىنىپ، كەڭ دائىرىدە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

روزىلەم ئوبدان بالا،
شاتىۋادا كۆڭلىكى،
بىر تېپىشقان ئەمەسمۇ
ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى؟
روزىلەممۇ، روزىلەم،
قوينىڭ بالىسى قوزىلەم.

روزىلەمنىڭ ھويلىسى،
چوخچىدىكى① كەڭلىكتە.
روزىلەمگە كۆيدۈم دەپ،
ئەمدى قالدىم تەڭلىكتە.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
بىللە ئۆتسەم سەن بىلەن.

ئۆز ئۆيۈمنىڭ يوقىدىن،
دەڭدە ياتتىم ئەمەسمۇ؟

① ئاتۇشتىكى جاي ئىسمى.

روزىلەمنىڭ دەردىدە،
ھاڭدا ياتتىم ئەمەسمۇ؟
روزىلەممۇ، روزىلەم،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

باغ ئىكەنۇ، باغ ئىكەن،
ئەنجان تاملىق باغ ئىكەن.
روزىلەمنى ماڭا بەرسە،
بويى بويۇمغا چاغ ئىكەن.
ئاللا ـ ئاللا روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

كاتتايلاقتا[1] بارغىچە،
ناخشا ئېيتتىم ھارغىچە.
چىق ئۆيۈڭدىن روزىلەم،
كۆرۈۋالاي قانغىچە.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
تاپالمىدىم، ساپالمىدىم.
روزىلەمنىڭ دەردىدە،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

سۇغا چىقتىم كۆلچەككە،
كۆزۈم چۈشتى ئۆردەككە.
ئۆمرۈم بويى كۆيمەسمەن،
روزىلەمدىن بۆلەككە.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

يۇقىرىدىن كەلگەنسەن،
جىگدىگە يۆلەنگەنسەن.
مېنى قىيناپ روزىلەم،
نېمىشقىمۇ تۆرەلگەنسەن؟
ئاللا ـ ئاللا روزىلەم،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

قوغۇن يېدىم ئايدىڭدا،
ساتمىلىقتا، باراڭدا.

---

① كاتتايلاق ــ ئاتۇشتىكى جاي ئىسمى.

ھېچ نېمە تەڭ كەلمەيدۇ،
كۆكۈل دېگەن ساراڭغا.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

ئامىراق ئىكەن قىز باللا،
تاۋار ـ دۇردۇن كىيىشكە.
روزىلەمنى كۆرگەندە،
لاغىلدايمەن نېمىشقا؟
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

ئامىراق ئىكەن قىز باللا،
شايى ئەتلەس كىيىشكە.
ئۇ دۇنياغا بارغاندا،
ئاشىق كىرسۇن بېھىشكە.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

روزىلەمنىڭ ئۆيىگە،
كۈندە بارغۇم كېلىدۇ.
روزىلەمنى گۈل قىلىپ،
قىستۇالغۇم كېلىدۇ.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

كاتتايلاقنىڭ يولىغا،
پېتىپ قالدى ھارۋىلار،
روزىلەمگە قەست قىلدى،
ھارام تاماق لالمىلار.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

مەن نېمە بولدۇم بۈگۈن،
خىيال قىلدىم ئاخشامغا.
روزىلەمنىڭ دەردىنى،
قېتىۋالدىم ناخشامغا.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

ئايمۇ چىقىپ ئۆرلەيدۇ،
كۈنمۇ چىقىپ ئۆرلەيدۇ.

مېنىڭ تارتقان دەردىمنى،
خەلقئالەم بىلمەيدۇ.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
بىزگە كەلگەن دەرد ــ ئەلەم.

بېشىمدىكى دوپپامنىڭ،
گۈلى نەچچە ساناپ باق.
دەردى تولا روزىلەم،
چىرايىمغا قاراپ باق.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

مەن ئۆيۈڭگە بارغاندا،
سۇ ئەكەلدىڭ چەينەكتە.
مەن قولۇمنى تەڭلىسەم،
قۇيۇۋەتتىڭ جەينەككە.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

ئاناڭ كۆرۈپ «ھىم» دېدى،
مېنى سوراپ «كىم؟» دېدى.
مەن كەتكەندە روزىلەم،
ساڭا كېيىن نېمە دېدى؟
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

مەن بازارغا بارمايمەن،
ياندا پۇلۇم يوق مېنىڭ.
روزىلەمدەك يارىم بار،
مەڭگۈ كۆڭلۈم توق مېنىڭ.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

راۋابىمدا بەش تارى،
بەشىلىسى پەي تارى.
كىمنىڭ مەيلى كىم بىلەن،
باشقىلارنىڭ نېمە كارى؟
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمنىڭ مەھەللىسى،
ئېگىز يارنىڭ بويىدا.

ھەيران قالار خالايىق،
ئىككىمىزنىڭ تويىغا.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمگە كۆيدۇم دەپ،
دەردتە قالدىم ئەمەسمۇ؟
روزىلەمنى ئالالماي،
گەپكە قالدىم ئەمەسمۇ؟
روزىلەممۇ، روزىلەم،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

روزىلەمنىڭ يۈزى ئاق،
قېشى قارا ئەمەسمۇ؟
روزىلەمگە كۆيگەچكە،
قەلبىم يارا ئەمەسمۇ؟
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

روزىلەمنىڭ قاشلىرى،
يەلپۈندۈ چاچلىرى.
روزىلەم دەپ تۆكۈلەر،
كۆزلىرىمنىڭ ياشلىرى.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

ئاق قوناقنىڭ باشلىرى،
كۆممىقوناق باشلىرى.
مېنى قويدى ئەلەمدە،
كالتە بازار ياشلىرى.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
ساڭا دەرد، ماڭا ئەلەم.

بۇغدايلىققا قارىسام،
چۇشۇپ قاپتۇ قارىمۇق.
دەرد ـ ئەلەمدىن يىغلىسام،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق.
روزىلەممۇ، روزىلەم،
بىزگە كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

## 8 ـ باب
## ئامىنەم ھەققىدە قوشاقلار

ئامىنەم ـــ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاتۇشنىڭ شورۇق دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

1944 ـ يىلى يازدا ئاستىن ئاتۇشتا شىنجاڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قېتىملىق چوڭ سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەن. كەلكۈن سۇ تىجەن بىلەن مەشھەت ئارىلىقىدىكى چوڭ جىلغىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاتۇشنىڭ نۇرغۇن يېزا ـ قىشلاق، مەھەللىلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەر، زىرائەت، دەل ـ دەرەخ، دېھقانلارنىڭ ئۆي ـ جاي، باغ ـ ھويلىلىرى سۇ ئاستىدا قالغان. نۇرغۇن قېرى ـ چۆرى، كېسەل، مېيىپ، ئۇششاق بالىلارنى كەلكۈن سۇ ئېقىتىپ كەتكەن. يۇرت ئىچىدە ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئەقىللىق قىز ئامىنەمنى ئەنە شۇ قېتىملىق كەلكۈن سۇ ئېقىتىپ كېتىپ، جەستى جىلغىنىڭ ئايىغىدىكى بىر لايلاڭدىن تېپىلغان. قىزنىڭ لايىقى قان ـ ياش تۆككەن. يۇرت ئەھلى بۇ قايغۇلۇق ۋەقەدىن ناھايىتى زارلىنىپ، ئاپەت ئەكەلگەن تۈرلۈك زىيانلارغا چىداپ تۇرالماي، ناخشا ـ قوشاقلارنى توقۇپ، ئاتۇش تارىخىدىكى بۇ ئۇنتۇلماس ئېغىر كۈنلەرنى ئەسلەشكەن. ئامىنەم يۇرت ئەھلىگە تونۇشلۇق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بىر قىز بولغىنى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭ ھاياتىغا ئېچىنىپ، نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمۇ ئۇنى ئەسلەش يۈزىسىدىن قوشاقلارنى توقۇپ، قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى بىلدۈرگەن.

ئامىنەم ھەققىدىكى قوشاقلار تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەي ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئامىنەممۇ، ئامىنەم،
لايغا پاتقان ئامىنەم.
ئاناڭ يىغلاپ دەردىڭدە،
قوشاق قاتقان ئامىنەم.

لايىنىڭ تېگىدە يېتىپ،
ئانا دېدىڭمۇ ئامىنەم؟
ئېزىپ يۈرەك ـ باغرىمنى،
دادا دېدىڭمۇ ئامىنەم؟

تاغدىن سەلەپ كەلگەندە،
سەن ئۆيۈڭدە ئۇخلىغان.
سۇ كىرسىمۇ ھويلاڭغا،
غەپلەت بېسىپ ئۇقمىغان.

يامغۇر ياغدى شارقىراپ،
سەلەپ كەلدى غارقىراپ.
قانداق جېنىڭ چىققاندۇر؟
ئىككى كۆزۈڭ پارقىراپ.

چىقمۇالدۇق تېرەككە،
ئامال بولماي بۆلەككە.
سوغۇق ــ ئاچلىق ئازابى،
بېرىپ يەتتى يۈرەككە.

مال ــ دۇنيانى لاي باستى،
سەلەپ سۇ ئېلىپ قاچتى.
تىرىك تۇرۇپ دوزاخقا،
كىردۇق، بىزنى غەم باستى.

كېلىپ باستى خامانى،
ئېلىپ قاچتى سامانى.
لېۋىمىزنى چىشلىدۇق.
ئالالمىدۇق بىر دانى.

ئالالمىدۇق خامانى،
ئالالمىدۇق بىر دانى.
ئۆمرىمىزدە كۆرمىگەن،
بۇنداق مۇدھىش زامانى.

ھوشسىز بولۇپ يىقىلدىڭ،
ئالدىمىزدا ئانىنەم.
سەلەپ سۇدا ئاققىنىڭ،
يادىمىزدا ئانىنەم.

قاپاق تېرەك ئالدىدا،
ئوينىغانمۇ ئانىنەم؟
سەلەپ بۇنداق كېلەر دەپ،
ئويلىغانمۇ ئانىنەم؟

سەن شورۇققا[1] بارغۇنچە،
چىغىر يولدا ماڭغانمۇ؟

[1] شورۇق ــ ئاستىن ئاتۇشتىكى جاي ئىسمى.

كۆزىمىزدىن كەتمەيسەن،
راست ئۆلدۇڭمۇ، يالغانمۇ؟

ئاناڭ قالدى زار يىغلاپ،
داداڭ قالدى زار يىغلاپ.
قالدى دەردتە، ئەلەمدە،
ياقا يىرتىپ قان يىغلاپ.

ئۆيگە كىرسەم ئامىنەم،
كىيگەن ئېگىنىڭ تۇرۇپتۇ.
باغقا كىرسەم ئامىنەم،
تەرگەن گۈلۈڭ سولۇپتۇ.

سەن ئاناڭنىڭ ئالدىدا،
ئويناپ كۈلسەڭ بولماملى؟
قامچا گۈلدەك بوي تارتىپ،
ئۆمۈر كۆرسەڭ بولماملى؟

قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەن،
پېشانەڭگە ئامىنەم.
يېتەلمىدىڭ دۇنيادا،
مۇرادىڭغا ئامىنەم.

ئون گۈلۈڭنىڭ بىرىمۇ،
ئېچىلمىغان ئامىنەم.
دەردىڭ تولا، داۋاسى،
تېپىلمىغان ئامىنەم.

ئاخشام ئۆتتى بەش ئاتلىق،
بەشىلىسى ئاق ئاتلىق.
تاللىغىنىڭ ئامىنەم،
ئەمەت ئىمىن قاناتلىق.

ئېگىز ئۆگزىگە چىقسام،
باغلار بىلەن كېچىڭزە.①
قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ،
قىلغان چۇچۇك گېپىڭزە.

بونجالىقنىڭ كەيىندە،
سىلەر ئوبدان مۇڭداشقان.

① ئاتۇشتىكى جاي ئىسمى.

يارشىپتۇ ئىككىسى ــــ
دەپ كۆرگەنلەر ماختاشقان.

باھار كەلسە ئەڭ باشتا،
پىچان گۈلى ئېچىلار.
ئاشىق بىلەن مەشۇقۇقا،
نۇردىن كېپەن پىچىلار.

سېرىق سەبدە، گۈل سەبدە،
موللاق ئاتىدۇ كەپتەر.
ئامىنەم دەپ يىغلايمەن،
قولۇمدا قەلەم، دەپتەر.

ئامىنەمنىڭ كۆزلىرى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
كاسىسىغا چۈشكەن شۇ،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇزدەك.

قېشى قەلەم، گۈل ئاغزى،
لېۋى سۇزۇك جىنەستە.
خەلقئالەم قارىغان،
ئاي يۈزىگە ھەۋەستە.

يولىنىڭ بويى سېدىلىك،
سېدىلىك ھەم بېدىلىك.
قېنى ئەمدى ئامىنەم،
گەپ - سۆزلىرى مەززىلىك؟

ئامىنەمنىڭ بېغىدا،
ئەنجۇر، ئانار، شاپتۇلا.
ئامىنەم ــــ دەپ يىغلايمەن،
يۈرىكىمدە دەرد تولا.

ئامىنەمنىڭ چېچىنى،
ئاق ناۋاتتا پاتلىغان.
ئامىنەمنى ئەسلىدە،
ئەمەت ئىمىنگە ساقلىغان.

بىزنىڭ مەلە تۈز مەلە،
بىر - بىرىدىن ئۈز مەلە.

تەڭ كېلەلمەس زادىلا،
تەرىپلىسە يۈز مەلە.

ئاتۇشنىڭ بازارىدىن،
بىر خالتىدا قاق ئالغان.
مېنى تەقدىر ـ پېشانەم،
غەمدە قويۇپ داق سالغان.

دۇتار چالىمەن ئاستا،
بۆگەن① بويىدا سازدا.
ئامىنەمنى ئويلىسام،
تۈگىمەيدىكەن ناخشا.

ئامىنەمنىڭ قولىغا،
ئالتۇندىن ئۈزۈك ئالغان.
ئامىنەمنى سەلەپ سۇ،
كۆكسۈمدىن ئۈزۈۋالغان.

سۇدا ئاقتىڭ ئامىنەم،
لايغا پاتتىڭ ئامىنەم.
مەن ئاناڭدىن ئايرىلىپ،
قانداق ياتتىڭ ئامىنەم؟

تاغدا چىققان شامالدىن،
سېنى دائىم سورايمەن.
سېنىڭ دەرد ـ پىراقىڭدا،
ياقا يىرتىپ يىغلايمەن.

دەردلىرىما ـ دەردلىرىم،
ئىچىمدىكى دەردلىرىم.
ئۆمۈر بويى تۈگىمەس،
ئېيتسام، ئېيتسام گەپلىرىم.

مەن قەشقەرگە بارغۇنچە،
ئۈزۈن سايدا ھاردىم مەن.

---

① بۆگەن ـــ ئاتۇشتىكى جاي ئىسمى.

ھېرىپ ـ ئېچىپ ئامىنەم،
سېنى ئەسكە ئالدىم مەن.

قەشقەر ئۆزى چوڭ شەھەر،
رەستىلىرى ئاۋاتكەن.
تۇمۇچۇقتەك قىزلارى،
گەپ ـ سۆزلىرى ناۋاتكەن.

مەن ھېيتگاھقا بارغاندا،
مۇنارىغا يۆلەندىم.
ئەلەم بىلەن ھەسرەتنىڭ،
بۆشۈكىگە بۆلەندىم.

باشقىلارنىڭ قىزلىرى،
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرمەمدۇ؟
كۆزى بولسا دۇنيانىڭ،
مەن غېرىبنى كۆرمەمدۇ؟

ئاتۇش قىزى چاچلىرى،
قاپقارادۇر قاشلىرى.
دەريا ـ دەريا تۆكۈلەر،
مەن غېرىبنىڭ ياشلىرى.

سەن ئامىنەم بولساڭچۇ؟
جان ئامىنەم بولساڭچۇ؟
مۇشۇ تاپتا قولۇمغا،
قۇرغۇي بولۇپ قونساڭچۇ؟

ناۋات بەرسەم يېسەڭچۇ؟
شېكەر بەرسەم يېسەڭچۇ؟
كېلىپ ئايدەك ئالدىمغا،
جېنىم ئانا دېسەڭچۇ؟!

ئاۋازىڭنىڭ زىللىقى،
چېچەن قىزغا ئوخشايتتى.
سايە تاشلاپ كىرپىكىڭ،
ساڭا ھۆسن قوشاتتى.

لەۋلىرىڭدىن گەپ ئەمەس،
ھەسەل، قىيام تاماتتى.

يىغلىساڭمۇ ئانىنەم،
قۇلىقىمغا ياقاتتى.

ئانا بولدۇم دەپتىمەن،
پاناھ بولدۇم دەپتىمەن.
ئۆز ئانامنىڭ ئىتىنى،
ساڭا قويدۇم دەپتىمەن.

كۆرسەڭلار خالايىقلار،
چىرايىمنىڭ قېنى يوق.
مېنىڭ ئەسلى بىلسەڭلار،
يۈرىكىمنىڭ تېگى يوق.

مەن دەردىمنى سۆزلىسەم،
دەردى بارنىڭ ھالى يوق.
سۆزلىمەيمەن جان دوستلار،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئاھلىرىما ـ ئاھلىرىم،
سىغماس مېنىڭ ئالەمگە.
سۆزلىمەيمەن دەردىمنى،
دەرد كۆرمىگەن ئادەمگە.

# 9 - باب
# ئايىمخان ھەققىدە قوشاق

ئايىمخان — 19 - ئەسىردە قۇمۇل دىيارىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ناھايىتى چىرايلىق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئەقىل - پاراسەتلىك قىز. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ياخشى ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بىر يىلى قۇمۇل ۋاڭى ئۇنىڭ نام - شەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىگە توقال قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇ ئوردىدىكى ۋاڭ - ئاقساقاللارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئايىمخاننىڭ ئاتا - ئانىسىنى مال - دۇنيا بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، قىزنى ئۆزىگە رام قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. بىراق، ئايىمخاننىڭ ئاتا - ئانىسى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يامان غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئايىمخانمۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ۋاڭغا كىچىك خوتۇن بولۇشنى رەت قىلىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى ئايىمخاننى باش ئەگدۈرەلمىگەندىن كېيىن، دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇنى ئۆيىدىن تۇتۇپ ئەكەلدۈرۈپ، نوم دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلىپ، زىنداندا قىينايدۇ. ئايىمخان زىنداندىكى گۇندىپايلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن قۇمۇل ۋاڭى ئايىمخاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭ نامى قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ئەسلىنىپ كەلمەكتە.

«ئايىمخان ھەققىدە قوشاق» قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان.
گۈزەل رەڭگى سەۋەبلىك،
ئۆلۈپ كەتكەن ئايىمخان.

ئايىمخان ئۆزى ئوبدان،
كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، چەندان.
ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى،
قان ئىچەر قارا زامان.

ئايىمخاننى ئەپ چىقتى،
پۇت - قولىنى چىڭ تاراپ.
بېشىنى ئالار چاغدا،
«قىبلە قايان؟» دەپ سوراپ.

كونا شەھەردە ئاق تېرەك،
يېڭى شەھەردە كۆك تېرەك.

ئەل ـ جامائەت ئىشقا،
ئايىمخاندەك ياش كېرەك !

قىزىلگۈلنىڭ شېخىدا،
بۇلبۇل تولا سايرىدى.
ئايىمخاننىڭ قانخورلار،
قانتىنى قايرىدى.

تولۇن ئايدەك ئايىمخان،
پەرىزاتتەك يارالغان.
ئۆزى شېھىت كەتسىمۇ،
نامى ئەلگە تارالغان.

## 10 ـ باب
## مىرزا گۈلۈم قوشىقى

«مىرزا گۈلۈم قوشىقى» ــ قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى. بۇ قوشاقتا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر جۈپ يىگىت ـ قىزنىڭ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە مۇرادىغا يېتەلمەي، ھۆكۈمرانلارنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئەركىن مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلىقى، زوراۋانلار ئالىقىنىدا خارلىنىپ، بىر ـ بىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلىپ نومغا سۇرگۈن قىلىنىدىغانلىقى، لېكىن، بۇ مۇدھىش كۈنلەرنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقى، پات ئارىدا تاڭ ئېتىپ ئۆزئارا جەم بولىدىغانلىقىدەك ۋەقە بايان قىلىنغان. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ گۈزەل كۈنلەرگە بولغان ئۈمىدۋار كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ قوشاق مۇھەببەت يولىدىكى ئۈمىد ـ ئارزۇنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەي يېنىپ تۇرىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئىپادىلىگەن.

ئاسماننى بۇلۇت باستى،
كۆرۈنمەيدۇ يۇلتۇز، ئاي.
قىزىلگۈلدەك يارىمدىن،
ئايرىۋەتتى قازى، باي.

زوراۋانلار دەستىدىن،
ئەجەب تولا خارلاندىم.
جۇدا بولۇپ جانانىدىن،
مەنمۇ نومغا پالاندىم.

كۆك ئاسماندا ئاي ياتۇر،
مىرزا گۈلۈم تاڭ ئاتۇر.
تاڭ ئاتقاندا خۇدايىم،
بىزنى جەم قىلىپ قاتۇر.

## 11 ـ باب
## سارىخان بانۇ ھەققىدە قوشاقلار

سارىخان ـــ بىر تارىخىي شەخس. غۇلجا تەرەپلەردە سارىخان بانۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىمشلارغا قارىغاندا، ئۇ 1835 ـ يىلى خوتەندە تۇغۇلغان.

سارىخان ـــ كىچىك ۋاقتىلىرىدىن باشلاپ ناھايىتى چىرايلىق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىز بولۇپ ئۆسكەن. ئۇ كەمبەغەللەر ئارىسىدا چوڭ بولغاچقا، دەردمەنلەرنىڭ ھالىغا ھېسداشلىق قىلىدىكەن، بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىكنى، بايلارنىڭ ئاچ كۆز، مۇتتەھەملىكىنى كۆرۈپ نەپرەتلىنىدىكەن. باي بالىلىرى ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم توي تەلىپى قويغان بولسىمۇ، ئۇ يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنىڭ زالىملىقى، باي بالىلىرىنىڭ ھۇرۇن، تەييار تاپلىقىدىن بىزار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، ئۆز يۇرتىدىكى كەمبەغەل بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق بىر ئىشچان دېھقان يىگىتكە كۆڭۈل بەرگەنىكەن. بىراق، زامانىنىڭ تارلىقى، ئادالەتسىزلىكى، بايلار ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ چېقىشتۇرۇشى تۈپەيلىدىن، ئۇ بەتنام ـ تۆھمەتكە ئۇچراپ، ئادالەتسىز ھۆكۈم بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ھەمدە 1865 ـ يىلى يەكەنگە ئەكېلىنىپ قەتلى قىلىنغان. گەرچە سارىخان بانۇ ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلسىمۇ، بايلارنىڭ مال ـ دۇنياسى ۋە راھەت ـ پاراغىتىگە كۆز قىرىنى سالماي، ئار ـ نومۇسنى ساقلاپ، ئەركىن مۇھەببەت يولىدا مەردانىلەرچە ئېلىشىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ كەتكەن ھەمدە كېيىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن يەنە بىر مۇنچە قوشاقلار قوشۇلۇپ بېيىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بەزى قوشاقلىرىغا ناخشا ـ مۇزىكا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئادەمنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ.

سارىخان بانۇ ھەققىدىكى قوشاقلار ئەڭ دەسلەپ رۇس ئېتنوگرافى پانتۇسوف تەرىپىدىن 1871 ـــ 1883 ـ يىللاردا غۇلجىدا توپلىنىپ قەلەمگە ئېلىنىپ، توققۇز كۇپلېت قوشاق «تارانچى قوشاقلىرى» نامىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن م. س. ئاندورىيېف ۋە ئاكادېمىك رادلوفلارمۇ ئۇ ھەققىدىكى قوشاقلارنى خوتەن، غۇلجا، ئۈرۈمچىلەردىن توپلىغان. رادلوف 1886 ـ يىلى ئۆزىنىڭ كۆپ توملۇق كىتابىنىڭ 6 ـ تومىدا ئېلان قىلغان.

«سارىخان بانۇ ھەققىدە قوشاقلار»دا ئەمگەكچى خەلقنىڭ باي ـ بەگ، چىرىك ئەمەلدارلارغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتى، كەمبەغەل، يوقسۇللارغا بولغان ھېسداشلىقى، ئەركىن، پاك ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان تەلپۈنۈشى، ئارزۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق، شەرم ـ ھايا، ئەركىن مۇھەببەت پەزىلەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ياش ئەۋلادلارغا ئەدەپ ـ ئەخلاق، توغرا نىكاھ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1

سارىخان بانۇنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرىنى بايان قىلىپ ئېيتقان قوشىقى:

بەگلەر زالىم ئاتاقلىق،
قازىلار گېلى ياغلىق،

خەلقىمىنىڭ باغرى داغلىق،
ئەجەب يامان زامان بولدى.

ھەر كۈن بولۇر ھەرخىل زاڭ،
سېلىق ئۈستىگە ئالۋان.
سۆزگە كىرمىسە ساۋاڭ،
رەڭگىمىز سامان بولدى.

قىزلارنىڭ بەختى قارا،
يىگىتلەر دىلى يارا.
ھەقنى دەپ قايغا بارار؟
ياخشى ئىش يامان بولدى.

ياشىم ئوتتۇزغا يەتتى،
ئۆمرۈمنىڭ تېگى كەتتى.
بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
كىم مۇرادىغا يەتتى؟

كەمبەغەل مېنىڭ يارىم،
باي مېنىڭ خىلىم ئەمەس.
پۇل تاپسا بۇلاپ تاپار،
تېگىنى بۆلۈپ بەرمەس.

يورۇڭقاشنىڭ تاشىنى،
ئاسمانغا ئاتسام چۈشمەيدۇ.
بۇ لەنەتلىك زاماندا،
قىز - يىگىت كۆرۈشمەيدۇ.

يولسىز پەتنۋا بىلەن،
مەن قەپەسنىڭ ئىچىدە.
بايلار زۇلمىدىن يارىم،
يىغلار كۈندۈز، كېچىدە.

ئەقىدەمگە يىغلايمەن،
تەقدىرگە تەن بەرمەيمەن،
راست سۆز قىلسام ئۆلمەيمەن،
بايلارنى چوڭ بىلمەيمەن.

**2**

سارىخان بانۇنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ ئېيتقان قوشقى:

قاپقارا قاشىم مېنىڭ،
ئۈچار بولسام قانات ماڭا.
چېچىم تال ـ تال ئۆرۈلگەن،
ھەربىرى بىر ئات ماڭا.

كىرپىكىم دۈشمەنگە ئوقيا،
قولدىشىم پەرھات ماڭا.
كۆزلىرىم چولپانغا تەڭ،
مەشئەلى نىجات ماڭا.

يارىم بولسا چۆل ئىچرە،
دەشت ـ چۆل ئاۋات ماڭا.
چۆلدە ئىشلىگەن يارىم،
قەنت ئەمەس، ناۋات ماڭا.

ئۆز يولۇم بار تالىلىغان،
ئۆزگىچە يول يات ماڭا.
ئۆز يولۇمدىن قايتماسمەن،
بەخت ئۆزى قات ـ قات ماڭا.

**3**

سارىخان بانۇغا كۆيۈپ قالغان بويتاق ياش يىگىتلەرنىڭ ئىجاد قىلغان قوشىقى:

باغىڭغا كىرىپ كۆردۈم،
ئۆرۈكۈڭ تولا شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
سارىخان تىلى تاتلىق.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە سارىخان،
ئېلىپ قاچقۇدەك بوپتۇ.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
ياشىرىپتۇ چوكانلار.
سارىخاننىڭ دەردىدە،
ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار.

ئاقسارايدا ئولتۇرغان،
سارىخان مېنىڭ يارىم.
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
خەۋەردار بولمىغان يارىم.

گۈلزارلىق ئارا چۇغلۇق،
گۈلزار ئىچى بۇلبۇللۇق.
گۈلنىڭ گۈلى سارىخان،
سىزگە سېغىنىپ قۇللۇق.

سارىخان قىزىل گۈلدەك،
مەن ئىشقىدا بۇلبۇلدەك.
سارىخان كۈلۈپ قويسا،
خىزمەت قىلىمەن قۇلدەك.

سارىخان تىلى تاتلىق،
كۆڭلىدۇر ئەجەب قاتتىق.
ئىشىكتىن چىقالمايدۇ،
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

سارىخان ئۆزى چاققان،
مەن ئىزدەپ ئاران تاپقان.
ۋەدىسىدە تۇرغاي دەپ،
كۆپ ئويلاپ بېشىم قاتقان.

سارىخان كىچىك ياشلىق،
ئاي يۈزلۈك، قارا قاشلىق.
ئىشىكتىن چىقالمايدۇ،
ئاتا ـ ئانىدىن باشلىق.

سارىخان خۇمار كۆزلۈك،
گېپى ئۇز، شېرىن سۆزلۈك.
دۈشمەن گۈيلار كۆرەلمەي،
قىلىدۇ ئالا كۆزلۈك.

مېنىڭ يارىم سارىخان،
بىر ئۆزۈملا خالىغان.
ئىككى كۆزى كور بولسۇن،
يامان كۆزدە قارىغان!

## 12 ـ باب
## ئاق دادام ھەققىدە قوشاق

«ئاق دادام» ـــ غۇلجىدا تارقالغان تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى چىرايلىق، قىسقا ھەجىملىك، ئاممىباب قوشاقتۇر. ئەينى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر قاتارلىق جايلىرىدىكى نۇرغۇن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ھايات كەچۈرۈشكە يول ئىزدەپ، پەرزەنتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىلىغا چىقىپ ئورۇنلىشىپ، ماكان تۇتۇپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالغانىدى. بۇ پەرزەنتلەر چوڭ بولغانسېرى ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز يۇرتلىرىنى ئەسلەپ، نۇرغۇن قوشاقلارنى ئىجاد قىلىپ، بەزمە ـ مەشرەپلەردە ناخشا قىلىپ ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. «ئاق دادام» ھەققىدىكى قوشاق ئەنە شۇ ئۇزۇن تارىخنىڭ شاھىت ـ گۇۋاھچىسىدۇر.

ئاق دادام، ئاپئاق دادام،
قەشقەرگە بارغۇم كېلىدۇ.
ئاقساراينىڭ ئالدىدا،
تاماكا تارتقۇم كېلىدۇ.

ئاقساراينىڭ قىزلىرى،
لاچىنمىكىن، قۇرغۇيمىكىن؟
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشىقلىرى زەرگەرمىكىن؟

## 13 ـ باب
## بەختىخان ھەققىدە قوشاق

بەختىخان ــ چىرا ناھىيىسىدە ئۆتكەن بىر ئايال بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن، لاتاپەتلىك، ئىشچان ئىكەن. ئەينى يىللىرى، نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭغا توي تەلىپىنى قويغانىكەن. بەختىخان ھەققىدىكى بۇ قوشاق چىرا ناھىيە تەۋەسىدە خېلى كەڭ ئومۇملىشىپ، ناخشا سۈپىتىدە تارقالغان. قوشاقنىڭ تىلى ئاممىباب، ئوبرازلىق بولۇپ، خېلى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

بەختىخان، جان بەختىخان،
بەختىڭ تولادۇ بەختىخان.
قارا ـ قارا كۆزلىرىڭ،
ئوييناپ تۇرادۇ بەختىخان.

بەختىخان، جان بەختىخان،
كۈندە كېلەمسەن بەختىخان؟
ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ،
دۆلەت كۆرەمسەن بەختىخان؟

بەختىخان، جان بەختىخان،
تارتما ئىزا سەن بەختىخان.
ئالتۇن ـ كۈمۈشتە سوقتۇرۇپ،
مۇنچاق تىزارسەن بەختىخان.

بەختىخان، جان بەختىخان،
بارما بازار سەن بەختىخان.
ئوييناپ ـ ئوييناپ ئاقىۋەت،
يولدىن ئازارسەن بەختىخان.

ئەرگە تەگسەڭ ماڭا تەگ،
راھەت كۆرەرسەن بەختىخان.
پەشلىرىڭنى قىستۇرۇپ،
تېزەك تېرەرسەن بەختىخان.

ئايلىكا، بەختايلىكا،
مېنى كۆرەي دەپ كەللىمۇ؟
شەيتاننىڭ سۆزى بىلەن،
ئۆلۈپ بېرەي دەپ كەللىمۇ؟

بەختىخان، جان بەختىخان،
موندەك قوزامسەن بەختىخان.
قىزىلگۈلدەك ئاچىلىپ،
كۆكلەپ ئۇزارسەن بەختىخان.

## 14 ـ باب
## ئازنىخان ھەققىدە قوشاق

ئازنىخان ھەققىدىكى قوشاق ــ پىچان ناھىيىسىدە كەڭ تارقالغان قوشاقلارنىڭ بىرى.

ئازنىخان ــ پىچان ناھىيە لەمجىن يېزا خاندودىن بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىز بولۇپ ئۆسكەن. بۇ يۇرتتىكى يىگىتلەر ئۇنى ياخشى كۆ ـ رۈپ قېلىپ، ئارقىسىدىن ماختاپ نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاق توقۇغان. شۇ ۋاقىتتا يۇرت بېگىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى مەجبۇرلاپ ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان. ياخشى كۆرگەن يىگىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئازنىخان ھەسرەت ـ نادامەتتە ئۆتكەن. ھەر قېتىم يىگىتىنى سې ـ غىنغاندا، ئۇنىڭغا ئۆز بېغىدا ئۆستۈرگەن ئۈزۈم، ياڭاقتىن ئەۋەتىپ تۇرغان، يىگىتكە ئاتاپ ئۆزى كەشتە قىلىپ تىككەن قولياغلىق ئەۋەتكەن. بۇ ئەھۋاللارنى سېزىپ قالغان بەگنىڭ ئوغلى دورغىلىرى ئارقىلىق ئازنىخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى جازالاپ، مەھەللىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئازنىخان دەردكە چىدىماي بەگ ئوغ ـ لىنىڭ ئۆيىدىن بىرقانچە قېتىم قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، بەگنىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ياللاقچىلىرى ئازنىخاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەن. ئازنىخان ئەنە شۇنداق دەرد ـ ئەلەم تارتىپ، ھاياتىنى قەپەس ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئالەمدىن ئۆتكەن.

«ئازنىخان ھەققىدە قوشاق»نى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى توقىغان بولۇپ، مەلۇم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭى شەھەر[①]نىڭ ئايىغى،
شىغاللىقتا، نەم جىلغا.
بىۋاپانى ئەگەشسەڭ،
ئارام يوقكەن جېنىڭغا.

ئېسىۋالدىم دۇتارغا،
دۇخاۋىدا تۇمارلىق.
ئازنىخاننى قۇچاقلاپ،
سۆيىۋالدىم خۇمارلىق.

ئۈزۈم پىشتى بۇ يىل ياز،
لېكىن، ئازنىخان كەلمىدى.
ئازنىخان يادىغا ئەپ،
قولياغلىقمۇ بەرمىدى.

---

① پىچان يېڭىشەھەرنى دېمەكچى.

كارىز بېشىغا چىقىپ،
مەلىڭىزگە قارىدىم.
پۈتۈن خەلق ئاراسىدا،
ئازنىخانغا يارىدىم.

ئۈزۈم، ياڭاق، شاپتۇلا،
ئازنىخاننىڭ سوۋغىسى.
قوغلىۋەتتى مەھەللىدىن،
مېنى شاڭيو دورغىسى.

ئازنىخان ئەۋەتىپتۇ،
كەشتىلەنگەن قولياغلىق.
مەن يارغا ئاتاپ قويدۇم،
بوردالغان بىر جۈپ ساغلىق.

بۈگۈن جۈمە ئەتىگەن،
ئازنىخان قېچىپ كەپتۇ.
قىلمىشىغا تووۋا قىپ،
بوينىنى ئېگىپ كەپتۇ.

ئازنىخاننىڭ كەينىدىن،
بەگ ئوغلى يېتىپ كەپتۇ.
يالاقچىسى كەينىدە،
ئۆينىمۇ تېپىپ كەپتۇ.

## 15 ـ باب
## مىراجىخان ھەققىدە قوشاق

مىراجىخان — بىر تارىخىي شەخس. ئۇ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۇچادا ياشىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۇچانىڭ شەھەرگە يىراق ياقا دېگەن يېزىسىدا بىر دېھقان ھالال ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇنىڭ قىزى مىراجىخان ناھايىتى ئەقىللىق، لاتاپەتلىك، شەرم ـ ھايالىق قىز بولۇپ چوڭ بولىدىكەن. قىز رەسىدە بولغاندا، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇنى كۇچانىڭ چىمەن دېگەن يېزىسىدىكى بىر پۇلدار كىشىگە ياتلىق قىلغان. بىراق، ئۇزۇن يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا مىراجىخاندىن ھېچقانداق خەت ـ خەۋەر بولمىغان. مىراجىخاننىڭ ئانىسى ئاق كۆڭۈل دېھقان ئايالى بولۇپ، كۈن بويى قىزىنى ئويلاپ، قىزىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي، غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن. بالا دەردىدىن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان. ئۇ قىزىنىڭ دەردىدە، ئازابلىق، ھەسرەتلىك كۈنلىرىنى ناخشا ـ قوشاقلارغا قوشۇپ، ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بەرگەن. زۇلمەتلىك، قاراڭغۇ جەمئىيەتنىڭ تەڭسىز ـ ئادالەتسىزلىككە نارازى بولۇپ، غەزىپىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئاخىرىدا قىزىنى تاپالماي، دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. مىراجىخاننىڭ ئانىسى ئېيتقان بۇ ناخشا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇن ۋە قايغۇلۇقلىرى كۇچى ئارقىلىق كۇچادىكى ھەر تەبىقە كىشىلىرى قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن. بۇ قوشاق نىساخان ئانىنىڭ ئاھاڭ ئىشلىشى ۋە سەھنىدە ئورۇندىشى بىلەن بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

«مىراجىخان ھەققىدە قوشاق» — ھەم تارىخىي قوشاق، ھەم تارىخىي ناخشا بولۇش سۈپىتى بىلەن، كونا جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي، ياساملىقتىن، دەبدەبىلىكتىن خالىي بولغان قەلب دۇنياسىنى ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكى ھەققىدىكى ئوي – پىكىرلىرىنى ئىپادىلىگەن، ئۇ توي ـ مەرىكە، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئېيتىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۆتىدىغان ئەڭ ئاكتىۋال مەزمۇندىكى قوشاقلاردۇر.

ئۆزۈڭ ئۇندا بارامسەن؟
مېنى مۇندا قويامسەن؟
يۈرەكىم چاكى ـ چاك بولدى،
كېلەي دەيمۇ قويمايسەن؟
ۋاي بالام مىراجىخان.

ئارقىدا قىمار ئويناپ،
سەيپۇڭ قارىينى مەن ئۇتۇپ.
مىراجىخان دەردىدە،
پارە ـ پارە قان يۇتۇپ،
ۋاي بالام مىراجىخان.

سېرىق قۇشقاچ بولۇپ سايراپ،
چىمەنىنىڭ① يولىغا قاراپ.
قارا كۆزۈم ئەسىر بولدى،
سېنىڭ يولۇڭغا مەن قاراپ.
ۋاي بالام مىراجىخان.

*　　　　*　　　　*

سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك،②
يۈزۈڭگە خال ياراشىپتۇ.
سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىپتۇ.

قاشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ؟
سىياقىڭ قىلدى ۋەيرانە.
جاھاننى ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە.

① كۇچادىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى.
② كېيىنكى مەزگىللەردە خەلق ناخشىچىلىرى ئاخىرقى كۇپلېتلارنى قوشۇپ ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ مۇڭ ـ زارىنى ئىپادىلىگەن.

# 16 ـ باب
## زەيتۇنخان ھەققىدە قوشاق

«زەيتۇنخان ھەققىدە قوشاق» ـــ نازىركوم بىلەن چېتىلىشىپ كېتىدىغان قوشاقلارنىڭ بىرى.
نازىركوم ـــ تۇرپان خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بىر تارىخىي قوشاق بولۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل شەكلىدە ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.
بۇ قوشاقتا زەيتۇنخان ئىسىملىك بىر چىرايلىق، ئىشچان قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش يولىدا نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ چەككەن جاپا ـ جەبىرلىرى سۈرەتلەنگەن بولۇپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

زەيتۇنخاننىڭ قولىدا،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بار.
بۇنداق يارنى تاپقاندا،
مۇنداق جانغا نېمىش بار؟

زەيتۇنخاننىڭ چىرايلىق،
باغ ئىچىدە ئۆيى بار.
ئاشۇ باغدا قىپقىزىل،
ئېچىلدۇرغان گۈلى بار.

ئاللا زەيتۇنخان،
قارا كۆز زەيتۇنخان.
ئاللا سېنىڭ دەردىڭدە،
ئاز قالدى بۇ جان.

ساي ـ سايلاردا ياتامدۇ،
ساي كېپىكنىڭ بالىسى؟
ئاناسىغا ئوخشامدۇ،
كۆزلىرىنىڭ قارىسى؟

بىزنىڭ ھويلا تېرەكلىك،
ئىمارەتكە كېرەكلىك.
ئويناۋېرىڭ ئۈكىجان،
بىز بار يەردە يۈرەكلىك.

شالدىر ـ شاخدا ئۆيۈم بار،
زەيتۇنخانغا كۆيۈم بار.
ئالاي دېسەم پۇلۇم يوق،
ئالماي دېسەم مەيلىم بار.

ۋاي ـ ۋاي نازىركوم،
ئالتە كەپتەر، يەتتە بولدى.
يەتتە كەپتەر، سەككىز بولدى،
سەككىز كەپتەر، توققۇز بولدى.
توققۇز كەپتەر، ئوتتۇز بولدى.
ئوتتۇز كەپتەر، ئاتمىش بولدى،
ئاتمىش كەپتەر، يەتمىش بولدى،
يەتمىش كەپتەر، سەكسەن بولدى،
سەكسەن كەپتەر، توقسان بولدى.
توقسان كەپتەر يۈز بولدى.
قوندى تېرەككە،
يۈگۈرۈشلار، يېتىشىشلار،
شەلپەر كۆڭلەككە.
شەلپەر كۆڭلەك كىر بوپ قالسا،
يۇيسا بولمامدۇ؟
بەش تەڭگىلىك سوپۇن ئېلىپ،
سۈرسە بولمامدۇ؟

ۋاي ـ ۋاي نازىركوم،
داۋانچىڭغا تاۋۇز تېرىدىم،
پېلەكلىرى تۈز.
ھەرخىل ـ ياڭزا تاۋۇز چۈشتى،
ئۆزۈڭ تاللاپ ئۈز.
سەن يار ئۈچۈن تاياق يېدىم،
بىر مىڭ ئالتە يۈز.
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن،
جانىم قارا كۆز.
باراي دېسەم بارماڭ دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ،
سەكسەن قامچا يېگەن بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.

سەكسەن قامچا يېگەن بىلەن،
توزۇپ كەتمەسمىز.
ياش ۋاقتىدا تۇتقان يارنى،
قويۇپ كەتمەسمىز.

ۋاي ـ ۋاي نازىركوم،
جاققا ـ جۇمبۇر جاق،
ئەسكى لىڭگىرچاق.
زەيتۇنخاننى بەرمىسە،
پەنجىرىنى چاق.
ئالالمادى ھا ـ ھا ...
ئالالمادى ھا .....

## 17 ـ باب
## زېمىن قوشىقى

«زېمىن قوشىقى» ــــ تۇرپان خەلقى ئارىسىدا ناخشا سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، كەڭ تارقالغان تارىخىي قوشاقلارنىڭ بىرى. ئۇ يەنە «ئايىسخان ھەققىدە قوشاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپاننىڭ چىگەبۇلاق، قاراغوجا دائىرىسىدە زايىت ئىسىملىك بىر چوڭ باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مالايلىرى ئىچىدە ھەسەن، ھۈسەن ئىسىملىك قوشكېزەك ئىككى مالاي بار ئىـكەن، ھۈسەن تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن، ئىشچان، خۇشخۇي يىگىت بولۇپ، دۇتار، نەي چېلىشقا ئۇستا ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا ئەل ئارىسىدا ئىناۋىتى بار ئىكەن. زايىت باينىڭ ئايىسخان ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىزى بولۇپ، مەدىكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ھۈسەننى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ئىش باينىڭ قۇلىقىـغا يەتكەندىن كېيىن، باي قىزىنى ئۇرۇپ، تىللاپ، قاراڭغۇ ئۆيگە نەزەربەند قىلىپ قويۇپ، سىرتقا چىقارـمايدىغان بوپتۇ. ئايىسخان باشقا مالايلار ئارقىلىق ھۈسەن بىلەن قېچىپ كېتىش پىلانىنى تۈزۈپ، قىش سوغۇقى جاندىن ئۆتىدىغان بىر كېچىسى ئۆيدىن غايىب بوپتۇ. ئۇلار تۇرپاننىڭ جەنۇبىدىكى چۆلتاغقا كىرگەندە، ئېگىز داۋاندىن ئۆتەلمەي، بىرنەچچە كۈن يېتىپ قاپتۇ ۋە ئاچلىق، سوغۇقنىڭ دەردىنى تارـتىپ، ناھايىتى قىينىلىپتۇ... ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئۇلارنى زايىت باينىڭ 10 نەچچە چاپارمىنى تۇتۇپ ئەـكەپتۇ ۋە زايىت باي قىزىنى ئۆيگە سولىۋاپتۇ، يىگىتنى ئۇرۇپ، چۆل ـ باياۋانغا تاشلاپ قويۇپتۇ. لېكىن، ھۈسەن ئۆلمەي يۇرتقا قايتىپ كەپتۇ. باي شۇ ئارىدا قىزىنى باشقا بىرىگە ئەرگە بېرىپتۇ. ئايىسخان بۇ ئەرنىڭ ئۆيىگە بارغان كۈنى ئاخشىمى ھويلىدىكى بىر قۇدۇقنى كۆرۈپ: «ئاھ، زېمىن، مېنى قوينۇڭغا ئېـلىپ يۇتۇۋەتمەمسەن؟» دەپ نالە قىلىپ يىغلاپ، ئۆزىنى قۇدۇققا ئېتىپ ئۆلۈۋاپتۇ. سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان ھۈسەن، ئايىسخاننىڭ بۇ ۋاپادارلىق ئىش ئىزلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، تەسىرلىنىپ بۇ قوشاقنى توقۇغانىكەن.

«زېمىن قوشىقى» ــــ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ ئەركىن مۇھەببەت يولىدا تارتقان ئېغىر كەچۈرمىشلىرىنى ئىپادىلىگەن، زېمىن كەڭ، جاھان تار بولغانلىقىنى سۆككەن. بۇ قوشاقلار ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئايىسخان بىلەن ھۈسەننىڭ چۆلتاغ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئېيتقان قوشىقى:

بۇ يەر ـ زېمىن، كەڭ زېمىن،
زېمىن كەڭرى، جاھان تار.
تار جاھاننىڭ دەستىدىن،
كۆپ دەرد تارتتۇق ئەجەبا؟

بۇ يەر ـ زېمىن، كەڭ زېمىن،
زېمىن كەڭرى، جاھان تار.

زالىملارنىڭ دەستىدىن،
هايۋان ئەزىز، ئادەم خار.

مۇراد– مەقسەتكە يېتەلمەي،
باستى باشنى چوڭ تۇمان.
يىغلىساق دۈشمەن تولا،
ئىچىگە توشتى دەرد ـ پىغان.

تاغدا سوغۇق چاقىدۇ،
قارلار قانات قاقىدۇ.
جان ئالغۇچە ئەزرائىل،
بىزنى خۇدا باقىدۇ.

تاغلار بولسا مەسچىتتۇر،
سايىسىدۇر جايناماز.
بۇ يەرلەردە موللا يوق،
كېتەرمىزمۇ بىناماز؟

زايىت باي ئايسخاننى ئۆيگە نەزەربەند قىلىپ قويۇپ سىرتقا چىقارمىغان كۈنلەردە ھەۋەسنىڭ ئېيتقان قوشقى:

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

يارىمنىڭ ئېتى ئايسە،
تالا ـ تۈزگە چىقمايسەن،
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
بىر قاراپمۇ قويمايسەن.

يار بار چاغدا ياخشىتۇق،
يار كېتىپ يامان بولدۇق،
يار دەردى يامان ئىكەن،
سارغىيىپ سامان بولدۇق.